
# باغلاندم ساڭا



# باغلاندىم ساڭا

ۋالتېر تروبىش

# 1

ئايروپىلان يەر يۈزىگە بارغانسېرى يېقىنلىشىپ، ئايروپىلانىنىڭ ئۈچۈش ۋە چۈشۈش يولى ئېنىق كۆرۈندى. ئارقىدىنلا ئايروپىلانىنىڭ چاقلىرى بىرئاز سىلكىنىپ يەرگە تەگدى. ئايروپىلان ماتورلىرىنىڭ قاتتىق گۈركىرىشى پەسىيىپ، ئايروپىلان ئايرودروم بىناسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. مەن بىخەتەرلىك بەلبېغىنى يېشىۋېتىپ، پەلتويۈمنى بىلىكىمگە ئېسىپ، چامادىنىمنى كۆتەرگىنىمچە ئارقا تەرەپتىكى چىقىش ئىشىكىگە قاراپ ماڭدىم.

ئافرىقىلىق كۈتكۈچىلەر: «خەير خوش ئەپەندىم، سەپىرىڭىز خەيرلىك بولسۇن.» دەپ كۈلۈمسىرەپ ئۇزىتىپ قويدى.

مەن ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپ، ئايروپىلانىنىڭ چۈشۈش شوتىسىنىڭ تار پەلەمپەيلىرىنى مەزمۇت قەدەملەر بىلەن دەسسەپ پەسكە چۈشتۈم. يۈزۈمگە سالقىن شامال ئۇرۇلدى. قۇياش نۇرىدىن كۆزلىرىم قاماشقان ھالدا، ئايرودروم بىناسىغا قاراپ كېتىۋاتقان يولۇچىلار ئارىسىغا قېتىلدىم.

بىر ياش قىز ئايروپىلان بىلەن بىنا ئارىلىقىدا خۇددى مەلۇم بىر كىشىنى ئىزدەۋاتقاندەك يولۇچىلارغا سىنچىلاپ قاراۋاتاتتى. كۈتكۈچىلەر كىيىمىنى كىيىۋالغان بۇ قىز بىردىنلا ماڭا قاراپ كەلدى ۋە ئىسمىمنى چاقىردى.

— مېنى قانداق تونۇيسىز؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— كىتابلىرىڭىزنىڭ بىرىنىڭ كەينى مۇقاۋىسىدا رەسىمىڭىزنى

كۆرگەندىم. مېنىڭ ئىسمىم مەريەم، سىزگە بىر پارچە سالام خەت يازغاندىم.

زېھنىمنى يىغىپ ئويلىنىپ، ئۆز-ئۆزۈمگە مەريەم دېگەن ئىسمنى تەكرارلىدىم.

— سىزگە جاۋاب يازغانمىدىم؟

— شۇنداق، توي قىلىشقا پۈتۈشكەندىن كېيىن بۇزۇلغان توي، توي قىلىپ بولۇپ ئاجرىشىپ كەتكەندىن ياخشى دېگەندىڭىز.

سالام خەت يازغانلىقىم ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. چامادىنىمنى يەرگە قويۇپ مەريەمگە قارىدىم. قاش-كۆزى چىرايلىق، قوي كۆزلۈك، پاكار بويلۇق بۇ قىزنىڭ ئۇزۇن قارا چاچلىرى مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى.

— مۇھەببەتلەشكەن يىگىتىڭىزگە بولغان مۇھەببىتىڭىزنىڭ نىكاھلىنىشقا دېگەندەك چوڭقۇر ئەمەسلىكىدىن ئەندىشە قىلىدىغانلىقىڭىز توغرىلىق يېزىپتىكەنسىز، — دېدىم كۈلۈمسىرىگەن ھالدا.

— سىزمۇ ماڭا، ھېسسىياتلىرىمنى تىڭشاپ كۆرۈشۈمنى، قىزلارنىڭ بۇنداق نەرسىلەرنى ئەرلەردىن بالدۇر ھېس قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندىڭىز.

ئەمدى ئەھۋالنى تولۇق ئېسىمگە ئالغاندىم. مەريەم مۇھەببەتلەشكەن يىگىتىدىن بىر ياش چوڭ، ئۇنىڭدىن تۆت يىل ئارتۇق ئوقۇغان ۋە مائاشىمۇ ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئىدى. ئۇنى بىئارام قىلغان نەرسە مانا شۇ ئىدى.

مەريەم: — لېكىن ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايمەن. ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ، مەنمۇ بىر جەھەتتىن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. بەزىدە ئۇنىڭغا قارىتا قانداق ھېس-تۇيغۇدا بولىدىغانلىقىمنىمۇ بىلمەيمەن.

— بولىدۇ مەريەم، بۇ يەردە سۆزلەشمەيلى، پاسپورتۇمنى تەكشۈرتكەچ سۆزلەششەك قانداق؟

ئۇ چامادىنىمنىڭ تاسمىسىدىن بىرىنى تۇتتى، مەن يەنە بىر تاسمىنى ئوڭ قولۇمدا، خەت-چەكلەر سېلىنغان سومكامنى سول قولۇمدا تۇتتۇم، ئاندىن بىز بىناغا قاراپ ماڭدۇق.

ــ كەچۈرۈڭ، ــ دېدى ئۇ، ــ سىز بىلەن سۆزلەشمەكچىمەن. ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىمىزنىڭ رەھبىرى سىزنىڭ بۇ يەردە تۆت كۈن تۇرىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتقانىدى. باشقىلاردىن بۇرۇن سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدۇم. ئايرودرومدا ئىشلەيدىغانلىقىم ئۈچۈن ئالدىڭىزغا چىقىپ تۇردۇم.

ــ دانىيەل ئەپەندىنىڭ رىياسەتچىلىكىدىكى ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىدىمۇسىز؟

ــ شۇنداق، ئۇمۇ سىزنىڭ ئالدىڭىزغا چىقتى. تاموژنىدىن ئۆتكەندىن كېيىن كۆرۈشىسىلەر.

پاسپورت تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئۆچىرەتتە تۇرغىنىمدا مەريەمنىڭ يەنە سۆزلەشكۈسى بارلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇ ئېغىز ئاچالماي تۇراتتى، ئۇنى ئوڭايسىزلاندۇرۇشنى خالىمىدىم.

ــ مەريەم، سىزنىڭ بۇ ياشنى تېخى ياخشى چۈشەنمەي تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن ئالدىراپ توي قىلىشقا پۈتۈشكەنلىكىڭىزدىن ھەيرانمەن.

ــ بىزنىڭ يۇرتتا توي قىلىشقا پۈتۈشمەي تۇرۇپ، بىر ئەر بىلەن سۆزلىشىش ۋە سەيلىگە چىقىش ئادىتى يوق. ئۇنداق قىلماي تۇرۇپ بىر ئەر بىلەن مۇھەببەتلىشەلمەيمىز. كىتابىڭىزدا بىر-بىرىنى ياخشى چۈشەنمەي تۇرۇپ، توي قىلىشقا پۈتۈشمەسلىك كېرەك دەپسىز، لېكىن بىز توي قىلىشقا پۈتۈشمەي تۇرۇپ، ئۆزئارا چۈشىنىشەلمەيمىز.

پاسپورت تەكشۈرتۈش نۆۋىتى ماڭا كەلگەنىدى.

ــ ساياھەتچىمۇ سىز؟ ــ دەپ سورىدى تەكشۈرگۈچى خادىم.

ــ بۇ يەردىكى بىر ئىبادەتخانىدا لېكسىيە سۆزلىگىلى كەلدىم.

ــ قايسى مەسىلە توغرىلىق؟

ــ نىكاھ مەسىلىسى توغرىلىق.

ئۇ ماڭا قاراپ-قاراپ قويدى ۋە ئارتۇقچە گەپ سورىماي پاسپورتۇمغا تامغا باستى.

مەريەم بىلەن ئىككىمىز تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن چامادانلارنى ئالىدىغان يەرگە قاراپ ماڭدۇق.

— ئەگەر ئۇنى تاشلىۋەتسەم ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتتى.
— ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالىدۇ دېدىڭىزمۇ؟ راستىن شۇنداق قىلارمۇ؟
— بىلمەيمەن، لېكىن شۇنداق قىلامدىكىن، دەپ قورقىمەن.
— ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشسەم ياخشى بولاتتى.
— شۇنداق، ئۇمۇ بۈگۈن ئاخشام ئىبادەتخانىغا كېلىدۇ.
— ئۇنداقتا لېكسىيە ئاياغلاشقاندىن كېيىن مېنى ئۇنىڭ بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويۇڭ.
— رەھمەت سىزگە، — دېدى ئۇ خۇشال بولغان ھالدا، — كۆپ رەھمەت.
تەلەپپۇزىدىن ئۇنىڭ، ئۇزۇندىن بېرى توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ قويغان يىگىتى بىلەن مېنى كۆرۈشتۈرۈش ئارزۇسىدا ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.
چامادىنىم تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. مەريەم تاموژنا خادىمى بىلەن ئانا تىلىدا سۆزلەشتى. تاموژنا خادىمى ئۆتۈپ كېتىشىمىزنى ئىشارەت قىلدى. ئاندىن بىز كۈتۈش ئۆيىگە كىردۇق.
دانىيەل ئەپەندى ماڭا قاراپ كەلدى ۋە ئافرىقىلىقلارغا خاس بىر خىل كۆرۈشۈش ئادىتى بويىچە ئىككى بىلىكىنى كېرىپ مېنى قۇچاقلىدى.
— خۇش كەپسىز.
— رەھمەت سىزگە، ئاخىرى كەلدىم، — دەپ سومكامنى يەرگە قويدۇم.
— كەلگىنىڭىزگە ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم، سىزنى ئايالىم ئەستەر بىلەن تونۇشتۇراي.
ئۇ مېنى كەينىدە تۇرغان ئېگىز بويلۇق، چىرايىدىن زېرەكلىكى چىقىپ تۇرغان، ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى بىر ئايال بىلەن كۆرۈشتۈردى. ئەستەر گۈللىرى قارا توق يېشىل رەڭ كۆينەك كىيگەن، بېشىغا سېرىق شارپا ئارتقان، سول قولىدا بوۋاق كۆتۈرۈپ، ئوڭ قولىدا ئۈچ ياشلىق بىر ئوغۇل بالىنى يېتىلىۋالغانىدى. ئۇ بالىنى قويۇۋېتىپ، تارتىنچاق كۆزلىرىنى يەرگە تىكىپ ماڭا غەربلىكلەرچە قول ئۇزاتتى.
— يۇرتىمىزغا خۇش كەپسىز، — دېدى ئۇ.

كىچىك ئوغۇل ماڭا يېتىرقاپ قارايتتى، مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئىڭشىكىنىمدە، ئۇ ئاپىسىنىڭ ئېتىكىنى ئىككى قولى بىلەن تۇتقىنىچە ئاپىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى.

— ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا مەريەم بىلەن كۆرۈشكىنىڭىزگە قارىغاندا بۇرۇن تونۇشاتتىڭلارمۇ؟

— تونۇشمايتتۇق، لېكىن سالام خەت ئارقىلىق تونۇشقاندۇق، ئۇياق مېنى كىتابىمنىڭ كەينى مۇقاۋىسىدىكى رەسىمىدىن تونۇۋاپتۇ.

مەريەم قانداقتۇ ئوڭايسىزلىنىۋاتاتتى. ئۇ ئىشقا بېرىشى لازىملىقى ۋە كەچتە ئىبادەتخانىغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ رۇخسەت سوراپ كېتىپ قالدى.

بىز كۈتۈش زالىدىن چىقىپ دانىيەلنىڭ ماشىنىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. دانىيەلنىڭ ئايالى ئىككى بالىسى بىلەن ماشىنىنىڭ كەينىدە ئولتۇردى. مەن ئالدىدا، دانىيەلنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم.

— كۆرۈشمىگىنىمىزگە قانچە يىل بولدى، دانىيەل؟ — دەپ سورىدىم.

— توپتوغرا ئىككى يىل.

دانىيەل بىلەن ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكى باشلىقلىرىنىڭ خەلقئارالىق يىغىنىدا بىرلا قېتىم ئۇچراشقاندۇق. ئۇ چاغدا، ئۇ مېنى يۇرتىغا كېلىپ ئۆز ئىبادەتخانىسىدا لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلغانىدى. مانا شۇنىڭدىن بېرى ئۇنىڭ تەكلىپىنى بەجا كەلتۈرۈش پۇرسىتىنى تاپالماي يۈرەتتىم.

بىر ھازا جىمجىت ماڭغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا كۆڭلۈمدە ئويلىغانلىرىمنى ئېيتتىم:

— بۈگۈن ئاخشام ئۆزۈمدىن ئەنسىرەۋاتىمەن دانىيەل، ئۆزۈمنى پۈتۈنلەي تەييارلىقسىزدەك ھېس قىلىۋاتىمەن. بۇ يۇرتنىڭ جامائىتىگە لېكسىيە سۆزلەشتىن ئىلگىرى ئۇلار بىلەن بىرئاز تونۇشۇۋالسام بولاتتى.

— ئاران تۆت كۈنلا تۇرىدىكەنسىز، شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈن ئاخشام باشلىشىمىز كېرەك.

— مەنمۇ شۇنداق دەپ قارايمەن، بىراق،...

— شەھىرىمىزگە تۇنجى نۆۋەت كېلىشىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.
— ئەپسۇس، شۇنداق. ئافرىقىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا بولدۇم، لېكىن سىلەرنىڭ يۇرتقا كېلىپ باقماپتىكەنمەن. ئۆرپ-ئادەتلىرىڭلاردىن بىرئاز خەۋىرىم بار، لېكىن ئالاھىدە مەسىلىلىرىڭلار ھەققىدە ئارتۇقچە بىر نەرسە بىلمەيمەن.
— بۇنىڭدىن ئانچە غەم قىلىپ كەتمەڭ، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، — ياشلىرىمىز لېكسىيەلىرىڭىزنى زور قىزىقىش بىلەن كۈتمەكتە.
— ياشانغانلارچۇ؟
— ئۇلار بىرئاز قارشى چىقىشى مۇمكىن. ئۇلار ئەر-خوتۇنچىلىق مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇنازىرىلەر ئىبادەتخانىدا بولماسلىقى كېرەك دەپ قارايدۇ، بولۇپمۇ جىنسىيەت مەسىلىسىنى تىلغا ئېلىشنى مەنئى قىلىدۇ. ئېھتىمال پۈتۈن ئافرىقا ئەللىرىدە شۇنداق بولسا كېرەك. ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا بۇ مەسىلىگە قانداق قارايدۇ؟
— ئاساسەن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. ئېتىقادچىلار جىنسىيەت ھەققىدە سۆزلەشتىن نومۇس قىلىدۇ. بۇ ھەقتە سۆزلىشىدىغانلارنىڭ كۆپچىلىكى ئېتىقادچى ئەمەس.
— ھەر ھالدا بىرىنچى دەرسىڭىزدە جىنسىيەت مەسىلىسىنى تىلغا ئالماڭ ۋە مۇمكىنقەدەر ئاددىي سۆزلەشكە تىرىشىڭ. ئابستراكتلاشتۇرۇشتىن ساقلىنىڭ، چۈشەنچىلەر ئاددىي بولسۇن، ئەينەن تەرجىمە قىلىشىم ئۈچۈن قىسقا جۈملىلەر بىلەن سۆزلەڭ.
— شۇنداق قىلىشقا تىرىشىمەن، ئىبادەتخانىدا قارا تاختا بارمۇ؟
— تېپىلىدۇ.
شۇ تاپتا بىز شەھەر ئىچىگە كېلىپ قالغانىدۇق. ئادەملىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا بۇ شەھەر ياۋروپا ياكى ئامېرىكا شەھەرلىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى. پىيادىلەر يولى، ئالا-يېشىل چىراقلار، بانكىلار، سۇغۇرتا شىركەتلىرى، مېھمانخانىلار، ئاشخانىلار، ساياھەت ئىشلىرى ۋەكالەتخانىلىرىنىڭ ئېگىز بىنالىرى ۋە زىچ قاتناش تورلىرى ئوپ-

ئوخشاش ئىدى.

— ئائىلىڭىزدىكىلەر ياخشى تۇرغاندۇ؟ — دەپ سورىدى ئەستەر.

— ئۇلارنى سورىغانلىقىڭىزغا رەھمەت، ناھايىتى ياخشى.

— قانچە پەرزەنتىڭىز بار؟

— بەش، بىراق سىزنىڭكىدىن بىرئاز چوڭ.

— ئالغاچ كەلسىڭىزچۇ.

— ئۇلارمۇ مەن بىلەن بىللە كېلىشنى خالايتتى. ئۇلارنىڭ تۆتى ئافرىقىدا تۇغۇلغان. ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇشۇ يەرلىك دەپ قارايدۇ.

— ئايالىڭىز كېلەمدۇ؟

— مۇشۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرى كېلىپ قالار.

— كەلسە بەك ياخشى بولاتتى.

ئايالىم بۈگۈن كەچتە يېنىمدا بولغان بولسا، ئىشلارنىڭ تېخىمۇ ئاسان بولىدىغانلىقىنى ئويلىدىم. ھېچ بولمىغاندا بىۋاستە سۆزلىشەلىسەكچۇ كاشكى. بۇنى ئويلىغانسېرى يالغۇزلۇق ھېس قىلدىم.

— سىزنى ئۆيىمىزگە چۈشۈرسەك ياخشى بولاتتى، — دەپ ئىزاھلاشقا باشلىدى دانىيەل، — بىراق ئۆيىمىزدە ھەمىشە مېھمانلار ئۈزۈلمىگەچكە ئانچە تىنچ ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ ئالدىمىزدا سىز بىلەن سۆزلىششنى خالىمايدىغانلار بولۇشى مۇمكىن.

— سىلەرنىڭكىگە چۈشسەم ياخشى بولاتتى، لېكىن مەن چۈشىنىمەن، — دېدىم جاۋابەن.

— بۈگۈن كەچلىك تاماقتا بىللە بولساق قانداق؟ — دەپ سورىدى ئەستەر.

— تەكلىپىڭىزگە رەھمەت، ۋاقىت يەتشمەمدىكىن مەن تېخى قىشلىق كىيىملىرىمنى يەشمىدىم، ياتاقتا بېرىپ كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇشۇم كېرەك.

— بۇرۇنراق بىلسەم بوپتىكەن. دانىيەل ماڭا ھەمىشە ئۆيگە مېھمان باشلاپ كېلىدىغانلىقىنى ئالدىن ئۇقتۇرۇپ قويمايدۇ. ئۆزىنىڭمۇ تاماققا كېلىش-كەلمەسلىكى زادى ئېنىق ئەمەس!

ماشىنىدا بىر ھازا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.

بىز بىر مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق. دانىيەل ئىككىمىز مېھمانخانىغا كىردۇق. ئەستەر باللار بىلەن ماشىنىدا قالدى. ياتاقتا تىزىملاتقىنىمىزدىن كېيىن، دانىيەل مېنى ياتىقىمغىچە بىللە ئېلىپ كىردى. ياتاق تېلېفون، كارۋات، ئۈستەل بار رەتلىك يالغۇز كىشىلىك ئۆي بولۇپ، دېرىزە تەرەپتىكى مېھمان كۈتۈش ئۆيىگە لۆم-لۆم ئورۇندۇق ۋە شىرەلەر قويۇلغانىدى. ياتاقنىڭ ھاۋاسى كىشىگە ھۇزۇر بېرەتتى.

— ئەپسۇسكى، سىزنى ئىبادەتخانىغا مەن ئېلىپ بارالمايمەن، — دېدى دانىيەل، — لېكىن ئەزالىرىمىزدىن بىرىنى ئەۋەتىمەن، سىزنى شۇ كىشى ئېلىپ بارىدۇ.

— قايتمىسىڭىز بولاتتى دانىيەل، بۈگۈن ئاخشامقى لېكسىيەم ئۈچۈن ئاز-تولا ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىشىڭىزگە موھتاجمەن.

دانىيەل بىر ھازا كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ماڭا تىكىلىپ قاراپ:

— خۇدا ياردەم بەرگەي، ئۇ سىزگە نېمە بەرگەن بولسا، سىزمۇ بىزگە شۇنى سۆزلەپ بېرەرسىز، — دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

دانىيەلنىڭ ياخشى بىر خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچى ئىكەنلىكىنى ئويلىدىم. ئۇنىڭ جامائىتىگە ئۇ ھازىر ماڭا ياردەم قىلغىنىچىلىك ياردەم بېرەلىسەمچۇ كاشكى. دېرىزىنىڭ سىرتىغا قارىدىم. ياتىقىم تۆتىنچى قەۋەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن قوشنا بىنالارنىڭ تاملىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلارنى ئېگىزدىن، ئايروپىلاندا كۆرگەنىدىم. مانا ئەمدى يېقىندىن كۆرۈۋاتىمەن. ئۆزۈمنىڭ بۇ تاملاردىن بىرىنىڭ ئىچىدە ئىكەنلىكىمنى، ئۈستىدە ئەمەس ئاستىدا ئىكەنلىكىمنى ئويلىدىم. كېيىن يۇيۇنۇپ كىيىملىرىمنى ئالماشتۇردۇم. ئاندىن سومكامدىن بىرىنچى لېكسىيە بىلەن مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرنى ئېلىپ ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويدۇم.

ئوقۇشقا باشلىدىم، لېكىن خاتىرىلىرىم ماڭا بىر نەرسىنى ئىپادىلەپ

بېرەلمىدى. بىردىن تېلېفون جىرىڭلىدى. تېلېفون مېھمانخانىنىڭ باش ئاپپاراتىدىن كەلگەنىدى «كەچۈرسىز، سىزنى بىر كىشى چاقىرىدۇ»، دېدى.

تېلېفۇندا بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— گېزىتتىن بۈگۈن ئاخشام نىكاھ مەسىلىسى ھەققىدە سۆزلەيدىغانلىقىڭىزنى ئوقۇدۇم. شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— سىزدىن بىر سوئال سورىماقچىمەن. بىر ئايالنىڭ ئېرىدىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىشى ھەرقانداق چاغدا خاتا بولامدۇ؟ — دېدى ئۇ.

بۇ قانداق سوئالدۇ؟ — دەپ ئويلىدىم. ئاندىن ئۇياقتىن ئېرىدىن نېمىشقا ئاجراشماقچى بولغانلىقىنى سورىدىم.

— مەن بىلەن نىكاھلىنىشنى خالىمايدۇ.

— ئېرىم دېگەنىدىڭىزغۇ؟

— بىللە تۇرىمىز. ئۇ ماڭا: «مەن بىلەن بىللە تۇرساڭ نىكاھ دېگەن شۇ» دەيدۇ. لېكىن تېخى رەسمىي نىكاھلاشمىدۇق. ئۇ رەسمىي نىكاھلىنىشىمىزغا ھەمىشە ۋەدە بېرىدۇ، لېكىن مانا، ئەنە دەپ كەينىگە سۈرىدۇ. دېمەك، ئۆزۈمنى تۇرمۇشلۇق دېسەممۇ بولىدۇ، بويتاق دېسەممۇ بولىدۇ. خالتا كوچىغا كىرىپ قالدىم.

— قاچاندىن بېرى بىللە تۇرۇۋاتىسلەر؟

— بىر يىلدىن ئاشتى.

— بالاڭلار بارمۇ؟

— يوق، بالا تېپىشنى خالىمايدۇ.

بۇنىڭدىن كېيىن چىقىدىغان ئاقىۋەتلەرنى مۆلچەرلىدىم.

— ماڭا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدۇ، — دېدى ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئوقۇش راسخوتىمنى تۆلەيدۇ، ئەتىگەنلىكى مەكتەپكە ئاپىرىپ قويىدۇ، ئاخشىمى ئېلىپ كېلىدۇ.

— مەكتەپكە ئاپىرىپ قويىدۇ، دېدىڭىزمۇ؟ قانچە ياشقا كىردىڭىز؟

— يىگىرمە ئىككىگە، ئائىلەمنىڭ مېنى ئوقۇتۇش ئىمكانىيىتى

يوق ئىدى، ھازىر ئوقۇشنى تولۇقلاۋاتىمەن.
— ئاتا-ئانىڭىز قەيەردە تۇرىدۇ؟
— بۇ يەردىن يۈز كىلومېتىرچە يىراقلىقتىكى بىر كىچىك يېزىدا.
— ئائىلىڭىزگە قايتىپ كېتىپ، ھەقىقىي ئىگىلىق بولۇش شەرت-شارائىتى پىشىپ يېتىلگىچە قايتىپ كەلمىسىڭىز بولمامدۇ؟
— ئۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇشقا باشلىغىنىمدىن تارتىپ ئائىلەم مېنى ئۆيدىن چىقىرىۋەتكەن. ئۇلار مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشۇمغا قوشۇلمايدۇ.
— نېمە سەۋەبتىن؟
— ئۇ ياۋروپالىق بولغانلىقى ئۈچۈن.
بۇ ئىزاھات نۇرغۇن ئىشلارنى ئاشكارىلىدى — پۇلى بار، بالا تاپقۇسى يوق، يەنە ئەركىن مۇھەببەتلىششنى خالايدۇ.
— ھەقىقەتەن قىيىن ئەھۋالدا ئىكەنسىز. مېھمانخانىغا كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشەلەمسىز؟
— ياق، ئۇ رۇخسەت قىلمايدۇ. يالغۇز سىرتقا چىقىشىمغا زادى رۇخسەت قىلمايدۇ.
— بىللە كەلسەڭلارچۇ!
— قەتئىي بارمايدۇ، — دەپ كۈلدى ئۇ.
— بۈگۈن ئاخشامقى لېكسىيەمىزگە كېلەلەمسىز؟
— بۈگۈن ئاخشام دەرسىم بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ مېنىڭ ھەرقانداق ئىبادەتخانىغا بېرىشىمنى خالىمايدۇ.
— شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرىنى قانداق ئۆتكۈزىسىز؟
— ئۆيدە ئولتۇرىمەن. ئۇ سىرتقا چىقىپ كەتكەندە ئىشىكنى قۇلۇپلاپ كېتىدۇ.
— ئۆزى نەگە بارىدۇ؟
— بىلمەيمەن، زادى ئېيتمايدۇ.
نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قالغاندىم. ئۇ يەنە سورىدى:
— قانداق قىلىشىم كېرەك؟

بۇ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بىر كونا مەسىلە ئىدى.

— بىلمەيمەن، راستىنلا بىلەلمىدىم، — دېدىم.

— ئۇنداقتا ماڭا دۇئا قىلىپ قويامسىز؟

— دۇئا دېدىڭىزمۇ؟ ئېتىقادچىمۇسىز؟

بۇ سوئالنى سوراپ بولۇپلا پۇشايمان قىلىپ قالدىم.

— ياق، ئاتا-ئانام مۇسۇلمان، لېكىن يېزىدا باشقا مەكتەپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىنجىل مەكتىپىدە ئوقۇغانىدىم.

تېلېفوندا دۇئا قىلىش بۇياقتا تۇرسۇن، زادى كۆرۈشمىگەن بىرىگە قانداقمۇ دۇئا قىلىشىم مۇمكىن؟

كېيىن، نېمىشقا بولمايدىكەن، دەپ ئويلىدىم. ئۇنى كۆرۈش-كۆرمەسلىك، تونۇش-تونۇماسلىق شۇنچە مۇھىممىدى؟ خۇدا مېنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى ۋە تونۇغانلىقىدەك، ئۇنىمۇ كۆرۈپ تۇرىدىغۇ ۋە تونۇيدىغۇ؟ ئەگەر بۇ مېھمانخانىدا، ياتىقىمدا كۆرۈشەلمىسەك، خۇدا ئالدىدا كۆرۈشەلمەمدۇق؟

شۇنداق قىلىپ دۇئا قىلدىم. ئۇنىڭغا بىرەر ھەل قىلىش يولىنى تاپالمىغانلىقىمنى ئېيتىپ، خۇدادىن يول كۆرسىتىشنى ئۆتۈندۈم ۋە ئامىن دەپ تۇرۇپكىنى قويىۋەتتىم.

ياتاقنىڭ جىمجىتلىقىدىن زېرىككەنىدىم. كۆزۈم ئۈستەل ئۈستىدىكى خاتىرىلەرگە چۈشتى، ئۆزۈمنى ئامالسىز قالغاندەك ھېس قىلدىم. ئۈستەلدىكى قەغەزلەر ھەقىقىي ھاياتلىق بىلەن ھېچ مۇناسىۋىتى يوقتەك بىلىنەتتى.

بىردىنلا ئۇنىڭ ئىسمى ۋە تېلېفون نومۇرىنى سورىۋېلىشنى ئۇنتۇغانلىقىم ئېسىمگە كەلدى. تولىمۇ خاتا ئىش قىلىپتىمەن! دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭ بىلەن ئەمدى ئالاقىلىشالمايدىغان بولدۇم. تەلىيىمگە ئۇ يەنە ئىزدەپ قالسىكەن. بۇ چاغدا تېلېفون يەنە جىرىڭلىدى. ھېلىقى قىز بولمىغىدى، دەپ تاقەتسىزلىك بىلەن تۇرۇپكىنى قولۇمغا ئالدىم، لېكىن ئۇ باش ئاپپارات خادىمى بولۇپ چىقتى.

— كۈتۈش زالىدا سىزنى بىر ئەپەندىم كۈتۈپ تۇرىدۇ.

— ھازىرلا چۈشەندۈرۈۋېلىشقا بولىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ قويۇڭ.

خاتىرىلەرنى سومكامغا تىقىشتۇرۇپ تۆۋەنگە چۈشتۈم. ئوتتۇز ياشلار چامىسىدا، چىرايلىق كىيىنگەن كېلىنچەك بىر يىگىت ئۆزىنى موررېس دەپ تونۇشتۇردى. ئۇ مېنى دەرس بېرىدىغان ئىبادەتخانىغا ئېلىپ بارغىلى كەلگەنىكەن. بىللە ماشىنىغا ئولتۇردۇق.

— ئۆيلەندىڭىزمۇ؟ دېگەن سوئال بىلەن سۆز باشلىدىم.

— ياق، تېخى ئۆيلەنمىدىم.

— قانچە ياشقا كەلدىڭىز؟

— ئوتتۇز تۆت.

ئوتتۇز تۆت ياشقا كىرىپتۇ، لېكىن بويتاق ئىكەن. سەۋەبىنى بىلگىم كېلىپ تۇراتتى. موررېس سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— دادام كىچىكىمدىلا ئۆلۈپ كەتكەن، مەن ئاپامغا قارىشىم كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاۋۋال مەكتەپنى پۈتتۈرۈش ۋە ياخشى بىر ئىش تېپىشنى ئويلىدىم. ھازىر بىر قۇرۇلۇش شىركىتىدە باشقۇرغۇچى بولۇپ ئىشلەيمەن. بۇ يەردە توي قىلغىدەك بىر قىز تېپىشمۇ تەس.

— بۇنى شۇنچىۋالا قىيىنلاشتۇرىۋەتكەن نەرسە نېمە؟

— تونۇشۇش تەس، قەيەردە تونۇشۇشنى بىلمەيمەن.

— كۆزلەپ يۈرگەن بىرى بارمۇ؟

— ھەئە، بار.

— خوپ، ئۇياق نېمە دەيدۇ؟

— بىلمەيمەن. ئۇياق بىلەن تېخى سۆزلىشىپ كۆرمىدىم.

— نېمىشقا؟

— ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشالايدىغان بىرلا يەر ئاپتوبۇس. ئۇ مەكتەپكە ماڭغاندا ئۇنىڭ قايسى ئاپتوبۇسقا چۈشىدىغانلىقىنى بىلىمەن. مەنمۇ شۇ ئاپتوبۇسقا چۈشىمەن ۋە ئىككى بېكەت ئولتۇرۇپ سۆزلىشىشكە تىرىشىمەن.

— قىز قانچە ياشتا؟

— بىلمەيمەن، ھەر ھالدا ئون ئالتىدىن چوڭ ئەمەس.

ھەيران بولدۇم. مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك، ئۆزى كىلىشكەن، يىقىملىق بىر خىزمەتچى خادىم ئاپتوبۇستا كىچىك بىر ئوقۇغۇچى قىزنىڭ كەينىگە چۈشۈۋاپتۇ! بۇ مۇمكىنمۇ؟

— نېمىشقا بۇنداق بىر كىچىك قىزنى تاللىدىڭىز؟

— ئۇنىڭدىن چوڭلىرى يا يولدىن چىققان، يا تۇرمۇشقا چىققان بولىدۇ. سىزچە خاتا قىلىپتىمەنمۇ؟

— سىز ئاتمىش ياشقا كەلگىنىڭىزدە ئۇنىڭ قىرىق ئىككى ياشتا بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرشىڭىز كېرەك.

— بۇنىمۇ ئويلىدىم.

— ئىبادەتخانىغا كېتىۋاتامدۇق؟ نېمىدېگەن يىراق، — دېدىم.

— ئەگرى-بۈگرى يول بىلەن ماڭدىم، — دەپ جاۋاب بەردى موررېس، — سىزگە ئەڭ چوڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىمىزدىن بىرىنى كۆرستىپ قوياي. مانا بۇ پاھىشىلەر مەھەللىسى.

شەھەر مەركىزىدىن خېلى يىراقلاشقاندۇق. توپىلىق يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا يۈزلىگەن كىسەكتىن سېلىنغان ئۆيلەر بولۇپ، بۇ رايوندا مىڭلارچە كىشى ئولتۇرىدىكەن.

— بۇ ئاياللارنى يامان يولغا چۈشۈرۈپ قويغان سەۋەب زادى نېمە؟

— كۆپىنچىسى پەرزەنت كۆرمىگەنلىكتىن ئەرلىرى قويىۋەتكەن تۇغماس ئاياللار.

— ئۇلارنى تۇغماس قىلىپ قويغان نەرسە زادى نېمە؟

— دوختۇرلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، ئاياللار ئومۇمەن پاھىشە ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت قىلغان ئەرلىردىن تاناسىل كېسەل-لىكىنى يۇقتۇرىۋالىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەرزەنت كۆرمىگەچكە ئۆيدىن ھەيدىلىپ پاھىشە بولۇپ كېسەللىكنى باشقا ئەرلەرگە يۇقتۇرىدىكەن. بەزى پاھىشىلەر بولسا، بالىلىرىنى بېقىش ئۈچۈن مۇشۇ يول ئارقىلىق پۇل تېپىشقا كىرىشكەن تۇل ئاياللار. ئۇلار قايتا ئەرگە تەگكەن تەقدىردىمۇ، بالىلىرىنى ئۆلۈپ كەتكەن ئىلگىرىكى ئېرىنىڭ ئائىلىسىگە تاشلاپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

بىر ھازا جىمجىت ماڭغىنىمىزدىن كېيىن ئۇ رايۇندىن چىقىپ، يەنە چوڭ يولغا چىقتۇق ۋە ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق. بىز ئىبادەتخانىغا كىرگىنىمىزدە جامائەت مۇناجات ئوقۇشنى باشلىغانىكەن. ئەرلەر سول تەرەپتە، ئاياللار ئوڭ تەرەپتە ئولتۇرغان بولۇپ، ئىبادەتخانا ئادەملەر بىلەن تولغانىدى. موررىس بىلەن ئىككىمىز ئالدى تەرەپكە كېتىۋاتقىنىمىزدا زالدىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكى بىزگە قىزىقىش بىلەن قاراشتى.

دانىيەل ئەڭ ئالدىنقى رەتتە ئىدى. ئۇ يېنىدا ئولتۇرۇشۇمنى ئىشارەت قىلدى ھەمدە ماڭا بىر مۇناجات كىتابى بېرىپ، ئوقۇۋاتقان مۇناجاتنى كۆرسەتتى. مەن مۇناجاتنىڭ يېزىقىنى ئوقۇيالىساممۇ، لېكىن مەنىسىنى چۈشەنمەيتتىم. مۇناجاتنىڭ ئاھاڭى ماڭا يات تۇيۇلمايتتى. لېكسىيەدىن ئاۋۋال جامائەت بىلەن بىرلىكتە مۇناجات ئوقۇش ئىشەنچەمنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

ئاخىرقى مۇناجات ئوقۇلۇۋاتقاندا دانىيەل مۇناجات كىتابىنى يېپىپ، ماڭا ئالدىغا ئۆتۈشۈمنى ئېيتتى.

مەن بىر نەچچە پەلەمپەينى بېسىپ مۇنبەرگە چىقتىم. دانىيەل بولسا، سۆزلىگەنلىرىمنى تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن كەينىمدىن چىقىپ، يېنىمدا تۇردى.

ئۇلار ئاخىرقى مىسرانى ئوقۇۋاتقاندا، مەنمۇ لېكسىيە ئاڭلاش ئۈچۈن ئولتۇرغان جامائەت ھەققىدە بىر تەسىراتقا ئىگە بولۇش پۇرستىنى تاپتىم. ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرغانلار ياشانغان كىشىلەر ئىدى. كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلغان ياشلار بولسا، كەينىدە ئولتۇرۇشقانىدى.

ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن قاپقارا چاچلىرى مويلۇق گىلەمنى ئەسلىتەتتى. ھېچكىم بېشىنى كۆتۈرۈپ بىزگە قارىمىدى.

ئوقۇماقچى بولغان بابنى دانىيەلگە پىچىرلاپ ئېيتتىم. ئۇ ئىنجىلنى ئاچتى. مەنمۇ ئىنجىلنى ئېچىپ لېكسىيەمنى باشلىدىم.

# 2

ــ مۇقەددەس كىتابتا ئەر-خوتۇنچىلىق مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك ناھايىتى ئاددىي بىر ھۆكۈم بار. ئۇ بولسىمۇ ئىخچام، ئەمما ناھايىتى چوڭقۇر مەنىلىك ھۆكۈمدۇر.

ئۇ خۇددى سۈپسۈزۈك سۇ بىلەن تولغان چوڭقۇر قۇدۇققا ئوخشايدۇ. ھاياتلىق چېلەكلىرىڭىزنى ئىچىگە سالسىڭىز، قۇرۇق چىقمايدۇ. ئۇنىڭدىن ھەمىشە سۈزۈك ۋە پاكىز سۇ ئالىسىز.

ئەگەر بۇ ھۆكۈمگە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن قۇلاق سالىدىغان بولساق، ئۇ خۇدانىڭ توغرىدىن-توغرا بىزگە قارىتىپ ئېيتقان سۆزى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمىز.

ئۇ بۇ سۆزنى بىزگە ياردەم قىلماقچى، يول كۆرسەتمەكچى ۋە بىزنى ئۈمىدلەندۈرمەكچى بولغان بىر سۈپەتتە، تېخىمۇ مۇھىمى بىزگە بىر نەرسە ئاتا قىلماقچى بولغان بىر سۈپەتتە ئېيتقان.

ئەر-خوتۇنچىلىق مەسىلىسى ھەققىدىكى بۇ ھۆكۈم مۇقەددەس كىتابتا تۆت يەردە تەكرارلانغان. مۇقەددەس كىتابتا ئەر-خوتۇنچىلىق مەسىلىسى ناھايىتى ئاز تىلغا ئېلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ ھۆكۈمنىڭ ناھايىتى مۇھىم تۆت ئورۇندا تەكرارلىنىشى تېخىمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر. ئالدى بىلەن، تەۋراتتىكى «يارىتىلىش» قىسمىنىڭ ئىككىنچى بابىدا ئۇچرايدىغان بۇ ئىبارە يارىتىلىش ۋەقەسىنى خاتىرىلەيدۇ. كېيىندىن ئەيسا مەسىھ بۇ ئىبارىنى ئىنجىلدىكى «ماتتا» قىسمىنىڭ 19-باب 5-ئايىتى بىلەن «ماركوس»

قىسمىنىڭ 10ـ باب 7ـ ئايىتىدە، ئۆزىدىن نىكاھتىن ئاجرىشىش ھەققىدە پىكىرلەر سورالغىنىدا تەكرارلايدۇ. كېيىن ئەلچى پاۋلۇس ئىنجىلنىڭ «ئەفەسلىكلەر» قىسمىنىڭ 5ـ باب 31ـ ئايىتىدە بۇ ئىبارىنى بىۋاستە ئەيساغا باغلايدۇ.

بۇ سۆزلەر بىزگە خۇدانىڭ نىكاھ مەسىلىسىدىكى ئىرادىسى ۋە مەقسىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن يېزىلغان. بۇلار ئۆز زامانىسىدىكى بىزگە ئوخشاش بۈگۈنكى كۈندىكىدەك ئەينى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر ئىچىدە ياشاۋاتقان ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەندۇر. سۇلايمان ۋە داۋۇد پەيغەمبەرلەر ياشىغان دەۋر بۇنىڭغا ياخشى بىر مىسالدۇر. ئۇ چاغدا يېڭى تىجارەت يوللىرى ئېچىلىپ، چەتئەل مەدەنىيەتلىرى ئۆزئارا گىرەلىشىۋاتاتتى. يېڭى ئىدىيىلەر كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ، كونا ئەنئەنىلەر ئەمەلدىن قېلىۋاتاتتى. كونا ئادەتلەر بىردىنلا ۋاقتى ئۆتكەندەك كۆرۈنەتتى. قەبىلىلەر ۋەيران بولۇپ، دىنىي ئېتىقادلار بۇزۇلغانىدى. ئۇ دەل بىر مەنىۋى قالايمىقانچىلىق دەۋرى بولۇپ، بۈگۈنكىدەك ھەممە نەرسە ئاستىن-ئۈستۈن بولغانىدى. ئۇ كۈنلەردە خۇدا ئىنسانلارغا ئەسىرلەر بويى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەر-خوتۇنچىلىق ئۈلگىسىنى كۆرسەتكەن. بۇ ئۈلگىنىڭ لېكسىيەم جەريانىدا بىزگىمۇ يول كۆرسىتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئەمدى سىلەرگە بۇ ئىبارىنى تەۋراتنىڭ «يارىتىلىش» قىسمىنىڭ 2ـ باب 24ـ ئايىتىدىن ئوقۇپ بەرمەكچىمەن...

سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگىچە لېكسىيە ئاڭلىغۇچىلىرىمدىن ھېچقانداق ئىنكاس چىقمىغانىدى. ئەمدى كۆپىنچىسى قوللىرىدىكى كىتابلىرىنى ئېچىشقا باشلىدى. بىرئازدىن كېيىن تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇدۇم:

«شۇ ۋەجىدىن ئەرلەر ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ، خوتۇنىغا باغلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر تەن بولىدۇ.»

ئوقۇپ شۇ يەرگە كەلگەندە بۇ سۆزنىڭ يالىڭاچلىقى ۋە

ئېنىقلىقىدىن يەنە بىر قېتىم تەسىرلەندىم. لېكسىيەمنى داۋاملاشتۇردۇم:

— بۇ ئىبارە ئۈچ قىسىمدىن تەشكىل تاپىدۇ. نىكاھلىق بولۇش مەسىلىسىدە زۆرۈر بولغان ئۈچ ئالاھىدىلىكنى، يەنى ئايرىلىش، باغلىنىش ۋە بىر تەن بولۇشنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ ئۈچىنى تەرتىبى بويىچە تەتقىق قىلىپ كۆرەيلى. ئالدى بىلەن ئايرىلىش ھەققىدە توختىلايلى.

## ئايرىلىش

— ئايرىلىش بولماي تۇرۇپ نىكاھلىنىش بولمايدۇ. بۇ يەردىكى ئايرىلىش ئىبارىسى ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ ھەقىقىي مەنىدە ئەر-خوتۇنچىلىق بولۇپ ھېسابلىنىشى ئۈچۈن بىر ئىجتىمائىي ۋە قانۇنىي پائالىيەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

مەن ئافرىقىدا بەزى توي مۇراسىملىرىغا قاتناشقان. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كېلىنىنىڭ يېزىسىدىن كۈيئوغۇلنىڭ يېزىسىغىچە بولغان نەچچە كىلومېتىر يولدا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسۇل ئويناپ ماڭدۇ. بۇ مۇراسىمنىڭ ھېچقانداق مەخپىي يېرى يوق. ئاشكارا بولىدىغان بۇ خىل ئايرىلىش پائالىيىتى ئەر-خوتۇنچىلىقنى ئەينى ۋاقىتتا قانۇنىي يوسۇندا كۈچكە ئىگە قىلىدۇ. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ھەممە كىشى بۇ ئىككىيلەننىڭ ئەر-خوتۇن بولغانلىقىنى، بىر-بىرىگە ئەر-خوتۇنچىلىق رىشتىسى بىلەن باغلانغانلىقىنى بىلىدۇ.

تەۋراتتا «ئەرلەر ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىدۇ» دەپ يېزىلغان. نىكاھلىق بولۇش پەقەت نىكاھلىنىدىغان ئىككى كىشىگە ئەمەس، تېخىمۇ كۆپ كىشىگە مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئاتا-ئانا ئائىلىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئائىلە بولسا جەمئىيەت ۋە دۆلەتنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. نىكاھلىق بولۇش ھېچقاچان خۇسۇسىي، مەخپىي ئىش ئەمەس. نىكاھ بولماي ئەر-خوتۇنچىلىقمۇ بولمايدۇ. مانا شۇ ۋەجىدىن نىكاھ مۇراسىملىرى ئومۇمەن ئويۇن-تاماشىلار بىلەن مۇبارەكلىنىدۇ.

ئەر ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىدۇ، دېگەن سۆزلەرنى ئېيتقىنىمدا، ھەممىڭلار كۆڭلۈڭلاردا بىر خىل ئېچىنىش ھېس قىلىسىلەر. مېنىڭ يۇرتۇمدىمۇ نىكاھ مۇراسىملىرىدا كۆپ چاغلاردا كۆز ياشلىرى تۆكۈلىدۇ...

بۇ سۆزۈم بىلەن، بولۇپمۇ ياشانغان ئاياللار ئارىسىدا تەستىقلىغان قىياپەتتە باشلار لىڭشىشقا باشلىدى. بىرەيلەن بىلىنەر-بىلىنمەس ئاۋازدا «بۇ يەردىمۇ شۇنداق» دېدى.

— نىكاھ مەسىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەلىم ناھايىتى قىزىقارلىق سۆزلەر بىلەن باشلىنىشى مۇمكىن، دەپ ئويلىغان بولغىدىڭلار، دەپ سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم مەن، لېكىن مۇقەددەس كىتابنىڭ دۇنيا قارىشى ئىنتايىن ھەقىقەتپەرۋەردۇر. ئۇنىڭدا: «ئەرلەر ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىدۇ» دەيدۇ. ئايرىلىش بەختلىك بولۇشنىڭ بەدىلىدۇر. ئۇنىڭدا كەسكىن بىر ئۈزۈلۈش بولىدۇ. خۇددى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق كىندىكى كېسىلمەي تۇرۇپ يوغىنالمىغىنىغا ئوخشاس، نىكاھلىنىشتىمۇ ئاتا-ئانىدىن ھەقىقىي مەنىدە ئايرىلماي تۇرۇپ نىكاھ مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

بۇنىڭ قىيىن ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. بالىلار ئۈچۈن ئاتا-ئانىسىنى تاشلاپ كېتىش قىيىن، شۇنداقلا ئاتا-ئانىلار ئۈچۈنمۇ بالىلىرىنىڭ ئايرىلىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلىش ئاسان ئەمەس.

ئاتا-ئانا ئۆردەك تۇخۇملىرىنى بېسىپ ياتقان بىر مېكىيانغا ئوخشىتىلىشى مۇمكىن. ئۆردەك بالىلىرى تۇخۇمدىن چىقىپلا توغرا سۇغا قاراپ ماڭىدۇ ۋە سۇدا ئۈزۈپ كېتىدۇ. مېكىيانلار ئۇلارغا ئەگىشەلمەيدۇ. سۇنىڭ بويىدا قاقاقلىشىپ قېلىشىدۇ...

دانىيەل ئاخىرقى جۈملىنىڭ تەرجىمىسىنى قىلىۋاتقاندا جامائەت ئىچىدىكى ياشلار ئارىسىدا كۈلكىلەر كۆتۈرۈلدى.

— ئايرىلىش بولماي تۇرۇپ نىكاھلىق بولغىلى بولمايدۇ،
— دەپ تەكرارلىدىم.

— ھەقىقىي ئايرىلىش بولمىسا، ئەر-خوتۇنچىلىق خەۋپلىك

ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئەگەر ياش جورىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىدىن ھەقىقىي مەنىدە ئايرىلىپ، ئۆزئالدىغا ئايرىم بىر ئۆي تۇتۇش ئىمكانىيىتى بولمىسا، قېيىن ئانا ۋە قېيىن ئاتىلارنىڭ ھەمىشە ئارىلىشىۋېلىشى بىلەن خەۋپ تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ.

ئافرىقىدا قىزنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئەر تەرەپتىن سۈت ھەققى ئېلىش ئادىتى بار. لېكىن قىزلىرىنى بېرىشنى خالىمىغان بەزى ئائىلىلەر سۈت ھەققىنى شۇنداق يۇقىرى تەلەپ قىلىدىكى، ياش جورىلار ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە ئۇلارغا قەرزدار بولىدۇ. كېيىن بۇ قەرزلەر ھەقىقىي ئايرىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا رول ئوينىشى مۇمكىن...

ئىبادەتخانىدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. لېكىن بۇ جىمجىتلىق ئىچىدە بىرئاز قوشۇلماسلىقلارنىڭ بارلىقىنىمۇ ھېس قىلدىم. لېكسىيەمگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغانلارنىڭ چىرايلىرىدىن بەرگەن چۈشەنچىلىرىمنى قوبۇل قىلالمىغانلىقىنى بىلىۋالدىم. ئەسلىدە بۇ ئايرىلىش پرىنسىپى ئۇلار ئۈچۈن ئىچىشكە تېگىشلىك بىر ئاچچىق دورىغا ئوخشايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىزاھلاشقا تىرىشتىم:

— بەزىلىرىڭلار، ئۇ بىزنىڭ ئادەتلىرىمىزگە زىت، بىزگە ئائىلىمىزنى تاشلىۋېتىش ئەمەس، بەلكى سۆيۈشىمىز ھەققىدە تەلىم بېرىلگەن، بىز پەقەت ئاتا-ئانا ۋە بالىلاردىن تەركىب تاپقان كىچىك ئائىلە ئالدىدىلا ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پۈتۈن تۇغقانلىرىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ناھايىتى چوڭ ۋە كەڭ مەنىدە بىر ئائىلە ئالدىدىمۇ جاۋابكارلىق ھېس قىلىمىز، دېيىشىڭلار مۇمكىن.

بۇ ئەلۋەتتە ھەرقانداق شەكىلدە بۇزۇلماسلىقى كېرەك بولغان ناھايىتى قىممەتلىك بىر ئەنئەنىدۇر. لېكىن مەن دېمەكچى بولغان «ئايرىلىش» تۇغقانلىرى قېيىن ئەھۋالدا بولغاندا تاشلىۋېتىش دېگەنلىك ئەمەس.

ئەكسىچە، بىر جۈپ جورىغا ئائىلىلىرىدىن ئايرىلىپ ئۆز ئائىلىسىنى قۇرۇش ئىمكانىيىتى بېرىلسە، ئۇلار كېيىن ئائىلىلىرىگە

ياردەم قىلىدۇ. ئۇلار مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، ئېغىر قەرز ئاستىدا قالمىسا، كەلگۈسىدە ئائىلىلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئالالايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولالايدۇ.

ئائىلىلىرىدىن ئايرىلىشتىن كېلىپ چىققان كىشىگە ھۇزۇر بېرىدىغان مۇھىتتا، ئاتا-ئانا ۋە بالىلار ئارىسىدا مېھىر-مۇھەببەت تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. تەجرىبىلىرىمگە قارىغاندا، پەقەت كىچىك ئائىلە پارچىلانمىغان ۋە ساغلام ھالدا مۇستەقىل بولغاندىلا چوڭ ئائىلىگە ياخشى تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بۇ، غەربلىكلەرگە خاس ئەر-خوتۇنچىلىق توغرىسىدىكى چۈشەنچىمۇ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس. مەن بۇ يەرگە، سىلەرگە غەربتىكى ئەر-خوتۇنچىلىق چۈشەنچىسىنى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن كەلمىدىم، بەلكى تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىل بويىچە ئېتىقاندا نىكاھلىق بولۇشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنىڭ قانداق تەدبىقلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە كەلدىم. مۇقەددەس كىتابتىكى بۇ تەلىم پۈتۈن دۇنيادىكى مەدەنىيەتلەرگە قارىتا چاقىرىق قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگىدۇر.

مەن ئېيتقان ئايرىلىش ھەممە يەردە ئورتاق بىر مەسىلىدۇر. غەربلىك بىر نىكاھ ئىشلىرى مەسلىھەتچىسىدىن قايسى مەسىلىگە ئەڭ كۆپ دۇچ كەلگەنلىكىنى سورىسىڭىز، قېيىن ئانا مەسىلىسى، دەپ جاۋاب بېرىدىغانلىقى تۇرغان گەپ...

جامائەت يەنە كۈلۈشۈپ كەتتى. ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا بۇ سۆز تىلغا ئېلىنغاندا بېرىدىغان ئىنكاسىمۇ شۇنداق بولىدى. سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم:

— ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا ئائىلىلەرگە ئارىلىشىدىغان ئومۇمەن كۈيئوغۇلنىڭ ئانىسىدۇر. ئۇ سۆيۈملۈك ئوغلىنىڭ يېگىدىن نىكاھلانغان ياش قىز تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلۈشىگە بىر خىل گۇمانىي قاراشتا بولىدۇ. كىر-قاتلىرىنى ياخشى يۇيۇپ بېرەرمۇ؟ ئاش-تامىقىنى ئوخشىتىپ ئېتىپ بېرەلەرمۇ؟ دەپ ئويلايدۇ. سۈت ھەققى تۆلەنمىسىمۇ، پۇل دائىم ياش جورىلارنى بېقىندى قىلىش،

ئۇلارنى بىر ئۆيدە تۇرۇشقا مەجبۇر قىلىش رولىنى ئوينايدۇ.

پەقەت سىرتقى كۆرۈنۈش جەھەتتە ئەمەس، بەلكى ئىچكى جەھەتتە بىر قارارغا كېلىش بىلەن ئايرىلىش ۋە ئايرىلغان ياشلارنىڭ كېتىشىگە رۇخسەت قىلىش ھەممە ئادەم ئۈچۈن قىيىن مەسىلە. ئاڭلىشىمچە، ئافرىقىدا نۇرغۇن قىزلارنىڭ ئانىلىرى مەسىلە چىقىرىدىكەن. ئەر-خوتۇن ئارىسىدا ھەرقانداق بىر ئۇقۇشماسلىق يۈز بەرسە ياش ئايال ئانىسىنىڭكىگە يامانلاپ كېتىدىكەن.

ئافرىقىلىق ئاياللار نېمىشقا بۇنداق دائىم ئانىسىنىڭكىگە يامانلاپ كېتىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى شۇكى، ئۇلار ئاتا-ئانىلىرىنى تاشلىغان بولىسىمۇ، لېكىن ئەرلىرى ئۆز ئائىلىلىرىدىن ئايرىلمىغان. مەملىكىتىمىزدە ئەرلەر ئائىلىسى بىلەن بىرگە ياكى ئۇلارغا يېقىن يەردە ئولتۇرغىنىدا، ئايالى ئۆز ئائىلىسىنى تاشلاپ ئېرىنىڭ يېنىغا كېلىشكە مەجبۇر بولىدۇ. تەۋراتنىڭ «يارىتىلىش» قىسمىنى ئوقۇساڭلار ئۇ يەردىمۇ ئوخشاش بىر خىل جامائەتنى كۆرىسىلەر. ئۇ يەردە ئايال ئۆينى تاشلاپ ئېرىنىڭ جامائىتىگە قېتىلىپ كېتىشى تەبئىي ئىدى. ئۇ زامانغىچە ئاڭلانمىغان ۋە تامامەن يېڭى بولغان بۇ بېشارەت ئەرلەرنىڭمۇ ئائىلىسىدىن ئايرىلىشى كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ تەلىم ھازىر سىلەرگە ياقمىغىنىدەك، ئۇ زامانىدىكى كىشىلەرگىمۇ ياقمىغان بولۇشى مۇمكىن.

بۇ تەلىمدە ئاياللارنىڭ ھوقۇقلىرىنى قوغداش مەقسەت قىلىنغان بولۇپ، ئەر-خوتۇن ئارىسىدىكى تولۇق باراۋەرلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ تەلىم يالغۇز ئايالنىڭ ئەمەس، ئەرنىڭمۇ ئائىلىسىنى تاشلىشى كېرەك، دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ بىر-بىرىگە مۇھەببەت بىلەن باغلىنىشى لازىملىقىنى مۇقەددەس كىتاب ئالاھىدە ئۇقتۇرىدۇ. يالغۇز ئايال ئېرىگە ئەمەس، ئەرمۇ ئايالىغا باغلىنىشى كېرەكتۇر.

بۇ بىزنى توي قىلىشنىڭ ئىككىنچى ئالاھىدىلىكى بولغان «مۇھەببەت بىلەن باغلىنىش»قا ئېلىپ كېلىدۇ...

# مۇھەببەت بىلەن باغلىنىش

— ئايرىلىش ۋە مۇھەببەت بىلەن باغلىنىش بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئالدىنقىسى ئەر-خوتۇنچىلىقنى ئىجتىمائىي ۋە قانۇنىي جەھەتتىن، كېيىنكىسى كىشىلىك جەھەتتىن چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلار بىر-بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كېتىدۇ. ئايرىلىش بولماي تۇرۇپ، تولۇق مەنىدە مۇھەببەت بىلەن باغلىنىشمۇ بولمايدۇ. قەتئىي تۈردە مۇھەببەت بىلەن باغلىنىش قارارىغا كەلمىگىچە، تولۇق مەنىدە ئايرىلىش مۇمكىن ئەمەستۇر.

تىلغا ئېلىنىۋاتقان باغلىنىش ئىبارىسىنىڭ ئەسلى ئىبرانىيچە مەنىسى چاپلىشىشتۇر. ئەر بىلەن ئايال خۇددى بىر-بىرىگە يېپىشتۇرۇلغان ئىككى پارچە قەغەزگە ئوخشايدۇ. ئەگەر بۇ ئىككى قەغەزنى بىر-بىرىدىن ئاجراتماقچى بولسىڭىز ھەر ئىككىلىسى يىرتىلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك، بىر-بىرىگە مۇھەببەت بىلەن باغلانغان ئەر-خوتۇننى ئايرىماقچى بولسىڭىز، ھەر ئىككىلىسى يارىلىنىدۇ، بالىلىرى ئازابلىنىدۇ. بالىلىرى بولغان بىر جۈپ جورىلارنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشى، قولىغا ھەرە ئېلىپ، ھەر بىر بالىنى بېشىدىن ئايىغىغىچە ئىككىگە بۆلۈش مەنىسىنى بېرىدۇ...

ئاڭلىغۇچىلار ئىچىدە ئۆلۈكتەك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەنىدى.

— بىر-بىرىگە باغلىنىشنىڭ يەنە بىر نەتىجىسى بولسا، ئەر بىلەن ئايالنىڭ بىر-بىرىگە ناھايىتى يېقىن بولۇشىدۇر. ئۇلارنىڭ دۇنيادا باشقا ھېچبىر كىشى ياكى ھېچنەرسە بىلەن ئۇنداق بىر يېقىنلىقى بولمايدۇ. بۇ يېقىنلىق ئەرنىڭ ياكى ئايالنىڭ دوستلىرىدىن، مېھمانلىرىدىن، ھەتتا بالىلىرىدىنمۇ مۇھىمدۇر.

سەپەردىن ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىمدە بالىلىرىمدىن ئاۋۋال ئايالىمنى قۇچاقلاشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىمەن. بۇ ھەرىكىتىم بىلەن بالىلىرىمغا شۇنى كۆرسەتمەكچى بولىمەنكى، ئاتىغا ئەڭ يېقىن بولغان نەرسە ئانا، ئانىغىمۇ ئەڭ يېقىن بولغىنى ئاتىدۇر.

يېڭى توي قىلغان ياشلاردا بىر-بىرىگە خىيانەت قىلىش كۆپۈنچە

تۇنجى بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن كۆرۈلىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ ياش ئايال بوۋىقىغا ئېرىدىنمۇ يېقىن بولۇپ كېتىش خاتالىقىغا يول قويىدۇ. بوۋاق ئانىنىڭ ھاياتىنىڭ جان تومۇرى بولۇشقا باشلايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئەرنى ئۆيدىن يىراقلاشتۇرىدۇ...

ئەرلەر ئولتۇرغان تەرەپتىن بۇ سۆزنى چىن كۆڭلىدىن تەستىقلاۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان كۈلۈشلەر ئاڭلاندى.

— مۇھەببەت بىلەن باغلىنىش، — دەپ سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم، — ئەڭ چوڭقۇر مەنىدىن ئېيتقاندا بىر-بىرىگە يېپىشىشتۇر. تەبىئىيكى، بۇ پەقەت ئىككى كىشى ئارىسىدا بولىدۇ. بىز تەۋراتتا ئوقۇغان ئايەت كۆپ ئاياللىق مۇناسىۋەتلەرگە قارشى شىددەتلىك بىر ھۇجۇمدۇر. ئۇنىڭدا: «بۇ ۋەجىدىن ئەر ئايالىغا باغلىنىدۇ» دېيىلىدۇ.

بۇ ئايەت ئەرنىڭ بىر ۋاقىتتا بىر قانچە ئايال بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشىغا يول قويىدىغان كۆپ ئاياللىق تۈزۈم بىلەن بىرگە، كۆپ ئاياللىق مەنىسىنى بېرىدىغان نىكاھتىن ئاجرىشىپ، قايتا توي قىلىشقىمۇ زەربە بېرىدۇ.

بەلكىم ھازىر «باغلىنىش» ئىبارىسى ئورنىغا باشقا بىر ئىبارە ئىشلىتىشنى خالىشىمىز مۇمكىن. مەسىلەن، «سۆيۈش». بىراق دىققەتنى جەلپ قىلىدىغىنى شۇكى، تەۋراتتا بۇ يەردە «سۆيۈش» ئىبارىسى ئىشلىتىلمىگەن. باغلىنىش سۆيۈش دېمەكتۇر، شۇنداقلا ئۇ مۇھەببەتنىڭ ئالاھىدە بىر تۈرىدۇر. ئۇ شۇنداق بىر مۇھەببەتكى، قارىغۇلارچە ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۆزىگە ئاشىق ئىزدىمەيدىغان تۇراقلىق بىر مۇھەببەتتۇر. بۇنداق باغلانغان مۇھەببەت ۋايىغا يەتكەن مۇھەببەتتۇر. بىر كىشىگە سادىق بولۇشقا ۋە بۇ كىشى بىلەن ھاياتنى بىرگە ئۆتكۈزۈشكە ۋەدە بېرىلگەن مۇھەببەتتۇر.

بۇ بىزنى ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ ئۈچىنچى ئالاھىدىلىكىگە ئېلىپ كېلىدۇ...

# بىر تەن بولۇش

ــ بۇ ئىبارە ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ جىسمانىي تەرىپىنى چۈشەندۈرىدۇ. سۆزلەپ بۇ يەردە كەلگەندە دانىيەلنىڭ «جىنسىيەت» ئىبارىسى توغرىسىدىكى ئەسكەرتىشلىرىنى ئېسىمگە ئالدىم. مەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم.

ــ ئەر-خوتۇنچىلىقتا جىسمانىي ئامىل قانۇنىي ۋە كىشىلىك ئامىللىرىدەك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. خودانىڭ ئالدىدا ئەر بىلەن ئايال ئارىسىدىكى جىسمانىي جەھەتتىن قوشۇلۇش ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرىدىن ئايرىلىشى ۋە بىر-بىرىگە مۇھەببەت بىلەن باغلىنىشىغا ئوخشاشلا مۇھىمدۇر.

بەزى كىشىلەرنىڭ ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ جىسمانىي تەرىپى ھەققىدە گەپ قىلىشتىن نومۇس قىلىدىغانلىقىنى بىلىمەن. ئۇلار بۇ مەسىلىنى مۇقەددەسلىكتىن يىراق، ھەتتا سەت، خودا بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى يوق، دەپ قارايدۇ. بۇنداق ئويلايدىغان كىشىلەرگە پاۋلۇسنىڭ كورىنتتىكى ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىدىن سورىغان سوئالىغا مۇراجىئەت قىلماقچىمەن: «ۋۇجۇدىڭلار مۇقەددەس روھنىڭ ئىبادەتخانىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىلەر؟» مانا شۇ سەۋەبتىن بىز ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ جىسمانىي تەرىپى ھەققىدە سۆزلەيمىز، ھەتتا سۆزلىشىمىز شەرت. سىلەردىن يەنە شۇنى سوراپ باقايكى، بۇ مەسىلىنى خۇداغا بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئىبادەتخانىدا يەشمىسەك، باشقا قەيەردە يېشىمىز؟...

جىمجىتلىق داۋاملىشىۋاتاتتى. مەن بۇ چۈشەنچىلەرنىڭ كۆپچىلىك كىشىلەر ئۈچۈن تامامەن يېڭى نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم.

ــ سىلەر، ئىنسان تېنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ھەققىدە سۆزلىشىش بىز ئافرىقىلىقلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە زىت، بىز ئۈچۈن بۇنى تىلغا ئېلىش مەنئى قىلىنغان، دېيىشىڭلار مۇمكىن. بىراق كۆرگەنلىرىمگە ئاساسلىنىپ ئېيتقاندا، بۇ مەسىلىدىكى نومۇس قىلىش تۇيغۇسى دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدا ئوخشاش بولىدۇ. ھەممە دۆلەتتە

ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ جىسمانىي تەرىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى چۈشەندۈرۈش تەسكە چۈشىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بۇ ئىشنىڭ ئېغىزغا ئالغىلى بولمىغىدەك دەرىجىدە مۇقەددەس قىلىپ قويۇلغانلىقى ياكى تەگكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە سىرلىق قىلىپ قويۇلغانلىقىدىدۇر. مۇقەددەس كىتاب بۇ ئىككى خىل مەيدانغا قارشى تۇرىدۇ. مۇقەددەس كىتابتىن قارىغاندا بۇ، خۇدا كۆڭۈل بۆلىدىغان بىر مەسىلە ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن بۇ مەسىلىنى سۆزلەيمىز ۋە سۆزلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. خۇدا ئالدىدا ئەر-خوتۇننىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى بىرلىشىشى ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ قانۇنىيلىقى ۋە ھەر ئىككىلىسىنىڭ بىر-بىرىگە سادىق بولۇشىدەك مۇقەددەس ۋە مۇھىمدۇر.

يەنە بىر تەرەپتىن، بىر تەن بولۇشنىڭ جىسمانىي جەھەتتە بىرلىشىشتىنمۇ كەڭ مەنىسى بار. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىككى كىشى تەن ۋە ماددىي جەھەتتىكى ئىمكانىيەتلىرىگە ئۆزئارا ئورتاق بولۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، پىكىر-ھېسسىيات، خۇشاللىق-قايغۇ، ئۈمىد-ھەسرەت، مۇۋەپپەقىيەت-مەغلۇبىيەت ۋە ھەرقانداق ئىشلاردىمۇ ئۆزئارا ئورتاق بولىدۇ. بىر تەن بولۇش ئىككى كىشىنىڭ تەن، جان ۋە روھ جەھەتتە تولۇق مەنىدە بىرلىشىشى، شۇنداقلا يەنە ئايرىم ئىككى كىشى بولۇپ تۇرۇشىدىدۇر. بۇ ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ ئەڭ چوڭقۇر سىرى. بۇنى چۈشىنىش ئىنتايىن قىيىن، بەلكىم بىز ئۇنى زادى چۈشەنمەيلا ئەر-خوتۇنچىلىقىمىزنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىمىز. مەن بۇ پرىنسىپنىڭ ناھايىتى ياخشى چۈشەندۈرۈلگەن بىر نەرسىنى كۆرگەن...

مەن يەردىكى سومكامغا قولۇمنى ئۇزاتتىم ۋە ئىچىدىن ئايال بىلەن ئەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، ياغاچتىن ئويۇلغان ئىككى ئادەم بېشىنىڭ شەكلىنى ئالدىم. باشلار بىر-بىرىگە ياغاچ ھالقىلاردىن تەشكىل تاپقان زەنجىر بىلەن باغلانغانىدى. ئۇنى جامائەتكە كۆرسىتىپ:

— بۇ لىبىرىيەدىكى ئېتىقادچىلارنىڭ ياش جورىلارغا بېرىدىغان نىكاھ قەسىمىنىڭ بىر خاتىرىسى، — دېدىم.


— يېقىندىن دىققەت قىلىپ قارىساڭلار زەنجىرنىڭ ئۇلاقلىرى يوقلۇقىنى كۆرىسىلەر. بۇ ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇمى پەقەت بىر پارچە ياغاچتىن ئويۇلغان. ئۇ بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدىكى، خۇدا بىرلەشتۈرسە ئۇلاق بولمايدۇ. مەن باشقا ھېچقانداق يەردە ئەر-خوتۇنچىلىقتىكى بۇ چوڭقۇر سىرنىڭ بۇ قەدەر قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغىنىنى كۆرمىگەنىدىم. ئىككى كىشى خۇددى بىر ياغاچ پارچىسىدىن ياسالغاندەك «بىر تەن» بولغىنىدىمۇ يەنىلا ئايرىم ئىككى كىشى بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ئىككى كىشى بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغان يېرىم ئەمەس، بەلكى يېپيېڭى بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغان ئايرىم ئىككى پۈتۈنلۈكتۇر. بىر تەن دېگىنىمىز مانا شۇ...

مۇنبەردىن چۈشۈپ، ئەر-خوتۇنچىلىققا تەقلىد قىلىنغان بۇ ياغاچ مودېلنى ئالدىنقى رەتتىكىلەرگە بەردىم. ئۇلار قايىل بولغان قاراشلار بىلەن مودېلنى قولدىن-قولغا سۇنۇشتى. مەن ئورۇندۇقنىڭ دەل ئۇدۇلىغا قويۇلغان چوڭ قارا تاختىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قولۇمغا بىر تال بور ئالدىم.

— ئەمدى تەۋراتتىن ئوقۇغان ئايەتنىڭ ئەڭ مۇھىم نۇقتىسىغا كەلدۇق، دەپ سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم-دە، — ئايرىلىش، مۇھەببەت بىلەن باغلىنىش ۋە بىر تەن بولۇشتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ جەھەتنى چۈشەندۈرگەن بولدۇم. ئەڭ مۇھىم نۇقتا، بۇ ئۈچ جەھەتنىڭ بىر-بىرىدىن ئايرىلماس بولۇشىدىدۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى كەم بولسا، ئەر-خوتۇنچىلىق مۇكەممەل بولمىغان دېيىشكە بولىدۇ. پەقەت ئۇلار ئاتا-ئانىلىرىدىن ئايرىلىپ بىر-بىرىگىلا باغلىنىشى ھەم بىر تەن بولۇشى كېرەك.

ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ بۇ ئۈچ تەرىپى يەنى ئايرىلىش، مۇھەببەت بىلەن باغلىنىش ۋە بىر تەن بولۇش خۇددى بىر ئۈچ بۇرجەكنىڭ ئۈچ

بۇلۇڭدەك بىر-بىرىگە باغلىنىپ تۇرىدۇ...
قارا تاختىغا قاراپ ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى شەكىلنى سىزدىم:




ئەڭ ئۈستىدىكى بۇلۇڭغا «ئىجتىمائىي ۋە قانۇنىي رەسمىيەت» ياكى ئاددىي قىلىپ «نىكاھ» دەپ يېزىشقا بولاتتى. شۇنىڭدەك، سولدىكى بۇلۇڭغا «مۇھەببەت» ياكى «دوستلۇق»، ئوڭدىكى بۇلۇڭغا «جىسمانىي جەھەتتىن بىرلىشىش» ياكى «بىر جۈپ جورىلارنىڭ جىنسىي بىرلىشىشى»دىنىمۇ كەڭ بىر مەنە ئۇقۇلسا، پەقەت «جىنسىيەت» دەپ يازساقمۇ بولاتتى...
«جىنسىيەت» ئىبارىسىنى بىرىنچى قېتىم ئىشلىتىشىم ئىدى. لېكىن ئاڭلىغۇچىلار ئارىسىدا شۇنداق كۆڭۈللۈك بىر كەيپىيات بارلىققا كەلدى-دە، مەندە ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويىدىغاندەك بىرەر قورقۇنچ قالمىغانىدى. شۇڭا مەن ئۈچ بۇلۇڭنى كۆرسىتىپ:
— ئەگەر ھەقىقىي مەنىدىكى ئەر-خوتۇنچىلىقنى تەلەپ قىلىسىڭىز، بۇ ئۈچ شەرت ھازىرلىنىشى كېرەك، — دېدىم، — تېخى نىكاھلاشمىغان ياش جورىلارمۇ بۇنى مەقسەت قىلىشلىرى كېرەك. بۇلۇڭلىرىدىن بىرى كەم بولسا، ئۈچ بۇلۇڭلۇق بىر شەكىل بولۇپ ھېسابلانمىغىنىدەك، بۇ ئۈچ شەرتتىن بىرى كەم بولغان ئەر-خوتۇنچىلىقمۇ ئەر-خوتۇنچىلىق ھېسابلانمايدۇ.
ئەمدى دىققىتىڭلارنى تەۋراتتىكى باشقا مۇھىم بىر نۇقتىغا جەلپ قىلماقچىمەن. بۇ ئايەت قانداق ئاياغلىشىدۇ؟ تەۋراتنىڭ «يارىتىلىش» قىسمىنىڭ 2-باب 24-ئايىتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى نەرسە نېمە؟...

كۆپچىلىك مۇقەددەس كىتابلىرىنى يەنە ئاچتى ۋە دەرھال قولللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتى. بىر ياشانغان ئادەم: «بىر تەن بولۇش» دەپ جاۋاب بەردى.

— ياق، — دېدىم.

بىر ھازا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئاخىرىدا بىر ياش: «چېكىت» دېدى.

كۆلكە كۆتۈرۈلدى. لېكىن مەن ئۇنىڭ جاۋابىنى توغرا تاپتىم.

— شۇنداق، — دېدىم، — بۇ يەردىكى چېكىت ئىنتايىن مۇھىم.

يەنە مۇنبەرگە چىقتىم ۋە ئايەتنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇدۇم:

«شۇ ۋەجىدىن ئەر ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ، ئايالىغا مۇھەببەت بىلەن باغلىنىدۇ ۋە ئىككىسى بىر تەن بولىدۇ.» ئاخىرىدا مۇشتۇمۇمنى ئۈستەلگە ئۇرغان ھالدا، «چېكىت» دەپ قوشۇپ قويدۇم.

بىرئاز تۇرۇۋېلىپ سۆزۈمنى يەنە داۋاملاشتۇردۇم:

— ئەر-خوتۇنچىلىق مەسىلىسىدە مۇھىم ئورۇن تۇتقان ۋە مۇقەددەس كىتابنىڭ تۆت يېرىدە تەكرارلانغان بۇ ئايەتتە باللار ھەققىدە بىرمۇ سۆز يوق...

بۇ سۆزۈم ئاڭلىغۇچىلار ئارىسىدا غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. گويا ئىبادەتخانىنىڭ ئىچىگە بومبا ئاتقاندەك بولدى. جامائەت كۆكۈلسىزلەندى. باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ ئۆزئارا مۇنازىرىلىشىشكە باشلىدى. بەزىلەر كالپۇكلىرىنى دورداينىپ سۆزلىرىمگە قارشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان غەيرىي ئاۋازلارنى چىقىرىشتى.

## چېكىت

سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم:

— سۆزۈمنى خاتا چۈشىنىۋالماڭلار، پەرزەنتلەر خۇدانىڭ بىر نېمىتىدۇر. مۇقەددەس كىتابتا بۇ ھەقتە قايتا-قايتا تەكىتلەنگەن. مېنىڭ بەش بالام بار، ھەربىرى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىمەن. ئۇلارنى خۇدانىڭ مەرتلىكىنىڭ بىر بېشارىتى دەپ بىلىمەن. ئۇ ئەر-

خوتۇنچىلىقىمىزنى بىزەيدىغان ھەقىقىي بىر نېمەتتۇر.
شۇنداق، بالىلار ئەر-خوتۇنچىلىقتا بىر نېمەت، شۇنداقلا بىردىنبىر نېمەتتۇر. خۇدا ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنى ياراتقىنىدا ئۇلارغا بەخت ئاتا قىلدى. ئاندىن «نۇرغۇن پەرزەنت تېپىپ كۆپىيىڭلار» دېدى (تەۋرات: «يارىتىلىش» 1-باب 28-ئايەت). بۇ ئەمرنىڭ بەخت ئاتا قىلىش ھەربىكىتىگە قوشۇمچە بىر ھەربىكەت سۈپىتىدە كەلگەنلىكى ئېنىقتۇر. شۇ سەۋەبتىن مۇقەددەس كىتاب ئەر-خوتۇنچىلىقنى تەشكىل قىلىدىغان مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنى چۈشەندۈرگىنىدە، پەرزەنتلەرنى بىۋاستە تىلغا ئالمىغان. ئايرىلىش، مۇھەببەت بىلەن باغلىنىش ۋە بىر تەن بولۇش كۇپايىدۇر. پەرزەنت بولمىغان تەقدىردىمۇ بىر تەن بولۇش مەنىسىز بىر ھالغا چۈشۈپ قالمايدۇ. بۇنىڭ تەبىرى مۇنداق: ئەر-خوتۇنچىلىقنى ساقلاپ تۇرىدىغان پەرزەنت ئەمەس. بالىسىز ئەر-خوتۇنچىلىقمۇ دەل مەنىسىدىن ئېيتقاندا ئەر-خوتۇنچىلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۇغماسلىق نىكاھتىن ئاجرىشىشنىڭ سەۋەبى بولالمايدۇ. بىر ئەر: «بۇ ئايال ماڭا بالا تۇغۇپ بەرمىدى، شۇ سەۋەبتىن ھەقىقەتەن ئايالىم بار دېيەلمەيمەن»، دەپ ئايالىنى ھەيدىۋەتسە بولمايدۇ! بىر جۈپ ئەر-خوتۇندا پەرزەنتنىڭ بولماسلىقى باغلىغۇچى جەھەتلەرنىڭ ئۈزۈلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرالمايدۇ، ياكى ئۇ ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ ئىناۋەتلىك ئىكەنلىكىگە گۇمان چۈشۈرەلمەيدۇ...
دانىيەل ئاخىرقى سۆزلىرىمنى يۇرتىمىزدا پەرزەنتسىزلىك سەۋەبىدىن نىكاھتىن ئاجرىشىشنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغان بىر ھادىسە ئىكەنلىكىنى ئىشارەت قىلغاندەك، ئالاھىدە تەكىتلەپ، يېقىملىق بىر ئاۋاز بىلەن تەرجىمە قىلدى. شۇڭا ۋاقىت كەتسىمۇ، بۇ مەزمۇننى يەنە بىرئاز كەڭرەك سۆزلىمەكچى بولدۇم. دانىيەلدىن سۆزۈمنى يەنە ئون مىنۇت ئۇزارتىش ئۈچۈن مەسلىھەت سورىغانىدىم، ئۇ:
— جامائەتنى تازا جەلپ قىلدىڭىز، خالىغانچە سۆزلەۋېرىڭ، — دېدى.

# ئىتتىزمۇ ياكى ئۈچ بۇلۇڭمۇ؟

— ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ يەنە بىر تەبىرى بار. بۇ تەبىر مۇقەددەس كىتابتىكى سىلەرگە ھېلىلا چۈشەندۈرگەن ئەر-خوتۇنچىلىق توغرىسىدىكى چۈشەنچىگە پۈتۈنلەي زىت كېلىدۇ. ئەر-خوتۇنچىلىق توغرىسىدىكى چۈشەنچە ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك بولىدۇ. ئىتتىز تەسەۋۋۇرى دەپ ئاتىلىدىغان بۇ خىل چۈشەنچە نىكاھ ئىشلىرى مەسلىھەتچىلىرى داۋىد بىلەن ۋېرا مەيسىنىڭ «شەرق ۋە غەربتىكى نىكاھ ئىشلىرى» ناملىق كىتابىدا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن. ئۇلارنىڭ يېزىشىچە ئەر-خوتۇنچىلىق توغرىسىدىكى چۈشەنچە قەدىمكى جۇڭگودىن چىققان خاتا بىئولوگىيە بىلىملىرىگە ئاساسلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەرنى ئۇرۇق سالغۇچى، ئايالنى بولسا تۇپراق، دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

ئەر ئۇرۇق سالىدۇ، ئايالنىڭ تېنى بۇ ئۇرۇقلارنى دەل تۇپراقنىڭ شال ئۇرۇقلىرىنى يېتىشتۈرگىنىدەك يېتىشتۈرىدۇ. ئۇرۇق قانداق بىخ چىقارسا، بالىمۇ ئەرنىڭ سالغان ئۇرۇقىدىن شۇنداق پەيدا بولىدۇ، شۇڭا بالا ئەرگە تەئەللۇق بولۇپ، ئۇنىڭ روھىنىڭ ۋە ھاياتىنىڭ داۋامىدۇر، دەيدۇ.

تەكرارلايمەنكى بۇ ھاياتلىق توغرىسىدىكى خاتا ۋە بولمىغۇر بىلىمدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىتتىز توغرىسىدىكى بۇ تەسەۋۋۇرنىڭ ئاخىرى ۋەھىملىكتۇر. تۆۋەندە بۇلارنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن.

ئالدى بىلەن بۇنىڭدا ئەر ئايالدىنمۇ مۇھىم قارالغان. تۇپراق ئۇرۇقتەك قىممەتلىك ھېسابلانمىغىنىدەك، ئايالمۇ ھېچقاچان ئەردەك قىممەتلىك ھېسابلانمىغان. ئايال ئۆز تەبىئىتى بويىچە ئىككىنچى ئورۇنغا، ياردەمچى ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇلغان. بۇ چۈشەنچە يالغۇز ئاسىيادا ئەمەس، ئامېرىكىدىمۇ ئايال بىلەن ئەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلىق مۇئامىلىدە ئېنىق كۆرۈلىدۇ. ئۆز يۇرتۇڭلاردىمۇ شۇنداق ياكى ئەمەسلىكىگە ئۆزۈڭلار بىر نېمە دېيەلىسەڭلار بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، بو كۆز قاراشتا ئوغۇل بالا قىز بالىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئائىلىنىڭ داۋاملىشىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئوغۇل بالا ۋاستىسى بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئوغلى بولمىغان ۋە نەسلى قۇرۇغان بىر ئائىلە يىلتىزى كېسىلگەن دەرەختكە ئوخشىتىلىدۇ. ئاتىلىرى بۇنىڭدىن نومۇس قىلىدۇ ۋە بىئارام بولىدۇ...

ئاڭلىغۇچىلار ئارىسىدا بۇ مەسىلە ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان مىدىرلاشلار باشلاندى.

— ئۈچىنچىدىن، بۇ كۆز قاراشتا ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت خۇددى مال بىلەن مال ئىگىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشىتىلىدۇ. بۇ ئۇرۇق ئىگىسىنىڭ تېرىلغۇ ئېتىزغا ئىگە بولغىنىدەك، ئايالنىڭ ئاساسي ۋەزىپىسى بويسۇنۇشتۇر. تاللاش ھوقۇقى پەقەت ئەرگە مەنسۇپ. ئەر سېتىۋالماقچى بولغان ئېتىزنى تاللايدۇ. ئېتىزنىڭ قىلىدىغان ھېچ گېپى بولمايدۇ. تاللاش ئېتىزنىڭ مۇنبەتلىكىگە قاراپ بولىدۇ.

تۆتىنچىدىن، ئېتىز تەسەۋۋۇرىدا پەرزەنتسىز ئائىلە، ئۈنۈمسىز توپراقتا ئوخشاش پايدىسىز ۋە ئەھمىيەتسىز دەپ قارىلىدۇ. ئەگەر ئايالنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارى بولمىسا، ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ.

بەشىنچىدىن، ئېتىز تەسەۋۋۇرى كۆپ ئاياللىقنى ۋە نىكاھتىن ئاجرىشىشنىمۇ چۈشەندۈرىدۇ. ئەگەر ئېتىزى ھوسۇل بەرمىسە، ئەر يا ئايالنىڭ ئاتىسىدىن بەرگەن پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ ياكى ئۇ ئېتىزدىن باشقا ھوسۇل بېرىدىغان بىر ئېتىز ئالىدۇ. كۆپ ئاياللىقنى پەقەت ئېتىز تەسەۋۋۇرى ئىچىدە چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئەرنىڭ بىردىن ئارتۇق ئېتىزى بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئېتىزنىڭ يالغۇز بىرلا خوجايىنى بولىدۇ. ئايال ئېتىز تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلسە، ئۇ ھەر جەھەتتىن زىيان تارتىدۇ.

ئالتىنچىدىن، سىلەرگە سۈت ھەققى بېرىش ئادىتى توغرىسىدا

سۆزلەپ بەردىم. بۇ ئادەت ئىتتىز تەسەۋۋۇرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇ پۇل كىلىن ئۇچۇن ئەمەس، ئۇ تۇغۇشقا تىگىشلىك باللار ئۇچۇن تۆلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىنمۇ بەزى چاغلاردا پۇلنىڭ ھەممىسى پەقەت ئانا تۇنجى بالىسىنى تۇغقاندىن كېيىن تۆلىنىدۇ. ھەتتا تۇغۇلغان بالىنىڭ ئوغۇل بولۇشى شەرت قىلىنىشى مۇمكىن. تۇل قالغان ئايال ئەگەر باللار ئۇچۇن ھەق تۆلىگەن ئۇرۇق-جەمەتىدىن بۆلەك بىرى بىلەن نىكاھلانسا، بالا ئانىسىغا مەنسۇپ ئەمەس. شۇ ۋەجىدىن ئىتتىز تەسەۋۋۇرى بويىچە ئىپتىقاندا ئەڭ ئىچىنىشلىقى تۇل قالغان ئايالدۇر. ئۇ ئىگىسىنى يوقىتىپ قويغان مالغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

يەتتىنچىدىن، ئىتتىز تەسەۋۋۇرى زىنا ۋەقەسىدە ئايالنىڭ نېمە ئۇچۇن ئەردىنىمۇ كۆپرەك ئەيىبلىنىدىغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەر ئىككىلىسى گۇناھكاردۇر. لېكىن ئەر زىنا قىلسا قانداق بولىدۇ؟ ئۇ پەقەت ئۇرۇقىنى ئۆزىگە مەنسۇپ بولمىغان بىر ئىتىزغا تېرىغان بولۇپ، يەنە بىر ئىتىز ئىگىسىگە يولسىزلىق قىلغان بولىدۇ. لېكىن ئۆز ئايالىغا يولسىزلىق قىلغان ياكى ئۆز ئەر-خوتۇنچىلىقىنى دەپسەندە قىلغان ھېسابلانمايدۇ. ئەمما زىنا قىلغان ئايال ئىرىگە ئەڭ يامان ئىش قىلغان ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئىرىنىڭ ئىتىزلىقىغا يات ئۇرۇقنىڭ تېرىلىشىغا يول قويغان بولىدۇ. ئەرنىڭ نەسلىگە خەۋپ سىلىپ، ئۆز ئەر-خوتۇنچىلىقىنى دەپسەندە قىلغان بولىدۇ.

ئاخىرىدا، ئىتتىز تەسەۋۋۇرىدا ئۆيلەنمىگەن كىشىگە ھېچقانداق ئورۇن يوقتۇر. ئەرگە تەگمىگەن بىر قىز مېۋە بېرەلىسىمۇ، لېكىن ئۇ دېھقانغا بېرىلمىگەن بىر ئىتىزلىققا ئوخشاش، ھېچقانداق مەنە بەرمەيدۇ. لېكىن ئەڭ بىچارە بولىدىغىنى ئۆيلەنمىگەن ئەردۇر. ئۇ تېخىچە ئۇرۇقنى تېرىيدىغان ئىتىزى يوق بىر دېھقاندۇر...

ئاخىرقى جۈملە ھەممەيلەننى قاقاقلاپ كۈلدۈرىۋەتتى. مېنى ئىبادەتخانىغا ئىلىپ كەلگەن موررىسنىڭ چىرايى تاتىرىپ

كەتكەندى. دوستلىرى ئۇنى تەبرىكلىگەندەك مۈرىسىگە ئۇرۇشاتتى.
— ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ مۇقەددەس كىتابتىكى ئۇقۇمى ئىپتىز تەسەۋۋۇرىغا ھەر جەھەتتىن زىتتۇر. ھەممىدىن ئاۋۋال ئىنجىل بۇ خىل خاتا بولغان كۆپىيىش تەلىماتىغا قارشى تۇرىدۇ.
پەرزەنت ئەرنىڭ ئۇرۇقىدىنلا مەيدانغا كەلمەيدۇ. مۇقەددەس كىتابقا ئاساسلانغاندا ۋە ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئەر-خوتۇن يېڭى بىر ھاياتنىڭ يارىتىلىشىغا تەڭ ھەسسىداشتۇر. بالا يالغۇز ئەرگە ئەمەس، ئەر بىلەن ئايالغا ئورتاقتۇر. ھەر ئىككىسىنىڭ ئائىلىلىرىدىن ئايرىلىپ، بىر-بىرىگە مۇھەببەت بىلەن باغلىنىشى، بىر تەن بولۇشى قانداق زۆرۈر بولسا، پەرزەنتمۇ ھەر ئىككىسىگە شۇنداق ئورتاقتۇر.
ئىپتىز تەسەۋۋۇرى ئەر بىلەن ئايال ئارىسىدا پەرق شەكىللەندۈرىدۇ. مۇقەددەس كىتابتا بولسا ئايال ئىككىنچى دەرىجىدىكى بىر مەۋجۇدات ئەمەس، بەلكى ئېرى بىلەن تەڭ دەرىجىدىكى بىر ھەمراھ. ئۇ مال ئەمەس، ھوقۇقلۇق بىر ئىنساندۇر. ئىپتىز تەسەۋۋۇرىدا، زۆرۈر تېپىلغاندا ئايالغا سانىنى كۆپەيتىشكە بولىدىغان بىر مال سۈپىتىدە قارالغانلىقتىن كۆپ ئاياللىق بولۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ.
بىز توغرا يولنى تاللىشىمىز كېرەك. سىز ئايالىڭىزغا ئائىلىڭىزدىن ئايرىلىپ، مۇھەببەت بىلەن باغلانغان ۋە بىر تەن بولغان بىر ھەمراھ دەپ قارامسىز ياكى بىر ئىپتىزلىق دەپمۇ؟...
جىم تۇردۇم. زالنىڭ ئىچى تىمتاس بولۇپ كەتتى. بىر مۇنچە كىشىلەر قارا تاختىغا سىزغان ئۈچ بۇلۇڭغا قارىشىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن سوئال ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم:
— ئەمدى بىر سوئال قالدى. بۇ ئۈچ بۇلۇڭدا پەرزەنتنىڭ ئورنى قەيەردە؟ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىدىغانلار بارمۇ؟...
بىرمۇنچە قوللار كۆتۈرۈلدى. بالىسىنى ھاپاش قىلىۋالغان يىگىرمە ياشلاردىكى بىر ئايالغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ

قارا تاختا تەرەپكە قاراپ كەلگەن پېتى ئۆچ بۇلۇڭنىڭ ئوتتۇرىسنى كۆرسەتتى.

ــ توغرا، ــ دېدىم. ئاڭلىغۇچىلارنىڭ غۇلغۇلىسى بېسىلدى. ــ پەرزەنتنىڭ ئورنى ئۆچ بۇلۇڭنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىدۇر، دەپ سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم، ــ پەرزەنت ئاتا-ئانىنىڭ جىسمانىي بىرلىشىشىدىن تۇغۇلىدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ مۇھەببەت ۋە باغلىنىشى بىلەن قورشىلىپ تۇرىدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئەر-خوتۇنچىلىق كېلىشىمىنىڭ قانۇنىي كۆچكە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن قوغدىلىدۇ. دېمەك، پەرزەنتنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى مانا شۇ يەردىدۇر. پەرزەنت مۇشۇنداق بىر يەردە يېتىشىدۇ ۋە كېيىن ئۆز تۇرمۇشى ئۆچۈن تەييارلىنىدۇ.

# 3

لېكسىيەمنىڭ ئاخىرىدا ئۆزۈمنى چوڭ بىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندەك ھېس قىلدىم. ئاڭلىغۇچىلار ناھايىتى سۇس كەيپىياتتا ئولتۇرۇشقانىدى. دانىيەلدىن ئىشەنچ بېرىدىغان بىرەر سۆز ئاڭلىماقچى بولۇپ ئۇنىڭغا پىچىرلىدىم:

ــ بەك ئۇزۇن سۆزلىۋەتتىممۇ نېمە؟

ــ ئۇنداق ئەمەستۇ، ياخشى ئاڭلاشتىغۇ.

ــ لېكىن ئۇلار ئاخىرىغىچە ئىنتايىن جىمجىت ئولتۇرۇشتى.

ــ جامائەتنىمىز تەسرلەنگىنىدە جىمىپ كېتىدۇ.

بەلكىم كۆڭلۈمنى ئاياپ شۇنداق دەۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. خاتىرجەم بولالمىغانلىقىم ئۈچۈن ئوچۇق سورىدىم:

ــ لېكسىيەم قانداقراق بولدى؟ ياخشى بولمىدىغۇ دەيمەن؟

دانىيەل، شۇئان ھېس قىلغان گۇمانلىرىمنىڭ ھەممىسى توغرىدەك كۈلۈمسىرەش بىلەن جاۋاب بېرىپ:

ــ ياخشى بىر تەسەللى ئۈلگىسى بەرگەنلىكىڭىزدە گۇمان يوق، ــ دېدى.

ــ ئۇنداق ئەمەستۇ، كەم قالغان يەرلىرى بولسا تارتىنماي ئېيتىپ قويارسىز، ــ دېدىم.

ــ ئەمسە جامائەت بىلەن خوشلىشايلى.

جامائەت كەينى-كەينىدىن كېلىشىپ، ئادىتى بويىچە قولۇمنى ئىككى قوللاپ قىسىسىپ خوشلاشتى. ئەڭ ئاخىرىدا مەريەم

قولۇمنى قىسسىپ تۇرۇپ:

— سىزگە ۋەدىلەشكەن يىگىتىم تىموتىينى تونۇشتۇرۇپ قوياي، — دېدى.

ھەربىيچە كىيىم كىيگەن ياش بىر كىشى بىلەن سالاملاشتىم. تىموتىي بۇغداي ئۆڭلۈك، مەريەمدىن سەل پاكار، مۇسكۇللۇق كەلگەنىدى.

— لېكسىيەڭىزگە رەھمەت. سىز بىلەن سۆزلەشمەكچى ئىدىم.

— ئۇنداقتا مېھمانخانىغا بارارسىز.

مەريەم ۋە تىموتىي بىلەن موررېسىنىڭ ماشىنىسىغا قاراپ ماڭدۇق. مەريەمدىن لېكسىيەمنىڭ قانداق بولغانلىقىنى سورىدىم.

— چۈشەندۈرمەكچى بولغانلىرىڭىزنى ئېنىق چۈشەندىم. مېنىڭچە تىموتىي بىلەن ئىككىمىزنىڭ مەسىلىمىز ئۈچ بۇلۇڭنىڭ سول بۇلۇڭى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، يەنى مۇھەببەت بىلەن باغلىنىش مەسىلىسى. دېمەك، بىر-بىرىمىزگە بولغان باغلىنىشىمىزنىڭ ئائىلىمىزدىن ئايرىلىش ئۈچۈن كۇپايە بولغان-بولمىغانلىقىنى بىلمەيمىز.

— خوپ، — دېدىم، — تىموتىي بىلەن سۆزلەشكەندە بۇ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشقا تىرىشىمىز.

مەريەم سۆزلىرىمدىن رازىدەك كۆرۈنەتتى. تىموتىي بىلەن ئىككىمىز موررېسىنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇردۇق. بىز مېھمانخانىغا قاراپ كېتىۋاتقىنىمىزدا موررېستىن كۆلۈپ تۇرۇپ سورىدىم:

— ھە، ئېتىزسىز ئۇرۇق تېرىغۇچىمىز، قانداق؟

ئۇ چوڭقۇر ئويلىنىۋېلىپ دېدى:

— تۇللار ھەققىدە دېگەنلىرىڭىز ناھايىتى توغرا. ئۇلار خۇددى ئىگىسىز بىر مالغا ئوخشايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھەر قېتىمقىدەك، ھازىرمۇ تۇل ئاپام ئالدىدا مەسئۇلىيىتىم بارلىقىنى ھېس قىلىمەن. مەن ئۈچۈن ئاپامنى تاشلاپ چىقىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس. باشقا بىرىگىمۇ باغلىنالمايمەن.

— ساڭا بىر ئېتىز ئېلىپ بېرىدىغان داداڭ يوق شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق. ھەم ئاپامغا قاراش، ھەم ئوقۇشۇمنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشقا مەجبۇرمەن. ھازىرمۇ ئاپامغا قارىشىم كېرەك، دەپ ئويلايمەن. ماڭا ئائىلىلىك بولۇش ئۈچۈن بىرىنچى شەرتىنىڭ ئانىنى تاشلاش ئىكەنلىكىنى دېسىڭىز، زادى ئۆيلىنەلمەسلىكىمدىن ئەنسىرەيمەن.

— تاشلاش دېگەنلىك بىر كىشىنى بېشىغا كۆن چۈشكەندە، ياردەمگە موھتاج بولغاندا تاشلىۋېتىش دېگەنلىك ئەمەسلىكىنى ئېيتقانىدىم.

— توغرا، لېكىن بۇنى كۆندىلىك ھاياتقا قانداق تەدبىق قىلىسىز؟ ئۆيلەنگەن تەقدىردە ئاپامنىمۇ يېنىمغا ئېلىشىم كېرەك. ئۇنىڭ بىلەن ھەم بىللە ياشاپ، ھەم تاشلىۋەتسەم قانداق بولىدۇ؟

— سۆزلىگەنلىرىمىز ئارىسىدا پەرق بار. سەن ئۆيلىنىپ، ئايالىڭنى ئاناڭنىڭ يېنىغا ئېلىپ كىرسەڭ شۈبھىسىزكى، بۇ بەزى مەسىلىلەرگە يول ئاچىدۇ. لېكىن، ئەگەر ئاۋۋال ئۆيۈڭدىن كۆچۈپ چىقىپ، ئۆي تۇتساڭ، ھەقىقىي مەنىدە ئاپاڭدىن ئايرىلغان بولىسەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىڭلار ئۆز ئۆيۈڭلارغا ئاپاڭنى ئېلىپ كېلىسىلەر، سۈركىلىش ئازراق بولىدۇ...

مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق. تىموتىي بىلەن ئىككىيلەن ماشىنىدىن چۈشۈۋاتقىنىمىزدا موررېس:

— ئۇنداقتا ماڭا كەم بولغان بىرلا نەرسە بىر قىز، — دېدى.

— قېنى، بىرى بار دېگەنتىڭغۇ.

— ھەر كۈنى ئاپتوبۇستا سۆزلىشىدىغان قىزمۇ؟ بىلمەيمەن. سىزنىڭ چۈشەندۈرگىنىڭىزدەك، لېكسىيەڭىزدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىر تەن بولۇش، ھەممىدە ئورتاق بولۇش مەسىلىسىدە گۇمانلىنىپ قالدىم.

— ئۇنىڭدىن ئون سەككىز ياش چوڭ بولغىنىڭغا قارىغاندا، ئۇ سېنىڭ قىزىڭ بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەن. بۇ قىز ساڭا بىر ھەمراھ ئەمەس، بەلكى بويسۇنىدىغان بىر ئېتىز بولسا بولىدۇ.

موررېس كۈلۈپ كەتتى.

— ئافرىقىلىق ئەرلەرنىڭ ئۆزلىرىدىن كۆپ كىچىك قىزلار بىلەن نىكاھلىنىشىنىڭ سەۋەبى شۇ بولسا كېرەك، — دېدى ئۇ، — يەنى ئىتائەتلىك بىر ئېتىزنىڭ ئىگىسى بولۇشنى ياخشى كۆرسە كېرەك. بىراق ئەسلى مەسىلە، بىر قىزغا قانداق يېقىنلىشىش ۋە قانداق سۆزلىشىشنى تېخى بىلمەيمەن.

— خوپ بۇ ھەقتە ئەتە سۆزلەيمىز، ئەتە مېنى يەنە ئىبادەتخانىغا ئېلىپ بارامسەن؟ ئاپاڭنىمۇ ئېلىپ كەلگىن.

— ئاپامنىمۇ؟ ئاپام ئاتمىش ياشقا كىرىپ قالدى، جىنسىيەت ۋە مۇھەببەت مەسىلىلىرىنى ئاڭلاشنى خالىماسمىكىن.

— شۇنداق بولسىمۇ ئېلىپ كەل.

موررىس كەتتى. تىموتىي بىلەن بىللە ياتىقىمغا چىقتۇق ۋە سۆزلىشىشكە باشلىدۇق.

— مەريەم ئەتىگەن مەن بىلەن ئايرودرومدا سۆزلەشتى، — دېدىم.

— شۇنداق، خەۋىرىم بار. سىزچە ئۇ ياخشى قىزمىدۇ؟

— شۇنداق، ئۇنىڭ ئۇستىگە ناھايىتى چىرايلىق.

— سىزچە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسام ياخشى بولارمۇ؟

— سىز ئۇنى توي قىلىشقا ماقۇل قىلالامسىز؟

— مانا مەسىلە شۇ يەردە. ئۇ بىر-بىرىمىزگە ماس كېلەلمەسلىكىمىزدىن غەم قىلىدۇ.

— سىزگە غەم قىلىشنىڭ سەۋەبىنى ئاشكارىلىدىمۇ؟

— ياق، ناھايىتى كەم سۆزلىشىمىز، لېكىن سەۋەبىنى مۆلچەرلىيەلەيمەن. بويۇم ئۇنىڭكىدىن بىر-ئىككى سانتىمېتىر پاكار ۋە رەڭگىم بەكرەك قارا.

— قارا بولسا بولمامدۇ؟

— بولمايدۇ، بىز ئاقنى چىرايلىق، دەپ بىلىمىز. ئۇ نېمە دەيدۇ؟

— بۇنى ئۇنىڭدىن ئۆزىڭىز سورىغىنىڭىز ياخشى.

— لېكىن بىز بۇ ھەقتە سۆزلىشەلمەيمىز. مېنىڭچە مەريەم

بۇلارنى سىزنىڭ ماڭا چۈشەندۈرۈپ بېرىشىڭىزنى ئارزۇ قىلىدۇ. مېنى سىز بىلەن كۆرۈشتۈرۈشنىڭ سەۋەبىمۇ دەرۋەقە شۇ.

— خەۋىرىم بار، لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۆزىنىڭ ئېيتقىنى تېخىمۇ ياخشىراق بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر ئەر-خوتۇن بولۇشتىكى ئەڭ مۇھىم بىر نەرسىگە ئورتاقلىششنى ئۆگىنىسىز.

ئۇ جاۋاب بەرمىدى.

— قانچە ياشقا كەلدىڭىز؟

— يىگىرمە ئىككىگە.

— مەريەمنىڭ يېشىنى بىلەمسىز؟

— ياق، ئېيتمىدى.

— مائاشى قانچىلىك؟

— سوراپ باقماپتىمەن. مەن بولسام تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئوقۇشتىن چىقىپ كەتتىم. كېيىن ھەربىيلىككە كىردىم.

— ھازىرقى پىلانلىرىڭىز قانداق؟

— مەخسۇس تەلەپ قىلىدىغان بىر نەرسەم يوق. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ئوفېتسېرلىككە كۆتۈرۈلۈشۈم مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن.

— بىراق، مەريەم تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. سىزدىن كۆپرەك مائاش ئالىدۇ ۋە سىزدىن بىر ياش چوڭ ئىكەن.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇ ئويلانغان ھالدا، — بۇلار نىكاھلىنىشىش ئۈچۈن تۇسالغۇ بولامدۇ؟

— ياق، ئانچە ئەمەس، شۈبھىسىزكى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ توسالغۇلار بولىدۇ.

— ئۇنداقتا، ئەر-خوتۇنچىلىقىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەمسىز؟

— مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئاسان ئەمەس. بۇنىڭدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تىرىشىشىغا توغرا كېلىدۇ. ئەر-خوتۇن

بولۇشۇڭلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىر-بىرىڭلارنى مانا شۇ تىرىشچانلىقنى كۆرسىتىدىغان دەرىجىدە سۆيۈش-سۆيمەسلىكىڭلارغا باغلىق.

تىموتىي ئۆزىدىن خاتىرجەم بىر قىياپەتتە:

— ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، لېكىن ئۇنى قولغا كەلتۈرەلمىسەم قانداق قىلىشىمنى بىلمەيمەن، — دېدى.

— ئۆلۈۋالامسىز؟

— بۇنى مەريەمگە بىر قېتىم ئېيتقانىدىم.

— چوڭ خاتالىشىپسىز تىموتىي، بۇ ھەرىكىتىڭىز مېنى مەريەمنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرۈش-كۆرمەسلىكىڭىزگە گۇمانلاندۇرۇپ قويدى.

— نېمىشقا؟

— چۈنكى سىز ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىپ، بېسىم ئىشلەتمەكچى بولۇپسىز. مۇھەببەت بۇنداق بولمايدۇ. مۇھەببەت ھېچقاچان باشقىلارغا بېسىم ئىشلەتمەيدۇ. ھەقىقىي مۇھەببەت باغلىغان كىشى ئۆزى سۆيگەن كىشىنىڭ ئەركىنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ھەتتا «ياق» دېيىش ئەركىنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەگەر سىزنىڭ ئۆلۈۋېلىشىڭىزدىن قورقۇپ توي قىلسا، مۇھەببىتى بىلەن ئەمەس، قورقۇنچىدىن ئۇچۇن شۇنداق قىلغان بولىدۇ.

— خوپ، ئەمىسە ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ياخشى كۆرگۈزۈش ئۈچۈن قانداق قىلىشىم كېرەك؟

— ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ئىسپاتلاڭ، لېكىن قورقۇتۇش بىلەن ئەمەس، كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق.

— تىرىشىش ئارقىلىق دېدىڭىزمۇ؟ — تىموتىي چۆچىگەندەك قىياپەتتە سورىدى، — قانداق تىرىشىشنى دېمەكچىسىز؟

— ئۆزىڭىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك تىرىشىشلار.

ئۇ ماڭا نېمە دېمەكچى بولغانلىقىمنى چۈشەنمىگەندەك قىياپەتتە قارىدى.

— قاراڭ تىموتىي، مېنى سىز بىلەن مەريەم ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ئەندىشىگە سالغان نەرسە ئىككىڭلارنىڭ ياش

جەھەتتىكى پەرقىڭلار ياكى بىلىمىڭلار ئەمەس، بەلكى سىزدىكى غايىنىڭ كەمچىللىكى. ئىشىنىمەنكى، مەريەمنىڭ ئۆز كەلگۈسى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ئۈمىدلىرى بار. ھالبۇكى سىز ھازىر ماڭا ئوقۇتسىڭىز بولۇشىڭىز مۇمكىنلىكىنى ئېيتتىڭىز. بەلكىم شۇنداق بولارسىز، ياكى بولماسسىز. لېكىن غايىڭىز بەك كەمچىل ئىكەن. بۇ مەريەم بىلەن توي قىلغان تەقدىردىمۇ مەسىلە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن.

— بويۇمنى، يېشىمنى، بىلىمىمنى ئۆزگەرتەلمەيمەن-دە.

— لېكىن ئارزۇ-ھەۋەسلىرىڭىزنى ئۆزگەرتەلەيسىز. مۇمكىن بولىدىغان تەرەپلەرنى ئۆزگەرتىڭ. بۇ مەريەمگە، ئۇنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ئەڭ كۆپ ھېس قىلدۇرىدۇ.

تىموتىي خىيالچان بىر جىمجىتلىق ئىچىدە ئولتۇراتتى. ئۇنى نۇرغۇن خىياللار چىرمىۋالغانىدى. كېيىن ئۇ كۆڭۈلسىز قىياپەتتە ياتاقتىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ سۆھبىتىمىزنىڭ بۇنداق نەتىجە بىلەن ئاياغلىشىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىمىگەنلىكىگە ئىشىنىمەن. تىموتىي كەتكەندىن كېيىن، بۈگۈن ئىنتايىن چارچاپ كەتكەن-لىكىمنى ھېس قىلدىم ۋە بىر نەچچە مىنۇت ئارام ئېلىش ئۈچۈن كارۋاتتا سوزۇلۇپ ياتتىم. كۆپىنەكلىرىمنى سالمايلا ياتقىنىمچە كۆزۈم ئۇيقىغا كەتكەنىدى. تېلېفون ئاۋازى ئۇيقۇمنى ئېچىۋەتتى.

— مەن چۈشتىن كېيىن سىزنى تېلېفون ئارقىلىق ئىزدىگەن قىز بولىمەن.

— قايتا ئىزدىگىنىڭىز ئۈچۈن خۇشالمەن. ئالدىنقى سۆھبىتىمىزدە ئىسمىڭىزنى ۋە ئادرېسىڭىزنى سورىۋېلىشنى ئۇنتۇپتىكەنمەن.

— ئىسمىم ۋە ئادرېسىمنى قالدۇرۇشنى خالىمىغانىدىم. ئېرىم سىز بىلەن سۆزلەشكىنىمنى بىلمەسلىكى كېرەك.

— ئۇنداقتا ھازىر قەيەردىن تېلېفون بېرىۋاتىسىز؟

— ئۆيدىن. ئېرىم يېڭىلا ئىچكىلى چىقىپ كەتتى، لېكىن قايتىپ كەلگىچە تۇرۇپكىنى قويىۋېتىشىم كېرەك.

— چۈشەندىم.

— بايامقى لىكسىيەڭىزنى ئاڭلىدىم. كەچلىك دەرسكە ماڭغان بولۇپ ئۆيدىن چىقىپ ئۇدۇل ئىبادەتخانىغا باردىم. دەرس ئاياغلىشىشتىن ئىلگىرى يەنە مەكتەپكە بېرىۋالدىم. شۇنىڭ بىلەن ئېرىم ئىبادەتخانىدا بولغانلىقىمنى سەزمەي قالدى.

— خوپ، لىكسىيەم قانداق بولدى؟

— قىزىقارلىق بولدى، لېكىن ئۈچ بۇلۇڭگىزنى ياقتۇرمىدىم.

— ياقتۇرمىدىم دېدىڭىزمۇ؟ ئۇنىڭ كەمچىلىكى نېمە؟

— بىرەر كەمچىلىكى يوق، لېكىن كۆڭلۈمگە ياقمىدى. ئۈچ بۇلۇڭنىڭ بىر مۇنچە بۇلۇڭ-پۇچقاق ۋە دوقمۇشلىرى بار. بۇلار كىشىنى بىئارام قىلىدۇ. ئەر-خوتۇنچىلىق مەسىلىسى پۈتۈنلەي تۈز سىزىقلار، بۇلۇڭلار بىلەن شەرھىيلەنگەن، بۇلار ماڭا ياقمايدۇ، كىشىنى بىئارام قىلىدۇ.

— رەھمەت سىزگە.

— ئەر-خوتۇنچىلىقنى ئويلىغىنىمدا، خىيالىمغا پۈتۈنلەي يۇمىلاق، بۈدۈر-چوقۇرى يوق، يۇمشاق، ئىسسىق پىنچەك يېپىنىۋالغان بىر نەرسە كېلىدۇ.

— رەسىمنى ئۈچ بۇلۇڭ ئەمەس، ئۈچكە بۆلۈنگەن بىر چەمبەر شەكلىدە سىزغان بولسام بوپتىكەن-دە.

— كاللامغا يەنە بىر پىكىر كەلدى. تاختىغا سىزغان رەسىمگە قاراپ ئۇنى چېدىرغا ئوخشاتتىم.

— چېدىرغا دېدىڭىزمۇ؟

— شۇنداق، چېدىرنىڭ ئاز دېگەندە ئۈچ تۈۋرۈكى بولىدۇ، بولمىسا ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ. لېكىن چېدىر تىكىلگەندىن كېيىن كىشى ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ بوران-چاپقۇندىن پاناھلىنالايدۇ. يامغۇر ياققاندا چېدىردا بولۇش ناھايىتى ياخشى ئىش، ئائىلىلىك بولۇشنى مانا شۇ شەكىلدە چۈشىنىشنى خالايمەن.

ھازىرغىچە بۇنداق چۈشەندۈرۈش ئەقلىمگە كەلمىگەنىدى.

— ئۆيىڭىزدە ئۆزىڭىزنى راھەت ھېس قىلامسىز؟
— ياق، چۈنكى چېدىرىمىنىڭ يېتەرسىز يەرلىرى بار. ئەڭ نۇقتىلىق يېتەرسىزلىكى سىز «ئايرىلىش» دەپ تونۇشتۇرغان، ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ قانۇنىي رەسمىيىتى بولغان نىكاھ بىزدە يوق.
— ئەگەر چېدىرنىڭ ئۈستى قىسمى بولمىسا، ئىچىگە يامغۇر ئۆتۈپ كېتىدۇ.
— يامغۇر ئۆتۈش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەممە تەرەپتىن راھەتسىز بولىدۇ. چېدىرنى ئوڭشىشىم ئۈچۈن ماڭا كىم ياردەم بېرەلىسۇن؟
— رۇخسەت قىلسىڭىز، سىزگە ياردەم بېرىشنى سىناپ كۆرسەم دەيمەن.
— ئائىلەمدىن ئايرىلدىم، لېكىن يەنىلا قانۇنلۇق ئائىلىگە ئىگە بولالمىدىم.
— شۇنداق، سىزنىڭ ئائىلىڭىزدىن ئايرىلىشىڭىز مۇقەددەس كىتابتا ئېيتىلغىنىدىن پەرقلىنىدۇ. مۇقەددەس كىتابتا ئېيتىلغىنى، ئاتا-ئانا ۋە پەرزەنتنى ئايرىۋېتىدىغان ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى بىر-بىرىگە تېخىمۇ چىڭ باغلايدىغان، بەدەللىك ۋە كۆڭۈللۈك بىر ئايرىلىشنى كۆرسىتىدۇ. سىز ئىتائەتسىزلىك قىلىپ ئاتا-ئانىڭىزنى تاشلىۋېتىپسىز. شۇڭا ھازىر سىز قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا ئۇلار سىزگە ياردەم قىلالمايدۇ.
— لېكىن ئېرىم نېمە ئۈچۈن چېدىرنىڭ ئۈستىنى ياپمايدۇ؟
— ئاتا-ئانىڭىزنىڭ يېنىغا كېتەلمەيدىغانلىقىڭىزنى بىلگەنلىكى ئۈچۈندۇر؟
— ھېچ بولمىغاندا مېنى ئېتىز ئورنىدىمۇ كۆرمەيدۇ.
— بۇنى قانداق بىلدىڭىز؟
— چۈنكى پەرزەنت كۆرۈشنى خالىمايدۇ.
— بەلكىم ئۇ سىزنىڭ ئۈنۈملۈك بىر كۆكتاتلىق ئەمەس، بەلكى بىر گۈلزارلىق بولۇشىڭىزنى خالايدىغاندۇ. پەقەت بىكار بولۇپ قالغان چاغلىرىدا كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغاندۇ.

— لېكىن ئۇ مېنى سېتىۋالمىغان، سۆت ھەققىمۇ بەرمىگەن.
— ئوقۇش خىراجىتىڭىزنى تۆلەيدىكەنغۇ.
— سىزچە بۇ ھەرىكىتى ماڭا بېسىم ئىشلىتىش ئۈچۈن تۆلىگەن باشقا بىر خىل سۆت ھەققى ئىكەندە؟
— ئۆزى بىلەن سۆزلەشمەي تۇرۇپ بىر نەرسە دېيەلمەيمەن، لېكىن شۇنداق بولۇشى مۇمكىن.
— بىراق مەن ئۇنى سۆيىمەن.
— سۆيىدىغانلىقىڭىزنى چۈشىنىمەن، ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا مېنى ئىزدەپ كەلمىگەن بولاتتىڭىز.
— ئۇمۇ مېنى سۆيىدۇ. ئوقۇش خىراجىتىمنى تۆلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ.
— سىز دېگەندەك بولسا ياخشى بولاتتى، لېكىن ئۇ نېمە ئۈچۈن چېدىرنىڭ ئۆستىنى يېپىپ بىرلىكتە ياشىشىڭلارنى قانۇنلاشتۇرمايدۇ؟ ئۇنى ئىزدىشىم ئۈچۈن تېلېفون نومۇرىڭىزنى بېرەلەمسىز؟
— مۇمكىن ئەمەس، ئۇ كەلدى، — دەپلا تۇرۇپكىنى قويىۋەتتى.
چېدىر ئوخشىتىشىنى ئويلىدىم. قىزىق بىر قىز بولسا كېرەك. مۇقەددەس كىتابنى ئاچتىم ۋە ئاخىرىدىكى سۆزلەرگە بېرىلگەن ئىزاھات قىسمىغا قارىدىم. ئىچىدە چېدىر سۆزى بىلەن كەلگەن يۈزلەرچە ئايەت بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم. ئاخىرىدا تەۋراتنىڭ «يەرەميا» قىسمىنىڭ 10-باب 20-ئايىتىنى ئاچتىم: «چېدىرلىرىمىز ئۆرۈلۈپ، تانىلىرى ئۈزۈلۈپ كەتتى. پەرزەنتلىرىمىز بىزدىن ئايرىلىپ كەتتى. چېدىرنى قايتا تىكىدىغان ئادەم يوق. پەردىسىنى ئېسىشقىمۇ ئادەم چىقمىدى»، دېگەن قۇرلارغا كۆزۈم چۈشتى.
مېنى قىزىقتۇرغىنى «چېدىرنى قايتا تىكىدىغان ئادەم يوق» دېگەن ئىبارە بولدى. ئۇ قىزنىڭ ئىسمى ۋە تېلېفون نومۇرىنى بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن، دۇئا قىلىشتىن باشقا ئامال قالمىدى.

ياتىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى. چامادىنىمدىن ئۇخلاش كىيىملىرىمنى ئېلىۋېتىپ، قولۇمغا ئايالىم يازغان بىر خاتىرە چىقتى. ئوقۇپ باقسام: «سىز بىلەن مۇھەببەت ۋە بىرلىك ئىچىدە» دەپ يېزىلغانىدى. ئۆز چېدىرىمنى ئويلاپ ئۇيقىغا كېتىپتىمەن.

ئەتىسى سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، مېھمانخانىنىڭ ئاشخانىسىدا ياخشى ناشتا قىلدىم. ياتىقىمغا قايتىپ بىرئازدىن كېيىن دانىيەل كەلدى. ئۇ لېكسىيەم ھەققىدە بىرمۇنچە خەۋەرلەرنى ئېلىپ كەلگەنىدى. دانىيەلدىن لېكسىيەمگە ياشانغانلارنىڭ ئىنكاسى قانداق بولغانلىقىنى سورىدىم.

ــ ئومۇمەن ئىنكاسى ناھايىتى ياخشى. ئەڭ چوڭلىرىدىن بىرى ماڭا: «ئىبادەتخانىدا ئەر ـ خوتۇنچىلىق ھەققىدە سۆزلەيدىغانلىقىنى دەسلەپ ئاڭلىغىنىمدا گۇناھكار بىرى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغانىدىم، ھازىر چۈشەندىمكى، ئەر ـ خوتۇنچىلىقمۇ خۇدا كۆڭۈل بۆلگەن بىر مەسىلە ئىكەن» دېدى.

ــ مۇشۇ نۇقتىنى ياخشى چۈشەندۈرەلىگەن بولسام بولغىنى.

ــ ھەممىدىن نېمىگە خۇشال بولدۇم، بىلەمسىز؟ جامائەت ئىچىدە پەرزەنتسىز بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن بولۇپ، ئۇلار پەرزەنت كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن كۆڭلى ناھايىتى يېرىم ئىدى. لېكىن بىر ـ بىرىنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرەتتى ۋە ئاجرىشىپ كېتىشنى زادى ئويلاشمايتتى. شۇ سەۋەبتىن پەرزەنتى بولماسلىق كەمچىلىك ئەمەسلىكىنى ئاڭلاش ئۇلارغا يېڭى بىر ئۈمىد بېرىپتۇ.

ــ دېمەك سىلەرنىڭ جامائىتىڭلار ئارىسىدىمۇ ئېتىز تەسەۋۋۇرىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك ئىكەن ـ دە.

ــ شۇنداق. بالىنىڭ ئەرنىڭ ئۇرۇقىدىن پەيدا بولىدىغانلىقى، ئوغۇل بالىلارنىڭ قىز بالىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى، ئېتىزنىڭ سېتىپ ئېلىنىدىغانلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىدىكەن.

دانىيەلنىڭ سۆز قابىلىيىتىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدۇم. ئۇ

مەسىلىلەرنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى چۈشىنىشتىكى چوڭقۇر سەزگۈسى بىلەن ماڭا تەرجىمانلىقتا ياراپ قالدى. ئۇ بولغاچقا لېكسىيە سۆزلەشتە خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالدىم. دانىيەل ھەقىقىي بىر دوستۇم بولۇپ قالدى.

— خەۋىرىڭىز بار دانىيەل، — دېدىم، — مەن شۇنداق ئىشەنچىگە كەلدىمكى، ئاساسەن پۈتۈن دۇنيادا نىكاھ مەسىلىسىدە پەقەت ئىككى چۈشەنچە بار. ئۇ بولسىمۇ ئېتىز تەسەۋۋۇرى بىلەن تەۋرات ۋە ئىنجىلدە تەلىم بېرىلگەن ئۈچ بۇلۇڭ چۈشەنچىسى. تەبىئىيكى، بۇلارنىڭ ئۈستىدە ھەر خىل ئوخشىماسلىقلار ۋە چەتنەشلەر بولۇشى مۇمكىن.

دانىيەل بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ مەسىلە «ئايرىلىش» چۈشەن-چىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، — دېدى، — پەرزەنتلىرىمىز يا ئاتا-ئانىنىڭ ماقۇللۇقىسىز قاچىدۇ ياكى ئائىلىلىرىدىن زادى ئايرىلماي ئولتۇرۇپ قالىدۇ. ھەر ئىككى ئەھۋالدا ئەر-خوتۇنچىلىق تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىدۇ. بۇ يەردىكى كىشىلەر ئائىلە رىشتىلىرىنى تولۇق ئۈزمەي تۇرۇپ، قانداق ئايرىلىشنى چۈشەنمەيدۇ. ھەم باغلىنىش، ھەم ئايرىلىش قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

— بۇنى چۈشەندۈرۈش ئاسان ئەمەس، بەلكىم ئەيسانىڭ ئەمەلىيىتى بۇ ھەقىقەتنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە چۈشەندۈرەر. پاۋلۇس ئەفەسلىكلەرگە يازغان خېتىدە شۇنداق دەيدۇ: «شۇ سەۋەبتىن ئەر ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىشى كېرەك. بۇنى ئەيسا مەسىھ ھەققىدە ئېيتىۋاتىمەن.» ئەيسا ئەرشتىكى ئاتىسىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، يەنە ئۇنىڭ بىلەن بىر ئىدى. نېمىسلار ئېيتىدىغان مۇنداق بىر مۇناجات بار: «ئوغۇل ئاتىسىدىن ئايرىلىدۇ، لېكىن يۈرىكى مەڭگۈ ئاتىسىنىڭ ئۆيىدە قالىدۇ.»

— توغرا، لېكىن بۇنى بىزنىڭ ئادەملىرىمىزگە چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسىز؟

— تىرىشىپ باقاي، — دەپ جاۋاب بەردىم، — لېكىن دانىيەل

سىزدىن سورىماقچى بولغان بىر ئىش بار، تۆنۈگۈن ئاخشامقى لېكسىيەمدە سىزگە ئەڭ تەسىر قىلغان نەرسە نېمە؟
دانىيەل دەرھال جاۋاب بەردى:
— ئەر-خوتۇننىڭ بىر-بىرىگە يېقىنلىقى، ھەممە كىشىدىن ۋە ھەممە نەرسىدىن يېقىن بولۇشى. ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنىڭ باشلىقى بولۇش سۈپىتىم بىلەن خىزمەت ۋە ئائىلە تۇرمۇش مەسىلەمنى تەڭ ئورۇنغا قويۇپ بىر تەرەپ قىلىش ماڭا نىسبەتەن ناھايىتى قىيىن مەسىلە. ئايالىمغا يېتەرلىك ۋاقىت ئاجرىتال-مايمەن. ئىشنى بىرىنچى ئورۇنغا، ئايالىمنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويىمەن. ئاۋيال تاماق ۋاقىتلىرىغا رىئايە قىلىشىمغا زادى ئىشەنچە قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ توغرا، ھەتتا تاماقلاردا بىللە بولالىساممۇ، ھەمىشە مېھمانلار كېلىپ قالىدۇ، تېلېفونلار جىرىڭلايدۇ. ئۈچ-تۆت قېتىم داستىخاندىن تۇرۇشۇمغا توغرا كېلىدۇ.
— تۆنۈگۈن ئەستەر بۇ توغرىلىق ئېيتقىنىدا چاقچاق قىلدىمۇ ياكى رەسمىي دېدىمۇ بىلەلمىدىم - دېدىم مەن.
— رەسمىي دېدى. ۋالتىر، ئۇ توغرا دېدى. لېكىن بۇ ئەھۋالنى قانداق ئۆزگەرتىشىمنى بىلمەيمەن. ئۇنىڭدىن باشقا بىللە بولۇش ھەققىدە ئېيتقانلىرىڭىزمۇ مېنى ناھايىتى تەسىرلەندۈردى. بىز بىللە بولالمايمىز. بىللە بولۇشقا ۋاقتىمىز يوق.
دانىيەل سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقىنىدا تېلېفون جىرىڭلىدى. يەنە ئالدىنقى كېچە مېنى ئىزدىگەن خانىم ئىدى.
— قەيەردىن تېلېفون بېرىۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدىم.
— مەكتەپتىن، تەنەپپۇس ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ بېرىۋاتىمەن.
— ئېرىڭىزگە مەن بىلەن كۆرۈشۈشى توغرىلىق بىر نەرسە دېدىڭىزمۇ؟
— دېدىم.
— تۆنۈگۈن ئاخشام سىزنىڭ دەردىڭىزگە داۋا بولىدىغان بىر ئامال تاپتىم. مۇقەددەس كىتابىڭىز بارمۇ؟

— بار. كەنتىمىزدىكى ئىنجىل مەكتىپىدە ئوقۇپ يۈرگەن ۋاقتىمدىكى مۇقەددەس كىتابىمنى ساقلاپ كېلىۋاتىمەن.
— ئۇنداق بولسا، تەۋراتنىڭ «يەرەميا» قىسمىنىڭ 10-باب 20-ئايىتىنى ئوقۇڭ. سىزگە ياردەم بېرىدۇ.
— ماقۇل. خۇداغا ئامانەت، دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىقى چېلىندى. خوش ئەمسە.
تۇرۇپكىنى ئورنىغا قويدۇم. دانىيەلگە قاراپ:
— بۇ مېنىڭ ئىسمىسىز ئىزدىگۈچىم، — دېدىم، — ئۇنىڭ مېنى ئۈچىنچى قېتىم ئىزدىشى. ئەر-خوتۇنچىلىقنى قانۇنلاشتۇرۇشنى خالىمىغان بىر كىشى بىلەن بىللە ياشاۋېتىپتۇ. ئۇ كىشى ئۇنى مەكتەپكە ئەۋەتىدىكەن. قىز بۇ ھەرىكەتنى ئۇنىڭ مۇھەببىتىنىڭ بىر ئىسپاتى دەپ قارايدىكەن.
— بۇنداق ئەھۋاللار يۇرتىمىزدا كۆپ، — دېدى دانىيەل، — رەسمىي نىكاھلىنىشىدىغانلار ناھايىتى ئاز. ھۆكۈمەت ئاجرىشىشنى قىيىنلاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر رەسمىي نىكاھلىق بولۇشتىن قاچىدۇ. ھەتتا بەزىلەر بىر نەچچە بالىلىق بولغاندىن كېيىن ئىبادەتخانىغا نىكاھ قىلىپ قويۇش توغرىسىدا مۇراجىئەت قىلىدۇ. بۇ يەردىكى ئەھۋال سىزنىڭ ئۈچ بۇلۇڭىڭىزدىكىدەك تۈز سىزىقلىق ئەمەس، ھەر خىل بولىدۇ.
— بۇنى ئېسىمگە سېلىپ قويغانلىقىڭىزغا رەھمەت، تېلېفوندىكى خانىممۇ ئۈچ بۇلۇڭنى ياقتۇرمىدى. ئۈچ بۇلۇڭ ئۆزىنى بىئارام قىلغانلىقىنى ئېيتتى.
— مېنىمۇ بىئارام قىلدى، — دېدى دانىيەل كۈلگەن ھالدا.
— ناھايىتى ياخشى، ئەمدى سىزنىڭ مەسىلىڭىزگە كېلەيلى. بۈگۈن ئاخشامقى لېكسىيەم ئاياغلاشقاندىن كېيىن، بالىلىرىڭىزمۇ ئۇخلاپ قالغاندا كەچلىك تاماقتا بىللە بولساق قانداق؟ ئەر-ئايال ئىككىڭلار بىلەنمۇ كۆرۈشمەكچىمەن.
كەچتە، مورربىس مېنى ئېلىپ كەتكىلى كەلگىنىدە يېنىدا

يۈزلىرىنى قورۇق باسقان، بېشىغا ئاق ياغلىق سالغان، ۋىجىككىنە كەلگەن بىر ياشانغان ئايال ئولتۇراتتى. ئۇياق ماگا گويا مەن ئۇلارنىڭ تىلىنى چۈشىنىدىغاندەك سۆز قىلدى. موررېس تەرجىمە قىلىپ بەردى:

— سىزگە سالام بەردى، ئۆزىنىڭ ئىگىسىز بىر مال ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، — دېدى ئۇ.

— تۈنۈگۈن ئاخشامقى لېكسىيەمنى سىزگە ئوغلىڭىز يەتكۈزدىمۇ؟

بېشىنى لىڭشىتىپ تەستىقلىدى ئۇياق، ئاندىن:

— موررېس مېلى بولمىغان بىر خوجايىن، — دېدى ئوغلىنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ.

— ياخشى ئوغلىڭىز بار ئىكەن.

— ماگا ناھايىتى ياخشى قارايدۇ.

— ئوغلىڭىز بىلەن پەخىرلەنسىڭىز بولىدىغەندەك.

— لېكىن ئۆيلەپ قويسام بولاتتى. ئايالىغا ياخشى مۇئامىلە قىلاتتىم. ئارتۇق ئىشقىمۇ سالمايتتىم. ئىككىسىنىڭ تامىقىنىمۇ ئۆزۈم ئېتىپ بېرەتتىم.

موررېس ئاخىرقى سۆزىنى ماگا تەرجىمە قىلىپ بەرگەندىن كېيىن مەن ئۇنىڭغا:

— ئايالىڭنى ئۇنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كىرىشىڭنى ۋە ئىشلىرىڭلارنى داۋاملىق ئۆزى قىلىدىغانلىقىنى ئويلىسا كېرەك، — دېدىم، — مېنىڭ ئايرىلىش ھەققىدە ئېيتقانلىرىمنى ئاپاڭغا ياخشى چۈشەندۈرۈپ قويساڭ بولىدىغەندەك، بولۇپمۇ ئاپاڭ سىلەرنىڭ ئۆيگە كەلگەن تەقدىردىمۇ ئوچاق بىشىدىكى ئىشلارنى كىم قىلىشى كېرەكلىكىنى ئۇنىڭغا ناھايىتى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ قويۇشىڭ كېرەك.

— بۇنى ئۇنىڭغا سىز چۈشەندۈرۈپ قويسىڭىز بولاتتى، — دېدى موررېس ماگا، — سىزنىڭ ئېيتقىنىڭىز تېخىمۇ ئىشەنچلىك بولىدۇ. بەزى ئىشلارنى ئۆزى ئېيتقاندىن يات بىرى ئېيتسا ئاسان قوبۇل قىلىدۇ.

— مېنىڭچە، ئايرىلىش مەسىلىسى ھەممە كىشىگە تەس كېلىدۇ. كىشىلەرگە تەس كېلىدىغان بۇ چۈشەنچە بىزگە ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. بۇ خۇداغا ئائىت بىر ئۇقۇمنىڭ بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىز ئىبادەتخانىغا كېلىپ قالغانىدۇق. ئالدىنقى ئاخشامقىدەك ئىبادەتخانىدا يەنە جامائەت لىق تولغانىدى. دانىيەلنىڭ يېنىدا مۇنبەردە تۇرۇپ، ئۇ يەردىكى جامائەتكە بېرىدىغان تەلىم ھەققىدە ئۆزۈمنى دانىيەل بىلەن تولۇق بىر گەۋدىدەك ھېس قىلدىم.

# 4

— تۈنۈگۈنكى لېكسىيەمىزدە ئىككى كىشى ئارىسىدىكى «ئايرىلىش، مۇھەببەت بىلەن باغلىنىش ۋە بىر تەن بولۇش»تىن تەركىب تاپقان ئەر-خوتۇنچىلىق توغرىسىدىكى ئۈچ بۆلۈك ھەققىدە توختالغاندۇق. كېيىن بىر خانىم ماڭا تېلېفون بېرىپ، مەن تاختىغا سىزغان ئۈچ بۆلۈكنى ياقتۇرمىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ، ئۈچ بۆلۈكنىڭ بىرمۇنچە بۆلۈك-پۇچقاق ۋە دوقمۇشلىرى بار ئىكەن، بۇلار كىشىنى بىئارام قىلىدۇ، — دېدى.

مەن ئۇياقنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندىم. سىلەرمۇ نىكاھ، مۇھەببەت ۋە جىنسىيەتتىن تەركىب تاپقان ئەر-خوتۇنچىلىقتىكى بۇ ئۈچ بۆلۈك ئۆلۈك ۋە ئۆزگەرمەس ئەمەس، جانلىق بىر نەرسە دەپ چۈشىنىشكە تىرىشىڭلار.

مەسىلەن، بىر سېرك ئويۇننى ئالايلى. بىر قېتىم بىر سېرك ئويۇنىدا ئۈچ سېھىرگەرنى كۆرگەنىدىم. ئۇلار بىر-بىرىدىن ئۈچ بۆلۈكنىڭ ئۈچ نۇقتىسىدەك تەڭ يىراقلىقتا تۇرۇپ، ھەر بىرى ئىككى بۇرادىرىگە بىردىن توپ تاشلاپ بېرەتتى ۋە ھەر ئىككى بۇرادىرىدىن كەلگەن توپلارنى دەرھال تۇتۇۋالاتتى. ئۇلار ھەربىر توپنى تۇتۇپ ئالغىنىدەك، يەنە ئۇنى قايتۇرۇشى كېرەك ئىدى. بۇ ئېلىش-بېرىش رىتىمىنى داۋاملاشتۇرۇش جەريانىدا ئويۇن ھەيران قالارلىق بىر ئوخشاشلىق ئىچىدە داۋاملاشتى.

ئەر-خوتۇنچىلىقمۇ بۇ خىل ماھارەتلىك ئويۇنغا ئوخشايدۇ. ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ داۋاملىشىش ئالاقىسى قانۇنىي، ئىجتىمائىي ۋە


جىسمانىي تەرەپلەرنىڭ ئۆزئارا تەسىرلىرىگە تايىنىدۇ...

مەن سومكامدىن ياغاچتىن ياسالغان بىر ئۈچ بۇلۇڭنى ئېلىپ ئاكتىلىغۇچىلارغا كۆرسەتتىم ھەمدە ئۈچ بۇلۇڭنىڭ بىر بۇلۇڭنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئەر-خوتۇنچىلىق مۇھەببەتكە موھتاج، — دېدىم، — ئەر-خوتۇنچىلىق قانائەت ۋە بەختنى مۇھەببەتتىن ئالىدۇ. مۇھەببەت ئەر-خوتۇنچىلىققا قىلىنغان بىر ھەدىيەدۇر. ئۇ پۈتمەس-تۈگمەس ئۈمىد بىلەن ئەر-خوتۇنچىلىقنى يېتىشتۈرىدۇ. مۇھەببەت تومۇرلاردىن ئاققان قانغا ئوخشايدۇ، ئۇ ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ جانلىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

نىكاھ ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن ئەر-خوتۇنچىلىق مۇھەببەت بەرگەن خۇشاللىقنى ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ جىسمانىي بىرلەشمىسىگە ئۆتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر تەن بولۇش بىرلىكىگە ئىشەنچلىك بىر پاناھ تېپىلغان بولىدۇ. ئۆتكەندە بىر خانىم ماڭا ئەر-خوتۇنچىلىقنى بىر چېدىردەك ئويلىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ھەقىقەتەنمۇ ئەر-خوتۇنچىلىق جىسمانىي ئورتاقلىق ئۈچۈن بىر پاناھگاھدۇر. قەدىردانلار بۇ پاناھگاھنىڭ ئىچىدە ئۆزلىرىنى مۇھاپىزەت ۋە ئىشەنچىدە ھېس قىلىدۇ. گۇماندىن يىراق، ئەڭ يۈكسەك قانائەت ۋە ھەقىقىي ھۇزۇردىن بەھرىمەن بولىدۇ.

بۇ ھۇزۇر مۇھەببەتنى چىڭىتىدۇ ۋە داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ھېسسىياتلارغا ئۆزگەرمەس بىر ئاساس سالىدۇ. بىر چېدىر ئىچىدە بىر تەن بولۇپ بىرلىشىش مۇھەببەتنى كۈچەيتىدۇ ۋە تېخىمۇ يېتىلدۈرىدۇ، مۇھەببەتنى رىشتىگە ئايلاندۇرىدۇ ۋە مەڭگۈ داۋاملاشتۇرىدۇ.



## ئۆزئارا تەسىرلەر

مۇھەببەت جىسمانىي بىرلىشىشتىن كۈچ ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ يەنە جىسمانىي بىرلىشىشكە كۈچ بېرىدۇ. مۇھەببەت جىسمانىي جەھەتتىن باراۋەرلىككە موھتاج. بۇ باراۋەرلىك مۇھەببەتنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. مۇناسىۋەتكە مەزمۇن قوشىدۇ ۋە ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئەر-خوتۇنچىلىق داۋامىدا، مۇھەببەت تولۇق مەنىسى بىلەن بىر مۇھەببەت كۆرۈنۈشىگە ئايلىنىدۇ. نەتىجە شۇكى، رەسمىي نىكاھ بىلەن چېدىرى تىكىلگەن بىر ئەر-خوتۇنچىلىقتا مۇھەببەت پەقەت ئالغۇچى ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەر-خوتۇنچىلىقنى قوغدايدىغان بەرگۈچى خۇسۇسىيىتىگە ئىگىدۇر. ئەر بىلەن ئايال بىر-بىرىگە تەنلىرىنى ئاتاپ نىكاھلانغاندىن كېيىن، ئۆزئارا قىلىشقان ۋەدىنى قايتا-قايتا تەكرارلىشىدۇ.

ئەر-خوتۇنچىلىق مۇھەببەتنى مەڭگۈ تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ۋەدە يېتىشتۈرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئەر-خوتۇن نىكاھلانغاندىن كېيىن بىر-بىرىگە يۆلىنىپ، ئۆزئارا قىلىشقان ۋەدىلىرىنى ئەسلىشىدۇ. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن «ساڭا باغلاندىم» دېيىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەر-خوتۇنچىلىق مۇھەببەتنىڭ مۇھاپىزەتچىسى بولىدۇ.

## خۇدانىڭ ئىرادىسى

— دەۋرىمىزدە جىنسىيەت، مۇھەببەت ۋە ئائىلە مەسىلىسىدە چوڭ قالايمىقانچىلىقلار بار. بۇ پەقەت ئافرىقىدىلا ئەمەس، شەرق ۋە غەربتىمۇ شۇنداق. بۇ ھەقىقەتنىڭ نۇرى ئاستىدا، تەۋرات ۋە ئىنجىلدىكى يول كۆرسەتكۈچى ئايەتلىرىمىز بىزگە سايىۋەنلىك رول ئوينايدۇ. بۇ يەردە ئەڭ چوڭ مەسىلە شۇكى، خۇدانىڭ جىنسىيەت، مۇھەببەت ۋە ئائىلە مەسىلىسىدە بىزدىن تەلەپ قىلىدىغىنى نېمە؟ خۇدا بۇلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ؟ بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىشكە ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايدۇ.

شۇڭا، بۇ زىددىيەتلىك زاماندا ھەرىكەتلىرىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن بېرىدىغان بىر تەكلىپىم بار:

خۇدانىڭ ئىرادىسى كۆچلەرنىڭ تەگىپۇڭ ھالدا بىر-بىرىگە ئۆزئارا تەسىر قىلىشىدىدۇر. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئۆزئارا تەسىرنى ئالغا سۈرۈش ئۈچۈن قىلىنغان ھەممە ئىش خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇندۇر ۋە بۇنداق ئۆزئارا تەسىرگە توسالغۇ بولىدىغان ھەرقانداق ئىش خۇدانىڭ ئىرادىسىنىڭ سىرتىدىدۇر.

بۇ چۈشەنچە ئەر-خوتۇنچىلىق جەريانىدا تەدبىقلىنىدىغان-لىقلىقىدەك، ئائىلىلىك بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆز-ئۆزىمىزگە شۇ سوئالنى قويۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئورناتقان ئالاقىلىرىمىز بىزنى ئائىلىلىك بولغاندىن كېيىن كۆچلەرنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرستىشىگە ھازىر قىلامدۇ ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولامدۇ؟ ئەر-خوتۇنچىلىق جەريانىدا، ئۇنداق ياكى بۇنداق ھەرىكىتىمىز ئۆزئارا تەسىر كۆرستىشنى چوڭقۇرلاشتۇرامدۇ ياكى ئۇنى بۇزامدۇ؟

جانلىق بىر ئۈچ بۇلۇڭدا كۆچلەرنىڭ بىر-بىرىگە ئۆزئارا تەسىرلىرى ئىجادىي ئالاھىدىلىكلەر بىلەن تولغان. تەۋراتنىڭ «يارىتىلىش» قىسمىنىڭ 2-باب 12-ئايىتىدە، خۇدا بىزگە ھەر خىل مەدەنىيەتلەردە ياشىغان ۋە ھەر خىل ئەھۋالدا بولغان ئىنسانلار ئۈچۈن يول كۆرستىدۇ. خۇدانىڭ ئىرادىسى پەقەت مەلۇم بىر دىن ئۈچۈن ئەمەس، پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن كۆچكە ئىگىدۇر. مۇقەددەس كىتابتا كۆرگەن جانلىق ئۈچ بۇلۇڭ مىسالىنى خۇدا پۈتۈن ئىنسانلارغا كۆرسەتتى. بۇنداق دېيىشىمىنىڭ سەۋەبى، بۇ خۇدانىڭ ھەدىيەسىدۇر. خۇدا بىزگە بۇرۇن بەرمىگىنىنى بىزدىن تەلەپ قىلمايدۇ...

ئاڭلىغۇچىلار خىيالچان بىر جىمجىتلىق ئىچىدە ئولتۇرۇپ، قولۇمدىكى ئۈچ بۇلۇڭغا ۋە تاختىدىكى سىزمىغا قارىشاتتى. ئۇلارنىڭ خىياللىرىنى چىرايىدىن كۆرۈۋېلىشقا تىرىشتىم.

— جاسارىتىڭلارنى بىرئاز سۇندۇرغان بولۇشۇم مۇمكىن. سىلەر ماڭا: «ئەگەر ئەر-خوتۇنچىلىق شۇنداق تىرىشچانلىق كۆرستىشكە

تىگىشلىك بىر سەنئەت بولسا، مۇكەممەل بىر جۈپ ئەر-خوتۇن بولۇش ئۈچۈن باسىدىغان يولۇم ناھايىتى ئۇزۇن ئىكەن» دېيىشكىلار مۇمكىن. مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن. دانىيەلنىڭ ھېسسىياتىمۇ سىلەرنىڭكىدىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدۇ...

دانىيەل سۆزلىرىمنى بېشىنى لىڭشىتىپ تەستىقلىدى.

— پۈتۈنلەي نۇقسانسىز بىر ئەر-خوتۇنچىلىق تېپىلمايدۇ. ئەر-خوتۇنچىلىق بىزنى كىچىك پېئىل قىلىدۇ. ئىنسانىنىڭ كىچىك پېئىللىقىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئەڭ ئىشەنچىلىك يول ئەر-خوتۇنچىلىقتۇر. ئۈچ بۇلۇڭىمىزنىڭ بۇلۇڭلىرىنىڭ بىرى ئۈستىدە داۋاملىق غەيرەت قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئىشىنىمەنكى، ئەر-خوتۇنچىلىقتا ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلىلەرنىڭ كۆپچىلىكى، ئۈچ بۇلۇڭنى تەشكىل قىلغان ئۈچ تەرەپنىڭ بىرىنىڭ كەملىكىدىن ياكى يېتەرسىزلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئەمدى ئۈچ بۇلۇڭ چۈشەنچىمىز بويىچە ئائىلىدە بولىدىغان بەزى كېسەللىك-لەرگە دىئاگنوز قويۇپ باقايلى. ھەممىڭلارنى ئائىلە دوختۇرى دەيلى. بىز زىيارەت قىلىدىغان ئائىلە كېسەلخانىسىدا سىلەرنى بەزى بىمارلىرىم بىلەن تونۇشتۇرۇشۇمغا رۇخسەت قىلىڭلار. بىرىنچى بىمار ئۈچ بۇلۇڭنىڭ سول بۇلۇڭى تۆپەيلىدىن ئازاب چەككەن بىرى بولۇپ، ئارىدىكى مۇھەببەت سۇسلىشىپ كەتكەن. مەن بۇ بىمارغا، مۇھەببەت كەمچىللىكى نامىنى قويدۇم.

## مۇھەببەت كەمچىللىكى

— رۇخسەت قىلساڭلار، سىلەرگە ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتەي. بۇ بىر جۈپ جورىلار ئۇزۇن يىللىق قانۇنلۇق ئەر-خوتۇن بولۇپ، جىسمانىي جەھەتتىكى مۇناسىۋەتلىرى بار. لېكىن مۇھەببىتى تۈگىگەن. بۇنىڭ سەۋەبى خىلمۇ-خىل بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم ناھايىتى كىچىك نىكاھلانغان، ياكى ئالدىراپ كەتكەن ۋە ياكى ئۇلارنىڭ مۇھەببەت دەپ ئويلىغىنى باغلىنىش خۇسۇسىيىتىدىن

مەھرۇم قالغان، ياكى ئەر-خوتۇنچىلىقى پۈتۈنلەي جىسمانىي جەھەتتىكى جەلپ قىلىش كۈچى ئۈستىگە قۇرۇلغان، يىللار ئۆتكەنسېرى بۇنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى يوقالغان، ياكى مۇھەببەتنى يېتىشتۈرۈش ۋە يالقۇنجىتىشقا سەل قاراپ، ئۆزلىرىنى ئۆي ئىشلىرى، كەسپى ئىشلار ۋە باللىرىغا ئاتىغان، ھەرقايسىسى بىر-بىرىگە ئورتاقلاشماي، ئوخشىمىغان ھەۋەسلەرگە بېرىلىپ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئورتاقلىقلىرىنى يوقاتقان.

بۇ خەتەرلىك كېسەلدۇر. بۇ خىل ئەھۋالغا ھېچقانداق ئەر-خوتۇنچىلىق مۇناسىۋىتى ئۇزۇن ۋاقىت بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. دەسلەپتە كېسەللىك «ئەر-خوتۇنچىلىق كۆرۈنۈشى» ئاستىغا ئاسانلا يوشۇرۇنىدۇ ۋە ئۇلارنى ئازدۇرىدۇ. ئەر-خوتۇن يەنىلا بىر ئۆيدە ياشايدۇ. لېكىن ئەھۋال باشقىچە بولىدۇ.

دەسلەپتە ئۇ كېسەللىك دەپ قارىلىدۇ، كېيىن بارغانسېرى مۇنداق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ: جورىلار سۆزدە ۋە ھەرىكەتتە بىر-بىرىنى سۆكۈشكە باشلايدۇ. ھەر ئىككىلىسىدە بولىدىغان بۇ سۆكۈشلەر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مۇناسىۋەتنى يىرىكلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى يىراقلاشتۇرۇشقا ۋە چوڭقۇر بىر ئاداۋەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

بۇ ئاداۋەت كۆڭلەرنىڭ بىرىدە جىسمانىي مۇناسىۋەتكىمۇ تەسىر يەتكۈزمەي قالمايدۇ. ئۈچ بۇلۇڭنىڭ ھەربىر بۇلۇڭىنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، بىرىدىكى كېسەللىك تەبئىي ھالدا يەنە بىرىگىمۇ ئۆتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت بىر يۈككە ئايلىنىپ قالىدۇ. جىنسىيەت بىلەن ئەر-خوتۇنچىلىق ئوتتۇرىسىدا ئېغىر دەرىجىدە يىراقلىشىش كېلىپ چىقىدۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئەر ئۆزىنى ئايالدىن ياخشى چۈشىنىدىغان باشقا بىر ئايال ئىزدەشكە باشلايدۇ. ئايال بولسا، ئۆزىگە ئېرىدىن ياخشى كۆڭلىنى ئاچىدىغان بىر ئەر تاپىدۇ. كۆندەشلىك باش كۆتۈرىدۇ. ئوي-پىكىردىكى ساداقەتسىزلىكنىڭ ئورنىنى جىسمانىي جەھەتتىكى ساداقەتسىزلىك ئالىدۇ. نەتىجىدە قانۇنلۇق ئاساسنى چېرىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۈچ

بۇلۇڭنىڭ ئۈستۈنكى بۇلۇڭىمۇ زېدىلىنىدۇ.

بۇ كېسەللىك مىڭلارچە فىلىم ۋە رومانلاردا ئۇچراپ تۇرىدۇ. لېكىن مەسىلە كىتاب ۋە فىلىملارغا خاتا كىرگۈزۈلگەن ۋە مۇھەببەتنىڭ ئۆلۈشىدە گۇناھ ئەر-خوتۇنچىلىقتا يۈكلەنگەن بولۇپ، تاماشىبىنلارنى مۇھەببەتنىڭ پەقەت ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ سىرتىدا يېتىشەلەيدىغانلىقىغا، پەقەت «ئەركىن» داۋاملاشقان مۇھەببەتنىڭ جەلپ قىلىنارلىق، قانائەتلىنەرلىك بولىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرمەكچى بولىدۇ. بۇ خاتا دىئاگنوزدۇر. مۇھەببەتنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولغان ئەر-خوتۇنچىلىق ئەمەس، مۇھەببەتنىڭ يېتەرسىزلىكىدۇر. ئەر-خوتۇنچىلىقتىن سىرتقى مۇھەببەت ئاسانلا ئۇلغىيىپ كۆيۈۋاتقان بىر ئوت ھالىغا كېلىدۇ ۋە ئاخىرىدا قەدىردانلارنى يۇتىدۇ.

بۇ يەردە فىلىم ۋە رومانلاردا كۆرسىتىلمىگەن بىر ئېھتىماللىق بار. ئۇ بولسىمۇ ئۈچ بۇلۇڭنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ داۋاملاشقان بەختلىك بىر ئەر-خوتۇنچىلىق مۇناسىۋىتى ئىچىدە بىخلىغان مۇھەببەتتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقىي داۋا بولۇشى كېرەك. لېكىن داۋا مۇھەببەتنىڭ پۈتۈنلەي ئۆلۈشىدىن ۋە كېسەللىكنىڭ ئۈچ بۇلۇڭنىڭ قالغان بۇلۇڭلىرىغا تارقىلىشىدىن ئاۋۋال ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك.

ئەمدى ئىككىنچى بىمار، يەنى بىمارنىڭ جورىسى ئۈستىدە توختىلايلى. بۇلارنىڭ مەسىلىسى ئۈچ بۇلۇڭنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. مەن بۇ بىمارغا ئوغرىلىقچە ئەر-خوتۇنچىلىق دېگەن نامنى بېرىمەن.

## ئوغرىلىقچە ئەر-خوتۇنچىلىق

— بۇ خىل كېسەللىك ئالامەتلىرىنى قىسقىچە مۇنداق دېيىشكە بولىدۇ. جورىلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى بىر-بىرىنى ياخشى كۆرىمىز، دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جىنسىي مۇناسىۋەتلىرىمۇ بار، لېكىن قانۇنىي جەھەتتە ئەر-خوتۇن ئەمەس.

ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ قانۇنىي پائالىيىتىنى مۇتلەق بىر شەكىل، بۇنىڭغا ئىككىيلەن خالىغان ۋاقىتتا ئېرىشەلەيدىغان، بەلكىم ھېچ ھاجىتى بولمىغان ئەھمىيەتسىز بىر ئالامەت دەيدىغان قاراش زامانىمىزدا كەڭ تارقالغان بىر خىل خاھىشتۇر. كىشىلەر مۇھەببەت ۋە جىنسىيەتنىڭ ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ پۈتۈن تەرەپلىرىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

بەزىلەر جىددىي ھالدا سىناق تەرىقىسىدە ئەر-خوتۇن بولۇشنى تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ ئۆزئارا چىقىشالايدىغان-چىقىشالمايدىغان-لىقلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ بىر مەزگىل بىرلىكتە ياششى كېرەكلىكىنى ئالغا سۈرىدۇ. ئەگەر نەتىجە ئويلىغان يەردىن چىقمىسا ئاجرىشىش رەسمىيىتى ئۆتىمەيلا ئايرىلىپ كېتىدۇ. بۇ جىنسىيەت ۋە مۇھەببەت ئەر-خوتۇنچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ھەممە جەھەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دەيدىغان خاتا قاراش ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر. ئەر-خوتۇنچىلىق پەقەت بۇ ئىككىلا جەھەتتىن تەشكىل تاپمايدىغانلىقى تۈپەيلىدىن، بۇ يول ئەر-خوتۇنچىلىق ئۈچۈن ئۈنۈملۈك بىر سىناق بولالمايدۇ.

بۇنداق ئەر-خوتۇنچىلىق سىرتىدىكى مۇناسىۋەت بىر خىل كېسەلدۇر. نەتىجىدە يۈرەك زېدىلىنىدۇ، بولۇپمۇ قىزنى ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇنىڭ ھاياتى نابۇت بولىدۇ. سىلەرنىڭ قانداق ئويلايدىغانلىقىڭلارنى بىلمەيمەن، لېكىن بىرمۇنچە دۆلەتلەردە قىزلىقنى يوقاتقان بىر قىز ئاسانلىقچە ئەرگە تېگەلمەيدۇ. بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە نىكاھلانماي تۇرۇپ ھامىلدار بولۇپ قېلىش چوڭ ئوڭۇشسىزلىقلارغا يول ئاچىدۇ. قىزنىڭ ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقى ئاشكارىلىنىپ قالسا، كۆپ چاغلاردا دەرھال ۋە مەجبۇرى نىكاھلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئەر-خوتۇنچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ كۆپچىلىكى كېيىن ئاجرىشىپ كېتىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇنداق بىرلىشىشلەردىن تۇغۇلغان ۋە ئەر-خوتۇنچىلىق پاناھىگاھىدىن مەھرۇم بالىلارنىمۇ ھېسابقا

ئېلىشىمىز كېرەك. پاناھگاھنىڭ ئۆگزىسى بولمىسا، ئىچىگە يامغۇر ياغىدۇ. پەرزەنتلەر پەقەت ئائىلە چېدىرىنىڭ پۈتۈنلۈكىدىن ئەمەس، بەلكى ئاتىلىرىدىنمۇ مەھرۇم بولىدۇ. بۇنىڭ پەرزەنت ئۈچۈن قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىش قىيىن، لېكىن قەتئىي ھالدا پاناھگاھنىڭ ئۆگزىسى ئۈچۈن جامائەت ئالدىدا رەسمىي بىر ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ بولۇشى شەرت...

بۇ نۇقتىنى سۆزلەۋېتىپ ئىختىيارسىز ھالدا ھېلىقى مېنى ئىزدىگەن «ئىسمى نامەلۇم» ئايالنى ئېسىمگە ئالدىم. ئەجەبا لېكسىيە ئاڭلىغۇچىلار ئارىسىدا ئۇمۇ بارمىدۇ؟ ئۇنى ئويلىغان ھالدا مۇنۇ سۆزلەرنى قوشۇمچە قىلدىم:

— پاناھگاھنىڭ ئۆگزىسى يوق ئەر-خوتۇنچىلىقنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار ۋە ئەركىن ئاشىقلار ياكى سىناق تەرىقىسىدىكى «ئەر-خوتۇنچىلىق»نى تەجرىبە قىلغۇچىلار ئومۇمەن بۇ خىل مۇناسىۋەتتە ھامىلىدارلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش چارىلىرىنى قىلىشقا مەجبۇر ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان. ئۇلار مۇناسىۋەتلەشكەن كىشىلىرى جەھەتتىنمۇ، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى جەھەتتىنمۇ ھېچقانداق تەسىرى بولمايدىغاندەك ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. بولۇپمۇ ئەر-خوتۇنچىلىقتىن ئىلگىرىكى ئەھۋاللاردا ھامىلىدارلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش چارىلىرى مۇھەببەتنىڭ تەبىئىيلىكىگە ۋە ئۆز بەختىگە قەتئىي ھالدا تەھدىت سالىدۇ...

لېكسىيەنىڭ بۇ نۇقتىسىدا بىر پەس تۇرۇۋالدىم. تەپسىلاتىغا قانچىلىك كىرىشىشىمنى بىلمەيتتىم. دانىيەل بېشىنى ئاستا لىڭشىتىپ، داۋاملاشتۇرۇشۇمنى ئىشارەت قىلدى. لېكسىيەمنى داۋاملاشتۇردۇم:

— شۇنى تەكرارلايمەنكى، يۇقىرىدا ئېيتىلغان چارىلار مۇھەببەت ئۈچۈن چوڭ توسالغۇدۇر. مۇھەببەت كەمچىللىكى كېسەللىكىنى تەتقىق قىلىش توغرىسىدا ئېلىپ بارغان كۆزىتىشنى ئەمدى بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئېلىپ بېرىشىمىز مۇمكىن. ئۈچ بۇلۇڭنىڭ

بۇلۇڭلىرىدىن بىرى كېسەلگە گىرىپتار بولسا، قالغان ئىككى بۇلۇڭمۇ تەسىرگە ئۇچرايدۇ ۋە كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ. بۇلۇڭلار بىر-بىرىنى بۇزۇشىدۇ.

مۇھەببەت كەمچىلىكىدە جىنسىيەتمۇ، ئەر-خوتۇنچىلىقمۇ زەئىپلىشىدۇ. ئەگەر نىكاھسىز ياشىسا، مۇھەببەت ۋە جىنسىيەت بىر-بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ. بۇ ھالدىكى جىنسىي بىرلىشىش كۆپ چاغلاردا ئالدىراشلىق بىلەن ۋە مەخپىي ھالدا مۇھەببەتنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرگەن شارائىتلار ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ سىرتىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەتلەر مۇھەببەتنىڭ پۈرەكلەپ چېچەكلىشىگە ئەمەس، سولۇشىشىغا يول ئاچىدۇ.

ئامېرىكا ۋە ياۋروپادا بۇ خىل مەسىلە پات-پات كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. يېڭى بىر گېرمانىيە فىلىمى بۇ خىل ئوغرىلىقچە ئەر-خوتۇنچىلىق كېسەللىكىنى ناھايىتى ياخشى ئېچىپ تاشلىغان. فىلىم ناھايىتى بەختلىك ياشايدىغان ياش بىر جۈپ جورىلارنى تېما قىلغان. بۇ فىلىمنى كۆرگۈچىلەر كېيىن بۇ جورىلارنىڭ نىكاھلاشمىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. دوستلىرى ۋە تۇغقانلىرى ياش جورىلارنى نىكاھلىنىشقا كۆندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. لېكىن ئۇلار بۇ تەكلىپلەرنى رەت قىلىدۇ. دەسلەپتە ھەممە ئىش ئۆز يولىدا داۋاملاشسىمۇ، لېكىن كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىز ھامىلىدار بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ۋە ئىشەنچ قىزنىڭ «ئېرى»گە بۇ رېئاللىقنى ئېيتىشى ئۈچۈن مۇستەھكەم بولمىغاچقا، قىز تاشلىۋېتىلىشتىن قورقىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بالىنى يوشۇرۇنچە چۈشۈرىۋېتىش قارارىغا كېلىدۇ.

فىلىمنىڭ ئاخىرىدا قىز ئوپېراتسىيەدىن كېيىن ھالى خاراب ھالدا يېتىپ قالىدۇ. ئەر ئىشتىن ئۆيگە قايتىپ، قىزنى كۆرۈپ ئەھۋالنى چۈشىنىدۇ. ئەر ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ ئۈستەلنىڭ ئۇ بېشىدا ئولتۇرىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە ئېيتىشىدىغان ھېچقانداق سۆزى قالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىكى ئۈچ بۇلۇڭدىكى ئەر-

خوتۇنچىلىق بۇلۇڭىنىڭ كەمچىلىلىكى سەۋەبىدىن، مۇھەببەتنىڭ داۋاملىشىدىغانلىقى ۋە ھەقىقىيلىقىنى ئىسپاتلىغىدەك بىر ھالەت كۆرۈنمەيدۇ. دېمەك، جىنسىيەت مۇھەببەتنى ئۆلتۈرىدىغان ئامىل بولۇپ قالغان...

بىرئاز توختىۋالدىم. بۇ چاغدا ياشلارنىڭ بىلىنەر-بىلىنمەس ئىنكاسىنى سەزدىم ۋە كۆزلىرىدىكى ئىپادىسىدىن مۇشۇنداق فىلىمنىڭ خۇددى ئۆز يۈرتلىرىدىمۇ ئىشلەنگەنلىكىنى چۈشەندىم.

— ئەمدى ئائىلە كېسەلخانىمىزدىكى يەنە بىر بىمار جورىلارنى كۆرۈپ باقايلى. بۇلار ئۈچىنچى تۈرلۈك ئائىلە كېسىلى بولۇپ، دەرتلىرى ئۈچ بۇلۇڭنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى بۇلۇڭىدىدۇر. مەن بۇ كېسەللىكنى «قانائەتسىز ئەر-خوتۇنچىلىق» دەپ ئاتىدىم.

## قانائەتسىز ئەر-خوتۇنچىلىق

-ئالدى بىلەن ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتەي: بۇ بىر جۈپ جورىلار ئون-يىگىرمە يىلدىن بېرى قانۇنلۇق ھالدا ئۆي تۇتۇشقان. بىر-بىرىنى چىن دىلىدىن سۆيىدۇ. ئاجرىشىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. لېكىن ئۇلاردا مۇشۇنداق مۇھەببەتكە لايىق جىسمانىي بىرلىشىش قانائەتلىنەرلىك ئەمەس.

ئەر ماڭا كېلىپ: «خوتۇنۇمنىڭ مۇئامىلىسى سوغۇق، جىنسىي مۇناسىۋەتكە گويا ئورۇنداشقا تېگىشلىك بىر ۋەزىپىدەك مۇئامىلە قىلىدۇ. ھېچقاچان يېقىن كەلمۇ دېمەيدۇ، ئادەم بۇنداق مۇناسىۋەتتىن ھېچقانداق لەززەتمۇ ئالمايدىكەن» دەيدۇ.

خوتۇنى كېلىپ: «ئېرىم بەك ئالدىراڭغۇ، مېنى مەجبۇرلايدۇ. قانائەت قىلمايدۇ» دەيدۇ، ياكى دەل ئەكسىچە: «ئېرىم ھەر دائىم ھالسىز. جىسمانىي مۇناسىۋەتنى سېغىنىمەن، لېكىن ئۇ كەينىنى قىلىپ يېتىۋالىدۇ، ئېرىم ئىشقا يارىمايدۇ» دەيدۇ...

زالدىكىلەر ئويلىمىغان يەردىن قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئافرىقىدا ئەرنىڭ ئىشقا يارىماسلىقى كۈلكىگە قالىدىغان چوڭ بىر

ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپتىمەن. ئافرىقىدا، ئىشقا يارىماس بىر كىشى ئادەم قاتارىغا ئېلىنمايدۇ. ئافرىقىلىق ئەرلەر ئىشقا يارىماي قېلىشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرىدۇ.

— ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ جىسمانىي تەرىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كېسەللىكلەر ئائىلىلىك جورىلارنى دەھشەتلىك ئازابلايدۇ. ھەتتا ئەر-خوتۇن بىر-بىرىنى سۆيگەنلىكىدىن ۋە بىر-بىرىنى بەختلىك قىلماقچى بولغانلىقىدىنمۇ كۆپ ئازابلىنىدۇ. بۇ كېسەللىك قانداق كېلىپ چىقىدۇ؟

كۆپ ھاللاردا قانائەتسىز ئەر-خوتۇنچىلىق ئوغرىلىقچە ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ ۋاستىلىك ياكى بىۋاستە مەھسۇلىدۇر. بۇنى تاناسىل كېسەللىكلىرىدىن كۆرمەيمەن. ئوغرىلىقچە ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ ئومۇمەن قانائەتسىز ئەر-خوتۇنچىلىققا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغىنىمدا، بىر-بىرىگە قارىتا ھەقىقىي ئىشتىياقى بولمىغان ئىككى كىشىنىڭ ۋاقىت ۋە مەخپىيلىك بېسىمى ئاستىدا جۈپتىنىڭ پۈتۈن مەۋجۇدىيىتىنى ۋە كۆڭلىنى ھېسابقا ئالماي، پەقەت جىسمانىي جەھەتتىكى يۈزەكى بىر مۇناسىۋەت باغلىغانلىقىنى دېمەكچى بولىمەن.

ئەمدى كېسەللىكنىڭ قالغان ئىككى بۆلۈكىگە قانداق يۇقىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى. جىنسىي مۇناسىۋەت ئازابلىق ھالغا چۈشۈپ قالغاندا، جورىلاردىن بىرى ياكى ھەر ئىككىسىنىڭ تەسەۋۋۇرى بەربات بولىدۇ بىر-بىرىنى مۇھەببەت كەمچىللىكى بىلەن ئەيىبلەشكە باشلايدۇ. تاكاللىشىش كۆپىيىدۇ. خۇسۇسىي مۇناسىۋەت خۇسۇسىي بولمىغان بىر ئۆلۈك ھالەتكە ئايلىنىدۇ. مۇھەببەتتە كۆڭۈلسىزلىك كېلىپ چىقىدۇ ۋە بۇ مەسىلىلەر باشلىنىش بىلەنلا جىنسىي ئارزۇسىنى ئەر-خوتۇنچىلىق دائىرىسى سىرتىدا تېخىمۇ ھېسسىياتلىق، تېخىمۇ ئاڭلىق بىر جورا بىلەن قاندۇرۇش خاھىشى مەيدانغا چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ قانۇنلۇق تەرىپى خەۋپكە ئۇچرايدۇ. نەتىجىدە زىنا

ۋە نىكاھتىن ئاجرىشىش كېلىپ چىقىدۇ. كېسەللىك بۇ دەرىجىگە يەتكەن ۋاقىتىدا داۋالانمىسا، ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ بەربات بولۇشىغا يول ئاچىدۇ...

بۇ نۇقتىدا بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىۋالدىم. لېكسىيەمنىڭ ئەڭ تەس قىسمىنى تۈگەتكەنىدىم. دانىيەل بولسا پۈتۈن ئېيتقانلىرىمنى توختىماي تەرجىمە قىلىپ تۇردى. ياشانغانلارمۇ نارازى بولمىغاندەك كۆرۈنەتتى. لېكسىيەمنى داۋاملاشتۇردۇم:

ــ ئائىلىلىك بولۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانلار ئەر-خوتۇنچىلىق ئۈچ بۇلۇڭغا قايسى بۇلۇڭدىن كىرىمىز؟ دېگەن ئاددىي بىر سوئالنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئومۇمەن بۇ سوئالغا بېرىلىدىغان ئۈچ جاۋاب بار: ئەنئەنىۋى جاۋاب، زامانىۋى جاۋاب ۋە مۇقەددەس كىتابنىڭ جاۋابى. تۆۋەندە ھەر بىرىنى بىر-بىرلەپ كۆرۈپ چىقايلى.

ئەنئەنىۋى جاۋاب ئەر-خوتۇنچىلىققا ئۈستۈنكى بۇلۇڭدىن كىرىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. مەن بۇ ئېغىزنى «نىكاھ دەرۋازىسى» دەپ ئاتىدىم.

## نىكاھ دەرۋازىسى

ــ يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە بۇ پەقەت ئافرىقا ۋە ئاسىيادىلا ئەمەس، غەربتىمۇ قوللىنىلغان ئۇسۇل بولۇپ، نىكاھ ئىشلىرى نىكاھلىنىدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن ئەمەس، ئائىلىلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنەتتى. نىكاھلىنىدىغان بەزى جورىلار بىر-بىرىنى پەقەت نىكاھ قىلىنغان كۈنى ياكى ئۇنىڭدىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرىلا كۆرەتتى.

بۇ خىل ئەر-خوتۇنچىلىق دەرۋازىسىنىڭ مەقسىتى ئېنىق بولۇپ، پەرزەنت دەرۋەقە ئائىلە نەسلىنىڭ داۋامى دەپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئەر-خوتۇنچىلىق ئېتىز تەسەۋۋۇرىغا ئائىتتۇر...

ياغاچ ئۈچ بۇلۇڭنى قايتا قولۇمغا ئېلىپ، ئۈستۈنكى بۇلۇڭنى كۆرسەتتىم.

— كىشىلەر نىكاھ بولۇۋېلىپ كىرىدۇ ۋە جىنسىيەت بولۇشقا قاراپ ماڭىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا ئۇنى «تۆرىلىش بولۇقى» دېيىشكىمۇ بولىدۇ. چۈنكى جىنسىي بىرلىشىش پەقەت پەرزەنتلىك بولۇشتىن ئىبارەت تار مەنىدە چۈشىنىلىپ، مۇھەببەت بولۇقى زادى ھېسابقا ئېلىنمىغان ياكى سەل قارالغان.

سۆزلىرىمنى خاتا چۈشىنىۋالمىغايسىلەر. ئەنئەنىۋى شەكىلدە بارلىققا كەلگەن پۈتۈن ئائىلىلەرنى بەختسىز بولىدۇ، دەپ قارىمايمەن. مۇھەببەت ئەر-خوتۇنچىلىق جەريانىدا كۆچىيىپ بېرىشىمۇ مۇمكىن.

ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا داڭ چىقارغان «ئۆگزىدىكى ئىسكىرىپكىچى» ناملىق مۇزىكىلىق دراما ھازىر فىلىم قىلىپ ئىشلەندى. بۇ درامىدا بىر جۈپ يەھۇدىي جورىلار، يەنى سۈتچى تەۋيە ۋە ئايالى گولدىي ھەققىدە ھېكايە قىلىنغان. ئۇلار ئەر-خوتۇنچىلىققا نىكاھ دەرۋازىسىدىن كىرگەن تىپىك جورىلاردۇر. ئۇلار يىگىرمە بەش يىل ئۆي تۇتۇشقاندىن كېيىن بىر-بىرىدىن ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان-كۆرمەيدىغانلىقىنى سورىشىدۇ. ئۇلار مۇنداق سۆزلىشىدۇ:

— گولدىي، سەندىن بىر سوئال سورىماقچىمەن، مېنى ياخشى كۆرەمسەن؟

— ئەخمەق.

— بىلىمەن، لېكىن مېنى ياخشى كۆرەمسەن؟

— سېنى ياخشى كۆرمەمدىم؟ يىگىرمە بەش يىل كىرلىرىڭنى يۇيدۇم، تامىقىڭنى ئەتتىم، ئۆيۈڭنى تازىلىدىم، باللارنى تۇغۇپ بەردىم، كالا ساغدىم. يىگىرمە بەش يىلدىن كېيىن بۇ سوئال نەدىن چىقتى؟

— گولدىي، نىكاھ كۈنىمىزدە سەن بىلەن كۆرۈشۈشتىن قورققانىدىم.

— مەنمۇ ئىزا تارتقانىدىم.

— چۈچۈپ كەتكەنىدىم.

— مەنمۇ.

— لېكىن ئاپام بىلەن دادام بىر-بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈشۈپ قالىدىغانلىقىمىزنى ئېيتقانىدى. شۇڭا ئەمدى سەندىن سوراۋاتىمەن، گولدىپ، مېنى ياخشى كۆرەمسەن؟
— مەن ئايالىڭغۇ.
— بىلىمەن، لېكىن مېنى ياخشى كۆرەمسەن؟
— ياخشى كۆرمەمدىم؟ يىگىرمە بەش يىلدىن بېرى سەن بىلەن بىللە ياشاپ كېلىۋاتىمەن. ئاچ-توقتا بىللە بولدۇم. يىگىرمە بەش يىلدىن بېرى بىر ئورۇندا يېتىپ-قوپۇۋاتىمىز، ئەگەر بۇ مۇھەببەت بولمىسا، نېمە دېگۈلۈك؟
— ئۇنداقتا مېنى ياخشى كۆرىدىكەنسەن-دە؟
— ھەر ھالدا شۇنداقتۇ.
— ئەمىسە مەنمۇ سېنى ياخشى كۆرسەم كېرەك.
ئاخىرىدا ھەر ئىككىيلەن مۇنداق دېيىشىدۇ:
— بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىش ھېچقانچە ئىش ئەمەس. لېكىن شۇنداقتىمۇ، يىگىرمە بەش يىلدىن كېيىن ئۇنى بىلىش ياخشى ئىش.

— ياۋروپالىقلار بىلەن ئامېرىكىلىقلار رومانتىك مۇھەببەتنىڭ قىممىتىنى مۇبالىغىلەشتۈرۈش خاھىشىدا بولماقتا. ئافرىقىلىقلار بىلەن ئاسىيالىقلار بىزنى بۇ مەسىلىدە ئاگاھلاندۇرماقتا. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىمىساق بولمايدۇ. بىر قېتىم بىر ھىندىستانلىق مۇھەببەتنى بىر قاچا شورپىغا، ئەر-خوتۇنچىلىقنى تاماق ئېتىدىغان ئوچاققا ئوخشاتقانىدى. ئۇ: «سىلەر غەربلىكلەر ئىسسىق قاچىنى سوغۇق ئوچاقنىڭ ئۈستىگە قويىسىلەر-دە، قاچا ئاستا-ئاستا سوۋۇيدۇ، لېكىن بىز سوغۇق قاچىنى ئىسسىق ئوچاقنىڭ ئۈستىگە قويىمىز-دە، قاچا ئاستا-ئاستا ئىسسىيدۇ» — دېگەنىدى.
بۇ سېلىشتۇرمىدا ناھايىتى كۆپ ھەقىقەت بار. ئۇ مۇھەببەتنىڭ ئەر-خوتۇنچىلىق ئۈچۈن زۆرۈرلىكىنى ئىنكار قىلمايدۇ، لېكىن ئەر-

خوتۇنچىلىقنىڭ مۇھەببەتتىنمۇ كەڭ بىر نەرسە ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. ئەر-خوتۇنچىلىق پەقەت تولۇن ئاي ۋە گۈللەرلە ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە كىر-قاتلار ۋە بالىنىڭ زاكىلىرىدۇر.

بۇ ھەقىقەتتىن قارىغاندا يەنىلا نىكاھ دەرۋازىسىنىڭ ئەر-خوتۇنچىلىق ئۈچۈن ئەڭ ئۈمىدلىك ئىبغىز ئىكەنلىكى شۈبھىلىكتۇر. بۇ ھال مۇھەببەتنىڭ ئۈچ بۇلۇڭنى باغلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمايدىغانلىقى ئەڭ كونكرېت خەۋپتۇر. قىسقارتىپ ئېيتقاندا، ئائىلىلىك بولىدىغان جورىلارنىڭ ماقۇل-لۇقىنى ئالماي تۇرۇپ توي تەييارلىقىنى قىلىش خەتەرلىكتۇر.

بىر قېتىم ئافرىقىنىڭ چوڭ بىر ئۇنىۋېرسىتېتىدا قىز ئوقۇغۇچىلار بىلەن قىلىنغان بىر مۇنازىرىگە قاتنىشىپ قالدىم. قىزلار نىكاھ مەسىلىسىدە مەندىن سوئال سورىماقچى بولۇشتى. مېنى ھەممىدىن ھەيران قالدۇرغىنى، «ئائىلىلىك بولماسلىق ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟» دېگەن سوئال بولدى. «نېمە ئۈچۈن ئائىلىلىك بولۇشنى خالىمايسىلەر؟» دەپ سورىدىم. ئۇلارنىڭ بۇنىڭغا بەرگەن جاۋابى: «ئەتراپىمىزدا مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولغان نۇرغۇنلىغان ئەر-خوتۇنلارنى كۆرۈپ تۇرىمىز. شۇ سەۋەبتىن ئەر-خوتۇنچىلىققا نىكاھ دەرۋازىسىدىن كىرىشتىن قورقىمىز» دېگەندىن ئىبارەت بولدى.

شۇ سەۋەبتىن زامانىۋى بىر قاراش بارلىققا كەلدى. يەنى بۇ زامانىۋى قاراش ئەر-خوتۇنچىلىقنى جىنسىيەت نۇقتىسىدىن باشلاش تەكلىپىنى بېرىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىككىنچى بىر دەرۋازىنى تەكىتلەيدۇ.

## جىنسىيەت دەرۋازىسى

— بۇنىڭدا ئالدى بىلەن مۇنداق بىر نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرماق-چىمەن. بۈگۈن ئۈچ بۇلۇڭغا جىنسىيەت نۇقتىسىدىن كىرگەنلەر ئىچىدە نىكاھلىنىشقا پۈتۈنلەي قويغان جورىلارنى كۆزدە تۇتمايمەن. ئۇلارنىڭ مەسىلىسى ئۆز ئالدىغا بولۇپ، بۇ ھەقتە ئەتە توختىلىمەن.

بۈگۈن مۇھەببەتنىڭ جىنسىيەت بىلەن بارلىققا كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، ئەر-خوتۇنچىلىقنى جىنسىيەت سىنىقى ئۆستىگە قۇرغانلار ھەققىدە توختىلىمەن. ئەر-خوتۇنچىلىقنى بۇ ئاساس ئۈستىگە قۇرغانلار، مۇناسىۋەتنىڭ تەبىئىي تەرەققىياتىغا قاراپ، بۇ مۇھەببەتنى ساداقەتكە ئايلاندۇرىدۇ ۋە بۇ يەردىن ئۆزلىكىدىن نىكاھقا ئېلىپ بارىدۇ، دەپ ئويلايدۇ...

ئۈچ بۆلۈكلۈك سىزغۇچنى يەنە قولۇمغا ئالدىم ۋە ئالدى بىلەن ئوڭدىكى بۆلۈكنى، يەنى جىنسىيەت بۆلۈكىنى، كېيىن نۆۋەت بىلەن سولدىكى بۆلۈكنى ۋە ئۆستىدىكى بۆلۈكنى كۆرسەتتىم.

— ياكى بۇ تەرەپنىڭ ئەكسى بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ قارشى تەرەپنى نىكاھلىنىشقا مەجبۇر قىلىدىغانلىقىغا ۋە نىكاھ گۇۋاھنامىسىنى ئالغاندىن كېيىن مۇھەببەتنىڭ قانداقلا بولمىسۇن مەيدانغا كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

ھەر ئىككى چۈشەنچە قۇرۇق تەسەۋۋۇردۇر. مۇھەببەت جىنسىيەتتىن كېلىپ چىقمايدۇ. مۇھەببەت تەرەققىي قىلىپ جىسمانىي بىرلىشىشكە مۇھىت ھازىرلايدۇ.

توغرا، ئائىلە ئىچىدە، چېدىرنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا، جىنسىيەت مۇھەببەتكە كۈچ بېرىدۇ. لېكىن چېدىرنىڭ سىرتىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەتلەر مۇھەببەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن قىلىنمايدۇ، ئۇ پەقەت شەخسىي ئارزۇ-ھەۋەسلەردىن كېلىپ چىقىدۇ.

يىگىت نېمە ئۈچۈن ئانچە ياخشى تونۇشمايدىغان ۋە ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان بىر قىز بىلەن بىللە يېتىشنى خالايدۇ؟ بۇ سوئالنىڭ ئۈچ ئاساسىي سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن:

1. ھاياتىدا جىنسىي مۇناسىۋەت بولمىسا، كېسەل بولىدىغانلىقىدىن ياكى نېرۋا كېسىلىگە گىرىپتار بولىدىغانلىقىدىن قورقىدۇ.

2. جىنسىي مۇناسىۋەتنى سىناق قىلىپ بېقىش كېرەك، دەپ ئويلايدۇ.

3. غەلىبىسى بىلەن ماختىنىشنى خالايدۇ.

بىرىنچى سەۋەب خاتا، ئىككىنچىسى مۇمكىن ئەمەس، ئۈچىنچىسى بولسا ناھايىتى چاكىنا قاراشتۇر. بۇ قاراشلارنىڭ ھېچقايسىسى قارشى تەرەپكە قارىتا ھەقىقىي ھەۋەس ۋە مۇھەببەتتىن كېلىپ چىقمايدۇ. بۇنداق ئويلىغان ئەر پەقەت ئۆزىنى كۆزلەيدۇ، قىزغا پەقەت ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن بىر قورال سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدۇ، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن نىكاھلىنىشنى مەقسەت قىلمايدۇ.

ياش قىز نېمە ئۈچۈن ئانچە ياخشى تونۇشمىغان ۋە ئەھمىيەت بەرمىگەن بىر ئەرگە ئۆزىنى بېغىشلايدۇ؟ بۇ يەردىمۇ ئۈچ سەۋەب بار:

1. يىگىتلەر ئارىسىدا ئەتىۋارلىق قىز بولماقچى بولىدۇ.
2. ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئانا بولۇش-بولماسلىقنى ئۆگىنىپ باقماقچى بولىدۇ.
3. ئەرنى ئۆزىگە باغلىۋالماقچى ۋە بىر ئەرگە ئىگە بولۇۋالماقچى بولىدۇ.

بۇ يەردىمۇ ئۈچ سەۋەب مۇھەببەتتىن پەيدا بولغان ئەمەس. ئۇ پەقەت شەخسىي ئارزۇ-ھەۋەستىن كېلىپ چىققان. ئۆزىنى بۇ ئۈچ سەۋەبتىن ھەرقانداق بىرىگە تۇتقۇزغان قىز بۇ ئىشنى نىكاھلىنىش ئۈچۈن قىلمايدۇ. ئۇ يىگىتلەر ئارىسىدا ئەتىۋارلىق قىز بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۆزى خالىمايدىغان ياشلار ئارىسىدا شۇنداق بولىدۇ. ئۇنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە «ئاسان قولغا كېلىدىغان» بىر قىز بولۇپ داڭقى چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنى بۇ سەۋەبتىن تاللىغان ئەرمۇ ئۇنىڭغا ياخشى بىر ئەر بولالمايدۇ. ياكى ئۇ قىز ھامىلىدار بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ۋە ئانا بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىيالىشى مۇمكىن. لېكىن بۇنىڭدىن تۇغۇلغان بوۋاقنى يەنە بىر قورال سۈپىتىدە ئىشلىتىدۇ ۋە بالا ئاتىسىز چوڭ بولۇشقا مەجبۇر بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقىمۇ چوڭ بولىدۇ.

يىگىتنى جىنسىي مۇناسىۋەت بىلەن ئۆزىگە باغلاش چۈشەنچىسى

كۆپ ھاللاردا ھەقىقەتتىن كۆپ يىراقتۇر. يىگىت قولىغا كەلگەن ئولجىغا نىسبەتەن ھەۋەسنى ناھايىتى تېزلا يوقىتىدۇ. قىز بىلەن مەجبۇرىي تويى قىلىسمۇ، ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش ئېھتىماللىقى كىچىك ئەمەس. قارا باسقان بىر قىز ماڭا: «مەن ئۈچۈن ھەممە ئىش ئەمدى باشلاندى دېسەم، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە ئىش ئاخىرلىشىپتۇ» دېگەنىدى.

ئۇ قولىغا كەلتۈرۈش ئورنىغا قولغا كەلتۈرمەكچى بولغىنىنى قاچۇرۇپ قويۇپتۇ ۋە بۇ ئېچىنىشلىق تەجرىبىدە جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ مۇھەببەتنى يېتىشتۈرمەيدىغانلىقىنى، ئەكسىچە مۇھەببەتنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ.

مۇقەددەس كىتابتا بۈگۈنكى كۈندە ھەرقانداق بىر خەۋەر ژۇرناللىرىدا ئۇچرايدىغان بىر ۋەقە بايان قىلىنىدۇ. تەۋراتتىكى «سامۇئېل پەيغەمبەرنىڭ ئىككىنچى كىتابى» نىڭ 13-بابىدا پادىشاھنىڭ ئوغلى ئامنوننىڭ ئاتا بىر ئانا بۆلەك بولغان سىڭلىسى تامارنى قانداق ئازدۇرغانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇ ئاغرىق قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ئۆزىگە تامارنىڭ تاماق ئەكىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئامنون قىزغا ئۆز ئالدىدا نان پۇشۇرتىدۇ. نان پۇشۇرتۇش بىلەنلا قالماي، ھوجرىسىدا يالغۇز قالغان چاغلىرىدا قىزنىڭ بۇ نانلارنى يېگۈزۈپ قويۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. تامارمۇ بۇنىڭغا نارازىلىق قىلمايدۇ.

كېيىن قىز نانلارنى يېگۈزۈش ئۈچۈن يېنىغا بارغىنىدا، قىزنى تۇتۇۋېلىپ، «كەل، مەن بىلەن يات» دەيدۇ. خەۋپنى چۈشەنگەن تامار ئاخىرى ھېچ بولمىغاندا مۇناسىۋەتنى قانۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن تىرىشىپ ئامنونغا پادىشاھتىن نىكاھلىنىشقا رۇخسەت ئېلىشنى ئېيتىدۇ.

لېكىن ئامنون ئۇنىڭغا قۇلاق سالمايدۇ. ئۇ تاماردىن كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن قىزنى ئۆزى بىلەن بىر ئورۇندا يېتىشقا زورلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن دەھشەتلىك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرىدىغان بىر ئىشنى كۆرىمىز. كېيىن ئامنون قىزدىن ئىنتايىن يىرگىنىش بىلەن

نەپرەتلىنىدۇ. ھالبۇكى، بۇ يىرگىنىش قىزغا بولغان ئاشىقلىقىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ ۋە ئامنون قىزغا: ئورنۇڭدىن تۇر، كۆزۈمدىن يوقال، ـــ دەيدۇ.

بۇ ۋەقە بىزگە ئەر-خوتۇنچىلىق ئۈچ بۇلۇڭىنىڭ بۆلۈنمەس ۋە ئايرىلماسلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ نىكاھ ئۆگزىسى بولمىغان ۋە مۇھەببەت ئەر-خوتۇنچىلىق بىلەن مۇھاپىزەت قىلىنمىغاندا، جىنسىي مۇناسىۋەت تەلىپىنىڭ قانداق خاراب قىلغۇچى بىر كۈچ بولۇپ، مۇھەببەتنى نەپرەتكە ئايلاندۇرىدىغانلىقىنى ئىسپات-لايدىغان جانلىق بىر دەلىلدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇھەببەتنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە جىنسىي مۇناسىۋەتنى تەلەپ قىلىدىغان كىشى مۇھەببەت ئارقىلىق ھەرىكەت قىلمايدۇ دېيىشكە بولىدۇ. ئەر قىزنى «ئەگەر مېنى ياخشى كۆرسەڭ بۇنى ئۆزۈڭنى ئاتاش بىلەن ئىسپاتلا» دەپ زورلىسا، بۇنىڭغا بىرلا جاۋاب بار، ئۇ بولسىمۇ: «ئەمدى مېنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىڭنى بىلدىم، بولمىسا ماڭا بۇنداق تەلەپ قويمىغان بولاتتىڭ» دېگەندىن ئىبارەت.

مانا شۇ كوزىرنى كۆرسەتكەن ۋە مۇھەببەتنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە ئۆزىنى ئاتاشنى تەكلىپ قىلغان قىزنىڭ تەكلىپىگىمۇ شۇ جاۋابنى بېرىشكە بولىدۇ. ئامېرىكىلىق نىكاھ ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى دوكتور پاۋل پوپېنو بۇ ھەقتە ناھايىتى ئاددىي بىر ھەل قىلىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ بولسىمۇ قىز ئەر دوستىغا مۇنداق بىر يازما ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشنى تەكلىپ قىلىدۇ: «ياۋاش بول دوستۇم ۋە مەندىكى پۈتۈن ياخشى خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆگەن. ئالدىرىساڭ سېنىڭ قانچىلىك يارىماس ئىكەنلىكىڭنى كۆرىمەن» دەيدۇ...

ئاگاھلاندۇرۇشقا قوشۇمچە قىلىپ، ئالغۇچىلار ئارىسىدىكى ياش ئەرلەرنىڭ بىردەملىك ئىنكاسى بىلەن شۇنى قوشۇمچە قىلدىم:

ـــ دەۋرىمىزدە تاجاۋۇزچى قىزلار بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقى ئۈچۈن بەلكىم يۇقىرىدىكى ئىزاھاتنى ئەرلەر قىز دوستلىرىغا بەرسىمۇ بولىدۇ.

بۆگۆنكى لىكسىيەمنى دوستى بىلەن بىللە ئەر-خوتۇنچىلىقتا جىنسىيەت دەرۋازىسىدىن كىرمەسلىككە ۋەدە بەرگەن بىر قىزنىڭ مەكتۇپى بىلەن تاماملىماقچىمەن.

قىز شۇنداق يازىدۇ: «بۇ قارارغا كەلگىنىمىزدىن بېرى مۇناسىۋىتىمىزدە بىر خۇشاللىنارلىق ئەھۋال مەيدانغا كەلدى. ئۇ بولسىمۇ تېخى ئاياغلاشمىغان بىر مۇناسىۋەتنىڭ خۇشاللىقىدۇر. مېنى ھەممىدىن بەختلىك قىلغانمۇ شۇ. چۈنكى بۇ خۇشاللىقنىڭ ئىچىدە ئالىيجانابلىقنىڭ قەسىمىمۇ بار.»

# 5

لېكسىيەدىن كېيىن كىشىلەر بىلەن خوشلىشىپ زالنىڭ ئىشىكىدە تۇرغىنىمدا ئېگىز بويلۇق بىر قىز ناھايىتى ئالدىراش يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ:

— سىزگە بۈگۈن ئاخشام تېلېفون بېرىمەن، — دېدى.

— دانىيەلنىڭ ئۆيىدە بولىمەن، شۇ يەرگە بېرىڭ.

— ماقۇل.

— تېلېفون بەرگىنىڭىزدە سىز ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىشىم ئۈچۈن ئىسمىڭىزنى ئېيتىپ بەرگەيسىز.

— پاتىمە.

ئۇياق كېتىشى بىلەن، كاللامغا دەرھال، ئۇ ھېلىقى تېلېفون بېرىدىغان ئىسىمسىز قىز بولمىسۇن يەنە، دېگەن ئوي كەلدى. كەينىدىن بېرىپ يېتىشىۋالايمۇ دەپمۇ ئويلىدىم، بىراق بۇ چاغدا مەريەم بىلەن تىموتىي كېلىپ قالدى.

— سىز بىلەن يەنە بىر دەم سۆزلەشسەك بولارمۇ؟ — دەپ سورىدى مەريەم.

— سىلەرنىڭ بىللە كېلىشىڭلارنى خالايتتىم، — دېدىم.

— بىزمۇ شۇنى خالايتتۇق.

ئۇلار بىلەن ئەتە سائەت بەشتە كۆرۈشۈشكە ۋەدىلەشتۇق.

مەن بىلەن خوشلاشقان ئاخىرقى كىشىلەر موررىبس بىلەن ئاپىسى بولدى. موررىبسنىڭ ئاپىسى قولۇمنى تۇتۇۋېلىپ، قايتا ـ قايتا تازىم قىلدى.

ــ سىزگە رەھمەت ئېيتماقچى، ــ دېدى مورربس.

ــ چۈشەندۈرگەنلىرىم ئىچىدە ھەممىدىن بەك تەسىر قىلغان نېمە ئىكەنلىكىنى سوراپ باققىن، دېدىم مورربسقا.

ئاپىسى بىردەم ئويلىنىۋېلىپ سۆزلەشكە باشلىدى، كېيىن مورربس جاۋابىنى تەرجىمە قىلىپ بەردى.

ــ ئەر-خوتۇنچىلىقتا مۇھەببەتنىڭ كېيىن پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ، يەنى مۇزىكىلىق درامىدا ئايالنىڭ ئېيتقىنىدەك: «يىگىرمە بەش يىل سەن بىلەن بىللە ياشىدىم. بۇ مۇھەببەت بولمىسا، نېمە؟»

يۈزلىرىنى قورۇق باسقان بۇ ۋىجىككىنە ياشانغان ئايالغا قارىغىنىمچە قوللىرىنى چىڭ سىقتىم. ئۇنىڭ بۇ سۆزنى ئېيتىشىدە چىڭ تۇتۇۋالغانلىقى مېنى ئىنتايىن خۇشال قىلغانىدى. يەتكۈزمەكچى بولغان بۇ ھەقىقەتلەرنى تىلى، مەدەنىيىتى ئوخشىمايدىغان بىر موماي شۇنچىلىك چۈشىنىۋالغان يەردە، باشقىلارنىڭمۇ چۈشىنىدىغانلىقىنى ئويلاپ خاتىرجەم بولدۇم.

مەدەنىيىتىمىز ئوخشىمىسا نېمە بوپتۇ؟ ئەگەر 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا رۇسىيەدە ياشىغان بىر يەھۇدىي ھەققىدىكى زامانىۋى ئامېرىكا تىياتىرى ئافرىقا ئورمانلىرىدا چوڭ بولغان يەتمىش ياشلاردىكى بىر تۇل ئايالنى تەسىرلەندۈرگەن بولسا، دۇنيادىكى پۈتۈن ئىنسانلار قەلبداش دېگەن ئەنە شۇ.

دانىيەلنىڭ ئۆيىگە بارغىنىمدا داستىخان تەييارلىنىپ بولغانىدى. دانىيەل تېخى ئىبادەتخانىدا بەزى ئېتىقادچىلار بىلەن سۆزلىشىۋاتاتتى. ئەستەر بولسا ئۆزىگە ياردەملىشىۋاتقان قىز بىلەن تېخى ئاشخانىدىن چىقمىغانىدى.

ئۇ مەن بىلەن سالاملاشتى ۋە مېنى ئۈستەلگە تەكلىپ قىلدى.

ــ تاماق ھازىرلا تەييار بولىدۇ، ــ دېدى ئۇ.

ــ بۈگۈن ئاخشام سىزمۇ ئىبادەتخانىدا بارمىدىڭىز؟

ــ شۇنداق.

تاماقنى ئىبادەتخانىغا بېرىشتىن ئاۋۋال تەييارلاپ قويغانىكەن. ئۇياقنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا پىششىق بىر ئايال ئىكەنلىكىنى ئويلىدىم.
ئون مىنۇتتىن كېيىن داستىخانغا ھورى چىقىپ تۇرغان بىر تەخسە چۆپ بىلەن تۇخۇم، پەمىدۇر قورۇمىسى، گۆشلۈك قورۇمىلار كەلتۈرۈلدى. مېۋىدىن قىلىنغان خام سەي بىلەن بانان، جۇزە ۋە باشقا ئافرىقا مېۋىلىرى ئۈستەلنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغانىدى.
ـــ قەھۋە ئەپكىلەيمۇ، چايمۇ؟
ـــ قەھۋە ئىچسەم ئۇخلىيالمايمەن، چاي ئىچەي.
ئەستەرمۇ ئۈستەلگە كېلىپ ھەمداستىخان بولدى.
ـــ لېكسىيە سۆزلەش بەك چارچىتىدىغان ئىش، ـــ دېدى ئەستەر نازاكەت بىلەن.
ـــ لېكسىيە بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئاخىردىكى كۆرۈشۈشلەر كىشىنى ھالىدىن كەتكۈزىۋېتىدۇ، ـــ دېدىم.
ـــ دانىيەل نەدە قالغاندۇ؟
ئىبادەتخانىغا كەلگەنلەر بىلەن سۆزلىشىپ قالغانىدى.
ـــ تاماقنىڭ تەييار بولغانلىقىنى بىلمەمدىكىنە؟
ـــ بىلسە كېرەك.
دانىيەلنى كۈتۈپ ئولتۇردۇق. ئەستەر ھەر ھالدا گەپنى يۆتكىدى:
ـــ لېكسىيەڭىزنى ناھايىتى ياقتۇردۇم.
ـــ ئېرىڭىزنىڭ لېكسىيەلىرىمنى ناھايىتى ياخشى تەرجىمە قىلغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇرسەنمەن. چۈنكى، ھېس قىلىشىمچە، مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنى تېخىمۇ ئوبرازلىق قىلىپ تەرجىمە قىلدى بولغاي.
ـــ شۇنداق، تەرجىمىنى ياخشى قىلىدۇ.
يەنە جىم بولۇپ قالدۇق. ئۇ قاچىدىكى ئىسسىق تاماقنى ئاشخانىغا ئەكىرىپ قويۇپ چىققىنىدا،
ـــ تازا ئاچچىقىڭىز كەلدىغۇ دەيمەن، مېنى دەپ بىر مۇنچە ئاۋارە بولدىڭىز، ـــ دېدىم.

ئۇ يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى، لېكىن ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋېلىپ:
— دانىيەلنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن، بىراق ئۇ تۇرمۇشتا رەتلىك ئەمەس. ئۇنىڭ كۆپ ئىشلىشىگە پىكرىم يوق، لېكىن مەن تۇرمۇشۇمنى ياخشى تەرتىپكە سېلىپ، ۋەزىپىلىرىمنى بەلگىلىك بىر پىلانغا ئاساسەن ئورۇنداشنى خالايمەن. دانىيەل بولسا ئەقلىگە نېمە كەلسە شۇنى قىلىدۇ. ئۇ مۇكەممەل بىر ئېتىقادچىلار جامائەت-چىلىكى يېتەكچىسى بولۇشقا مۇناسىپ. خەلق ئۇنى ناھايىتى سۆيىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈللىكىدىن باشقىلار ئارتۇقچە پايدىلىنىپ كېتىدۇ، — دېدى.
— قابىلىيەتلىرىڭلار پەرقلىق بولىسمۇ، لېكىن ئۆزئارا بىر-بىرىڭلارنىڭ ئارتۇق-كەمچىلىكىنى تولۇقلىشىڭلار كېرەك.
— شۇنداقتۇ، لېكىن قابىلىيەتلىرىمىزنى قانداق قىلىپ ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇشىمىزنى بىلمەيمىز. قولىمىزدىكىنى بىر-بىرىمىزنىڭ قولىغا تاشلىماي، باشقا-باشقا تەرەپلەرگە ئاتىمىز. يەرگە چۈشكەندىمۇ ئۇلارنى يىغىۋالدىغان كىشى چىقمايدۇ.
دانىيەل تېخى كەلمىگەندى. ئەستەرنىڭ بىتاقەتلىكىنى شۇقەدەر ياخشى يەڭگەنلىكىگە ھەيران قالدىم.
— رۇخسەت قىلسىڭىز، ئۇنى چاقىرىپ كېلەي، — دېدىم.
ئۇ مۈرىلىرىنى كۆتۈرۈپ كۈلۈمسىرەپ قويدى، لېكىن مېنى توسمىدى.
دانىيەل ئۆيى بىلەن ئىبادەتخانا ئارىلىقىدىكى ھويلىدا بىر توپ كىشىلەر بىلەن سۆزلىشىۋاتاتتى.
— بىر ئېغىز سۆزۈم بار، تەرجىمە قىلىپ بېرەمسىز؟ — دەپ سورىدىم دانىيەلدىن.
ئۇ كۈلگەن ھالدا قوشۇلدى.
— ئەپەندىلەر، خانىملار، سىلەر سۆزلىشىۋاتقان بۇ كىشى بەك چارچاپ كەتتى ۋە قورسىقىمۇ ئېچىپ كەتتى. ئۆيدە ئايالى كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ. ئۇ ئەتكەن تامىقى سوۋۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن يىغلىماقتا. باشقا مېھمانلارمۇ ئىنتايىن چارچاپ كەتتى...

ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ، ئەپۇ سورىشىپ تارقىشىپ كەتتى. بىز ئۆيگە كىرىپ داستىخاندا ئولتۇردۇق. ئەستەر شورپىنى قايتا ئىلىپ كەلدى. دانىيەل تاماق ئۈچۈن خۇداغا شۈكۈر قىلىپ تۇرۇۋىدى تېلېفون جىرىڭلىدى. دانىيەل خۇددى ھەرە چېقىۋالغاندەك ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. مەنمۇ سەكرەپ تۇرۇپ قوللىرىمنى دانىيەلنىڭ مۈرىسىگە قويدۇم ۋە ئۇنى ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئەستەرگە:

— تېلېفوننى سىز ئىلىڭ، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئېرىڭىزنىڭ تاماق يەۋاتقانلىقىنى ئېيتىڭ. كېيىن سۆزلەشسۇن ياكى گېپىنى سىزگە ئېيتسۇن، — دېدىم.

بىر دەمدىن كېيىن، ئەستەر قايتىپ كېلىپ:

— بىرەيلەن ئىكەن. باشقا ئىشى يوق، پەقەت سىزگە سالام بەرمەكچى ئىكەن، — دېدى.

ھەممەيلەن تاماق يېيىشكە باشلىدۇق.

— ھەردائىم شۇنداق، — دېدى ئەستەر، — تاماقتا ئولتۇرا-ئولتۇرماي تېلېفون جىرىڭلايدۇ، دانىيەل ھەر قېتىم تاماق ئارىلىقىدا، تۆت-بەش قېتىم تېلېفونغا تۇرىدۇ.

— بۇنداق قىلىۋەرسىڭىز كېسەل بولىسىز، دانىيەل. ئەستەر، ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىش سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز، — دېدىم.

— شۇنداق قىلىشىمغا رۇخسەت قىلسىكەن.

— دانىيەل، سىز ئىبادەتخانىنىڭ قوڭغۇرىقىنى چالدىغان شەيخ ئەمەس، ئىبادەتخانا باشلىقى.

يەنە تېلېفون جىرىڭلىدى. دانىيەلنىڭ ئورنىدىن تۇرماسلىق ئۈچۈن بارلىق كۈچى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋاتقانلىقىنى سەزدىم ۋە ئەستەرگە تېلېفوننى ئىلىشنى ئىشارەت قىلدىم.

شۇ ئارىدا دانىيەل:

— سىزنى نېمە ئۈچۈن مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرغانلىقىمىزنى ئەمدى چۈشەنگەنسىز؟ — دېدى.

— شۇنداق، لېكىن بۇنىڭ ھەل قىلىش چارىسىنى تاپسىڭىز

بولغىدەك، سىزنىڭ نۇرغۇن ۋاقتىڭىز ۋە كۈچىڭىز مۇشۇ ئىشقا سەرپ بولىدىكەن.

— بىرەيلەننىڭ ئانىسى ئاغرىپ قاپتۇ، ئانچە ئېغىر ئەمەس ئىكەن، ئەتە بېرىپ كۆرۈپ كەلمەكچىمەن، ئادرېسىنى ئېيتىپ بەردى، — دېدى ئەستەر تېلېفوندىن قايتىپ كېلىپ.

— ئەسلىدە سىزمۇ ئورنىڭىزدىن تۇرمىسىڭىز بوپتىكەن ئەستەر، ئېتىقادچىلاردىن بىرىنى مەسئۇل قىلىپ قويسىڭىز بولغىدەك.

— يالغۇز تېلېفونلا ئەمەس، مېهمانلارمۇ بار. ئۇلار ۋاقىتسىز كېلىشىۋېرىدۇ.

— بۇنى هەل قىلىش ئۈچۈن مېهمان قوبۇل قىلىش ۋاقتىنى بەلگىلەپ دەرۋازىغا چاپلاپ قويۇشتىن باشقا چارە يوق.

— ئافرىقىلىقلار بۇنى چۈشەنمەيدۇ، هۆرمەتسىزلىك قىلدى، دەپ قارايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئادىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس، — دېدى دانىيەل نارازىلىق بىلدۈرۈپ.

— قاراڭ بۇرادەر، گېرمانىيەگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى بىر ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكى باشلىقىنى زىيارەت قىلغان بولسىڭىز، ئۇ يەردىمۇ خۇددى مۇشۇنداق ئەھۋاللارنى ئۇچرىتالايسىز. سىز ئۆرپ-ئادەت-لىرىمىزگە ئەمەل قىلامسىز ياكى خۇدا سىزگە بەرگەن ۋەزىپىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرامسىز؟ ماياك كۆزەتچىسىنىڭ هېكايىسىنى ئاڭلىغان-مۇسىز؟ ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ماياكنى كېچە-كۈندۈز يېقىشتىن ئىبارەت. ماياك بولسا خەتەرلىك دېڭىز بوغۇزىدىن ئۆتكەن پاراخوتلارغا يول كۆرسىتىدۇ. لېكىن قوشنا شەهەردىكىلەر دائىم كېلىپ ماياك كۆزەتچىسىدىن چىراقلىرى ئۈچۈن ياغ سورايدىكەن. كۆزەتچى «ياق» دېيەلمىگىدەك دەرىجىدە ياخشى نىيەتلىك ئادەم بولغاچقا، قولىدىكى پۈتۈن ياغنى ئۇلارغا بېرىپ تۈگىتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بىر كۈنى ياغ زادى قالماپتۇ. ماياك ئۆچۈپ قاپتۇ. نەتىجىدە پاراخوتلاردىن بىرى تاشقا ئۇرۇلۇپ چۆكۈپ كېتىپتۇ. كۆزەتچىنىڭ ياخشى نىيىتى نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بوپتۇ.

— راست ئېيتىسىز، — دېدى دانىيەل، — نېمە ئۈچۈندۇر، ياق دېگۈم كەلمەيدۇ.

— خەۋپلىك بولغىنى يالغۇز دىنىي ۋەزىپىڭىزلا ئەمەس، ئائىلە تۇرمۇشۇڭلار ـ دا.

— شۇنداق، ئەمدى شۇنداق قىلمايمۇ بولمايدۇ.

— ھېچ بولمىغاندا ئەتىگەندە خالى ئونبەش مىنۇت ۋاقتىمىز بولسىچۇ كاشكى، — دېدى ئەستەر. لېكىن بۈگۈن بۇ ئىشلارنى قىلمەن، دەپ ئالدىن پىلانلىيالمايمىز. ھەر كۈنى دانىيەلنىڭ نېمە ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، مېنىڭ نېمە ئىش قىلىشىم لازىملىقىنى ئۇمۇ بىلمەيدۇ. تاماقلىرىمىزنىمۇ ۋاقتى ـ قارايىدا يېيەلمەيمىز، بۇ بالىلارغىمۇ تەس بولماقتا.

شۇ ئەسنادا ئىشىك قېقىلدى. ھەر ئىككىسى قانداق قىلىمىز، دېگەندەك قىلىپ ماڭا قاراشتى.

— ئاشخانىدىكى قىز نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— تاماقلار يېيىلىپ بولغاندا قاچا ـ قۇمۇشلارنى يۇيۇشقا كۆتۈپ تۇرىدۇ.

ئىشىك يەنە بىر قېتىم قېقىلدى.

— قىز ئىشىككە قارىسۇن، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەتە كېلىشىنى ئېيتسۇن، — دېدىم.

— لېكىن سائەت 9 دىن ئاۋۋال كەلسۇن، — دەپ قىستۇرۇپ قويدى دانىيەل.

بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن قىز قايتىپ كىردى.

— زىيارەتچى نېمە دېدى؟

— ئەتە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— بولدى، — دېدى دانىيەل بېشىنى سىلىكىپ، — لېكىن خەلقىمىز بۇنى چۈشەنمەيدۇ.

— ئەگەر سىز قارشى تۇرمىسىڭىز، ئۇلار بىلگىنىنى قىلىۋېرىدۇ.

ئەستەر ئەتىگەنلىكى خالى بولۇشنى تەلەپ قىلغان ئون بەش

مىنۇت، شۇ كۆنۈكۈلارغا يول باشلايدىغان بىر رول بولىدۇ. شۇنى ئۇنتۇماڭكى، ئۆز ئائىلە تۇرمۇشۇڭلارنىڭ ئۆلگىسى ئەر-خوتۇنچىلىق مەسىلىسىدە يۈز قېتىم گەپ سېتىشتىن تەسىرلىك بولىدۇ.

— ئېتىراپ قىلىشىم كېرەك. نۇرغۇن قېتىم ئۆزىمىزگە ئەر-خوتۇن ئىكەنلىكىمىزنى ئەسلىتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئەر-خوتۇنچىلىقىمىز يالغۇز مۇھەببەت ھېسسىياتلىرىمىزغىلا تايانغان بولسا، بۇرۇنلا پارچىلىنىپ كەتكەن بولاتتى، — دېدى دانىيەل.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە، — دەپ سۆز قىستۇردى ئەستەر، — دانىيەلنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن، بىلىمەنكى، ئۇمۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ.

— بىر-بىرىڭلارنى ياخشى كۆرگەنلىكىڭلار ئۈچۈن ئەر-خوتۇن بولغانلىقىڭلارنى ئەسلىشىڭلارغا توغرا كېلىدۇ.

— ئەر-خوتۇنچىلىق مۇھەببەتنى يېتىشتۈرىدۇ، دەيدىغان كۆز قاراش ئومۇمەن ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا ئېتىراپ قىلىنامدۇ؟ — دەپ سورىدى دانىيەل.

ئافرىقىلىقلارنىڭ بۇنداق سوئاللىرىدىن ھەمىشە ئاجايىپ چۈچۈيتتىم.

— راستىنى ئېيتسام ئانچە ئېتىراپ قىلىنمايدۇ، — دېدىم، — ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا بۈگۈنكى كۈندە ئەر-خوتۇنچىلىق ئۈچ بۆلۈككە پارچىلىنىپ، ئەر-خوتۇنچىلىق بىلەن مۇھەببەت بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ كەتتى. مۇھەببەت بىلەن جىنسىيەت باشقا-باشقا بولۇپ كەتتى.

— مۇھەببەت بىلەن ئەر-خوتۇنچىلىقنى بىر-بىرىدىن قانداق ئايرىغىلى بولسۇن؟

— ئاتالمىش «مۇھەببەت ھەممىنى ھەل قىلىدۇ» دېگەن چۈشەنچە بىلەن ئەر-خوتۇن بولسۇن-بولمىسۇن جىنسىي مۇناسىۋەتنى خالىغان يەردە، خالىغان چاغدا، خالىغان كىشى بىلەن قىلالايسەن، شەرتى شۇكى، ئۇ كىشىنى ياخشى كۆرسەڭ.

— خوپ، بۇ چۈشەنچىنىڭ تۇسالغۇغا ئۇچرايدىغان تەرىپى قايسى؟

— بۇ چۈشەنچە توغرا ئەمەس، دۇنيانى ئۆز ئەينى بويىچە كۆرمەيدۇ. چەكسىز ئەركىنلىك دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. ئورمانغا كەتكەن ئوت قانداق ۋەيران قىلغۇچى بولسا، ئەركىن مۇھەببەتمۇ ئۆرتەپ خاراب قىلىدىغان بىر ھالغا ئايلىنىدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىر چاغلاردا ئەركىن مۇھەببەتنى قانۇنلۇق بىر تۈزۈم قىلىپ يولغا قويۇشقا تىرىشىپ كۆردى، لېكىن مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك بىلەن ئاخىرلاشتى. ئوت ئۈچۈن ئوچاق قانداق مەنە بەرسە، ئەر-خوتۇنچىلىقمۇ مۇھەببەت ئۈچۈن شۇنداق مەنىنى بېرىدۇ.

— لېكىن بۇنى بۇ يەردىكى كىشىلەرگە قانداق چۈشەندۈرىمەن؟

— بىرلا يول بىلەن، يەنى خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتى بىلەن. خۇدانىڭ ئۆزى مېھىر-مۇھەببەتتۇر. شۇ سەۋەبتىن ھەزرىتى ئەيسا خۇداغا خاس ئالاھىدىلىكى ۋە قۇدرىتىدىن كۆڭۈللۈك ھالدا ۋاز كېچىپ، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇپ، چەكلىمىلەرگە ماقۇل دېگەنىدى. خۇدا ئىنسان بولدى، مېھىر-مۇھەببەت تەنگە ئايلاندى.

— بۇ شۇنداق دېمەك بولىدىكى، دۇنياغا ئىنسان تېنىدە كەلگەن خۇداغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم ئىنسانلارنىڭ ئەر-خوتۇنچىلىق مۇناسىۋەت مەسىلىلىرىگە ياردەمچى بولۇشقا لايىق ئەمەس.

— ئەڭ چوڭقۇر مەنىدىن ئېيتقاندا بۇ توغرا. چۈنكى مۇنداق كىشىلەر شۇنى بىلىدىكى، بىز سۆيگەن كىشى ئارقىلىق خۇدانىڭ ئۆزى بىلەن ئۇچرىشىمىز.

دانىيەل بىر ھازا ئويلىنىۋالدى.

— خوپ، غەربتە مۇھەببەت بىلەن جىنسىيەتنى بىر-بىرىدىن قانداق پەرقلەندۈرىدۇ؟

— دۇرۇس، بۇ مەسىلە ئۈستىدە ھەر خىل چۈشەنچىلەر بار. گەۋدىلىك بىر چۈشەنچە، مۇھەببەت بولماي تۇرۇپ جىنسىيەتنى تەكىتلەشكە مايىلدۇر. بۇلار مۇھەببەتنى گەپ سېتىش دەپ مەسخىرە قىلىدۇ ۋە جىنسىيەت مۇھەببەت ئۈچۈن ئەمەس، كۆڭۈل

ئىچىش ئۈچۈندۇر، مۇھەببەت جىنسىيەت ئۈچۈن بىسىم ئاملىدۇر، جىنسىي مۇناسىۋەت پەقەت مەجبۇريي بولمىغان ۋە پۇشايمان قىلىنمايدىغان ھالدا بولسا، كىشىگە لەززەت بېرىدۇ، دەيدۇ. لېكىن مەن بۇ يەردە جامائەتنىڭلارغا بىر غەربلىكتەك سۆزلىگىلى كەلمىدىم، دۇنيايىمىزغا ئىنسان تېنىدە كەلگەن خۇداغا ئېتىقاد قىلغان بىرى سۈپىتىدە كەلدىم.

— شۇنداق، — دېدى دانىيەل يېقىملىق ھالدا، — ئۇنداق بولمىغاندا سىزنى تەكلىپ قىلمىغان بولاتتىم. لېكىن سىز ئالغا سۈرگەن بۇ كۆز قاراشنىڭ ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا ئافرىقىدىكىدىنمۇ كام ئېتىراپ قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتماقچى بولىسىز.

— دەرۋەقە، مەدەنىيەت تىلغا ئېلىنماي، ھەركىم ھەدەپ ئۆچ بۇلۇڭ ھەققىتىنى ئوچۇق سۆزلىگىلى تۇرسا، ئۇ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان بىر قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ.

— بىراق، تەۋراتتا ئېتىز تەسەۋۋۇرى ئۈستىدە توختىلامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئەستەر، — ئەرلەر ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ. تالاق قىلىش ھوقوقى پەقەت ئەرلەردىلا بولىدۇ. ئۇلار كۆپ ئاياللىق بولالايدۇ.

— ئەستەر، مېنىڭچە تەۋراتتا بىر تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىنى كۆرەلەيمىز، — دېدىم، — ئىنسانلار خۇدانىڭ ئەر-خوتۇنچىلىق ھەققىدىكى ئەمرىنى ئاڭلىغىنىدا، بولۇپمۇ يەھۇدىي جامائەتچىلىكىدە بىر تەرەققىيات بولدى. ئېتىز تەسەۋۋۇرىنىڭ ئالدىغا پەقەت مۇشۇ شەكىلدە ئۆتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئەيسانىڭ ئىنجىلدىكى سۆزلىرى ئاشكارا ھالدا ئۇنىڭ تالاققا قارشى ۋە بىر ئاياللىق بولۇش تەشەببۇسى ھەققىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

تېلېفون يەنە جىرىڭلىدى. دانىيەل ئەرەب شەيخلىرىگە خاس قىياپەتتە ئايالىغا قول ئىشارىتى قىلدى ۋە ئېتىزلىقىمىنىڭ ماڭا خىزمەت قىلىشىغا رۇخسەت، — دەپ چاقچاق قىلدى.

ئەستەر ئورنىدىن تۇرۇپ تېلېفون بار ئۆيگە، يەنى دانىيەلنىڭ

ئىشخانىسىغا كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا كولۇمىسىرىگەن ھالدا چىقىپ مېنى چاقىردى.

— بۇ قېتىم سىزگە كەپتۇ.

ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىدىم ۋە ئالدىنقى قېتىم دانىيەلنىڭ قىلغىنىدەك، ئورنۇمدىن چاچراپ تۇردۇم. دانىيەل قاقاقلاپ كولۇۋاتاتتى، مەن ئۆز سۆزۈمگە ئۆزۈم ئەمەل قىلمىغانلىق خىجالەتچىلىكى ئىچىدە ئۆرە تۇردۇم.

— كەچۈرۈم قىلىندىڭىز، — دېدى دانىيەل تەبەسسۇم بىلەن، — چۈنكى بىرىنچىدىن، تامىقىڭىزنى يەپ بولدىڭىز، ئىككىنچىدىن، ماڭا پرىنسىپتا ئىنتايىن چىڭ تۇرىدىغان بىر كىشى ئەمەسلىكىڭىزنى كۆرسەتتىڭىز.

تۇرۇپكىنى قولۇمغا ئالدىم:

— سىز پاتىمەمۇ؟

— شۇنداق.

— ئېيتىڭە، تونۇگۈن ئاخشام ماڭا ئىككى قېتىم تېلېفون قىلغان سىزغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق.

— دېگەن بىلەن، ئىسمىڭىزنى بولسىمۇ بىلىۋالدىم.

— بۇنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟

— سىزگە دۇئا قىلىشىمنى خالامسىز؟

— ئەلۋەتتە.

— سىزگە پەقەت مۇشۇ يول بىلەنلا ياردەم بېرەلەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇنداق قىلىشىمنى سىز تەلەپ قىلغانىدىڭىز.

جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.

— بۈگۈن ئاخشامۇ ئىبادەتخانىدا بارمىدىڭىز؟

— ھەئە.

— يەنە ئېرىڭىزدىن رۇخسەتسىزمۇ؟

— شۇنداق.

— سىزنىڭ چىدىر چۈشەنچىڭىزنى قوبۇل قىلغانلىقىمنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

— ئاڭلىدىم ۋە سىز ماڭا ئېيتقان مۇقەددەس كىتابتىكى ئايەتكە قارىدىم «چىدىرىم ئۆرۈلدى ۋە پۈتۈن تانىلىرى ئۈزۈلدى» — دەپ ھەقىقەتەن مەن ئۈچۈن ئېيتىلىپتۇ. ھەممىسى ئۈزۈلدى. سىزنىڭ بۈگۈن ئاخشامقى لېكسىيەڭىزنى ئاڭلىغىنىمدىن كېيىن، ھەممىسىنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنى چۈشەندىم. ئېيتقانلىرىڭىز يۈزدە-يۈز توغرا.

— نېمىشقا شۇنداق دەيسىز؟

— ھامىلىدارلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇللىرىنىڭ مۇھەببەتكە تەھدىت سالىدىغانلىقىنى ئېيتتىڭىز.

— شۇنداق راستىنى ئېيتسام، بۇ مەسىلىنى قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقىڭىزغا قىزىقىمەن.

— بىر تەرەپ قىلالمىدۇق. مەسىلە مانا شۇ يەردە. ئېرىم بىر تەرەپ قىلدۇق، دەپ ئويلايدۇ، لېكىن مېنىڭچە مەسىلە بىر تەرەپ بولغىنى يوق. ئۇ ئالدى بىلەن ماڭا كالېنداردىن بويۇمدا قېلىش ئېھتىمالى بولغان كۈنلەرنى ھېسابلىشىمنى ئېيتتى، لېكىن بۇ ئىشەنچلىك بولمىدى. ھامىلىدار بولۇپ قالدىم. ئۇ بالىنى ئالدۇرۇۋېتىشىمنى تەلەپ قىلدى.

— سىز ماقۇل بولدىڭىزمۇ؟

— شۇنداق، ھازىر ئۇ ماڭا ھەر كۈنى ھامىلىدارلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش تابلېتكىسى ئىچۈرىدۇ، جىنسىي مۇناسىۋەتتىن ھېچ لەززەت ئالالمايمەن. دورا ئىچىشكە باشلىغاندىن بېرى ھېچنەرسىنى سەزمەس بولۇپ قالدىم. دورا ئىچكەن ئاياللارنىڭ ھەممىسى شۇنداق بولىدۇ دېيىشىدۇ. بۇ دورىلار ياخشىمۇ-يامانمۇ؟

— قاراڭ، پاتىمە، ھامىلىدارلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش چارىلىرى ياخشىمۇ-يامانمۇ، بۇ پۈتۈنلەي «چىدىر»نىڭ ئەھۋالىغا باغلىق. ئەگەر چىدىردا يېتەرسىزلىك بولمىسا، ئەر بىلەن ئايال بىر-بىرىگە ئىشەنگەن ھالدا سۆزلىشىپ مەسىلىنى ھەل قىلسا ۋە مەلۇم بىر

سەۋەبتىن بالا تاپماسلىقتا ياكى بىر مەزگىل كۆتۈشكە ۋەدىلەشسە بولىدۇ. كېيىن، مەلۇم بىر دوختۇرنىڭ ياردىمى بىلەن هامىلىدارلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش چارىلىرىدىن بىرىنى بىرلىكتە تاللىسا بولىدۇ. ئەر-ئايال بىر-بىرىدىن بىرەر نەرسىنى يوشۇرۇشقا بولمايدۇ. پىكىرلىرىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك. بۇ ئەھۋالدا هامىلىدارلىق پىلاندىن خېلى بۇرۇن كۆرۈلۈپ قالسىمۇ، بىرەر پالاكەت بولمايدۇ. چېدىر نۇقسانسىز بولغاچقا هامىلىدارغىمۇ ئىچىدە پاناهلانغىدەك بىر ئورۇن چىقىدۇ. هەر كىشىگە بىر ئورۇن كېرەك بولغىنىدەك، بىر بوۋاققىمۇ شۇنداق بولىدۇ. لېكىن چېدىر چۇۋۇلغان بولسا، تۈۋرۈكلىرىدىن بىرى كەم بولسا، ۋە ئىچىگە يامغۇر ياغىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا هەممە ئىش باشقىچە بولىدۇ.

— ئۇنى ناهايىتى ياخشى بىلىمەن. يەنە هامىلىدار بولۇپ قېلىشتىن بەك قورقىمەن. چۈنكى ئۇنىمۇ ئالدۇرىۋېتىدۇ. خۇددى ئېيتقىنىڭىزدەك، ئەگەر ئۈچ بۇلۇڭنىڭ بۇلۇڭلىرىدىن بىرى كەم بولسا، قالغان ئىككىسىمۇ ئىشقا يارىمايدۇ. تەۋراتتا ئېيتىلغىنىدەك، «چېدىرىمنى تىكىدىغان هېچكىمىم يوق.»

— ئاڭلاڭ پاتىمە، تېلېفوندا شىكايەت قىلغىنىڭىزنىڭ پايدىسى يوق. ئەگەر بىرەر ئىشنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلسىڭىز، ئېرىڭىزنى ئەۋەتىشىڭىز كېرەك. ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ كۆرەي.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس.

— قانداقلا بولمىسۇن، بىر سىناپ بېقىڭ.

— يالغۇز بارسۇنمۇ ياكى بىللە بارايمۇ؟

— ئۆزىنىڭ ئىختىيارى.

— هازىرلا بارايلى، خەير-خوش، رەھمەت سىزگە.

داستىخانغا قايتىپ كېلىپ، دانىيەل بىلەن ئەستەرنىڭ ياردەم بېرىشى ئۈچۈن ئۇلارغا پاتىمەنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ بەردىم.

— بۇ قىزغا ھەقىقەتەن بىر قۇلدەك مۇئامىلە قىلىپتۇ، — دېدى ئەستەر.

ــ بۇ مەسىلىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، ــ دەپ قوشۇمچە قىلدى دانىيەل، چەكسىز ئەرلەر ھوقۇقى ئافرىقا مەدەنىيىتىنىڭ يىلىكىگە سىڭىپ كەتكەن.
ــ ئەستەر، دانىيەل، ــ دېدىم، ــ دېيىشكە خىجالەت بولىمەن، پاتىمە بىر ئافرىقىلىق بىلەن ئەمەس، ياۋروپالىق بىللە ياشاۋېتىپتۇ. بۇ بىر مەدەنىيەت مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى مۇقەددەس كىتابتا ئالدامچى دەپ تونۇشتۇرغان ئىنسان قەلبى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر مەسىلە.
ئۇلار لام-جىم دېمىدى، ئۇلار باشقىلارنىڭ ھېسسىياتلىرىغا قارىتا سەزگۈر بولغاچقا مېنىڭ بىئارام بولۇۋاتقىنىمدىن كۆڭلى يېرىم بولۇشۇۋاتاتتى.
ــ دانىيەل، ئەگەر ئۇ ئېرىنى تاشلىۋېتىش قارارىغا كەلسە، ئۇنىڭ بىرەر يەردىن ئىش تېپىپ يالغۇز ياشىشى مۇمكىنمۇ؟
ــ بۇ شەھەردە مۇمكىن ئەمەس، بىز تېخى ئېتىز تەسەۋۋۇرى ئىچىدە ياشاۋاتىمىز. بۇ يەردە ئائىلىلىك بولمىغان كىشى ئۈچۈن ئورۇن يوق.
-ئۇنداقتا بۇ كىشى ئۇنى پۈتۈنلەي ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغان. ئەگەر بۇ قىز ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىدە، ئائىلىسىگىمۇ قايتىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئائىلىسى ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغان. باشقىلارمۇ ئۇنى ئالمايدۇ، چۈنكى ئۇ قىز ئەمەس. ئۆز ئالدىغا ياشىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇ راست ئېيتىدۇ، ئۇنىڭ چېدىرىنى تىكىدىغان ھېچكىمى يوق.
ــ قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ ئېرىنى تاشلىۋېتىشى كېرەك، ــ دېدى دانىيەل، ــ بەلكىم تۇغقانلىرى ياكى دوستلىرىنىڭ يېنىغا كېتەر. لېكىن ئۇنى ئۇ كىشى بىلەن ئەر-خوتۇن دەپ پەرەز قىلايلى، بۇنداق ئەھۋاللاردا ئۇلارغا نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەۋسىيە قىلىپ باقسىڭىز قانداق؟
ــ دوختۇر بىمارنى ئۆلۈشكە تەۋسىيە قىلامدۇ؟ كىچىككىنە بىر ئۈمىد پەيدا بولغىچە دوختۇر بىمارنىڭ ھاياتى ئۈچۈن كۆرەش

قىلىدۇ. مەنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش كىچىككىنە بىر ھاياتلىق بەلگىسى قالغىچە ئۇلارنىڭ ئەر-خوتۇنچىلىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلىمەن. لېكىن بەزى ئەر-خوتۇنلار باركى ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنىڭ ھەقىقەتەن ئۆلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

— مۇھەببىتى پۈتۈنلەي ئۆلگەن ئەر-خوتۇنلارنى ئويلاۋاتىمەن، — دېدى دانىيەل، — ئۇلاردا جىسمانىي جەھەتتىن بىرلىشىش پۈتۈنلەي يوق بولىدۇ. ئەر بىلەن ئايالدا قالغان بىرلا نەرسە، ئۈچ بۇلۇڭنىڭ ئۈستۈنكى بۇلۇڭى، يەنى رەسمىي نىكاھلىق بولغانلىقىدۇر. باشقا ئىككى بۇلۇڭ تۈگىگەن بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلار داۋاملىق بىر ئۆيدە بىللە ياشاۋېرىدۇ، لېكىن باشقا-باشقا يوللاردا ماڭىدۇ. ئاجراشمايدۇ. بۇ ئەھۋال بىر نەچچە يىلغا سوزۇلۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئەر-خوتۇنچىلىق مېنىڭچە تۈگەشكەن بولىدۇ. لېكىن ئەيسا يەنە: «خۇدانىڭ بىرلەشتۈرگىنىنى ھېچكىم ئايرىمىسۇن» — دېگەن.

— لېكىن مەسىلە شۇ يەردىكى، ئەجەبا ئۇلارنى بىرلەشتۈرگەن خۇدامۇ؟

— ئۇنداقتا، نىكاھتىن ئاجراشقان ئىككى كىشىنى ھېچ ئىككىلەنمەي قايتا نىكاھ قىلىپ قويۇشقا توغرا كەلمەمدۇ؟

— ئىككىلەنمەي ئەمەس، ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن، لېكىن مەلۇم شارائىتلاردا نىكاھ قىلىپ قوياتتىم ھەمدە پەقەت ئەيىبلىك بولغان تەرەپنى يېڭىباشتىن نىكاھ قىلىپ قوياتتىم.

— چۈشەنمىدىم.

— ئەگەر بىر كىشى نىكاھنىڭ بۇزۇلۇشىدا ئۆزىنىڭ پۈتۈنلەي گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى، خاتالىقنىڭ يۈزدە-يۈز قارشى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىسە، مەلۇمكى، ئۇنىڭ ئىككىنچى نىكاھىمۇ مۇۋەپپەقىيەتسىز بولىدۇ.

— لېكىن ھەقىقەتەن گۇناھسىز بولغان ھەمراھلارمۇ بار. مەسىلەن، ئەر داۋاملىق مەس يۈرىدىغان ئەھۋاللار.

— شۇنداق، لېكىن، سىرتقى كۆرۈنۈشتىكى گۇناھسىزلىقنىڭ تېگىدە ناھايىتى چوڭقۇر بىر گۇناھكارلىق يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بۇ ھالدىكى كىشى ھەمراھىنىڭ ئالدىدا ئەمەس، خۇدانىڭ ئالدىدا گۇناھكاردۇر. بۇ ئىبغىر گۇناھكارلىق كۆپ چاغلاردا ئائىلىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ھەقىقىي ئەھۋال شۇ دەرىجىدە تۇرۇپ، بۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرغان كىشىنى قايتا ئىكاھلاندۇرۇشقا قوشۇلمايمەن.

— سىزچە پاتىمە گۇناھسىزمۇ؟

— گۇناھ ئاتا-ئانىسىدا، ئاندىن قالسا ئۇنىڭ «ئېرى» دە، لېكىن خۇدانىڭ ئالدىدا پاتىمە گۇناھسىز ئەمەس.

— ئۇنىڭغا قانداق ياردەم بېرىسىز؟

— ئۇ ئۆز گۇناھىنى تونۇمىغىچە، ياردەم بېرىمەن دېيەلمەيمەن.

دانىيەل بىلەن بۇ مەسىلە ئۈستىدە خېلىلا سۆزلەشتۇق. ئەستەر كىرىپسلودا ئولتۇرۇپ چاي ئىچىۋاتاتتى، قارىساق ئۇخلاپ قاپتۇ.

— ئىتىزىم ئۇيقىغا كېتىپتۇ، — دەپ چاقچاق قىلدى دانىيەل.

— ئۇ سىزنىڭ ئىتىزلىقىڭىز ئەمەس، دانىيەل، ئۇ چېدىرىڭىزدىكى ھەمراھىڭىز. سىزنىڭمۇ ئۇيقىڭىز كەلدى. مېنى مېھمانخانامغا ئاپىرىپ قويامسىز؟

ياتىقىمنىڭ ئاچقۇچىنى ئالغىنىمدا خىزمەتچى ماڭا بىر خەتنى ئۇزاتتى. ئۇ ئايالىمدىن كەلگەنىكەن. ياتىقىمغا چىقىپ، ئولتۇرۇپ ئوقۇشقا باشلىدىم:

«سىزنى شۇنچىلىك سېغىندىم ۋە سىز بىلەن بىر مۇنچە ئىشلار ھەققىدە سۆزلىشىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن.

ئۆتكەن بىر يىل كەينى-كەيندىن كەلگەن جۇدالىقلار بىلەن ئۆتتى. ئويلايمەنكى، بىز ئۆيىمىزدە ئارامخۇدا بىر ھەپتىمۇ بىللە بولمىدۇق. يا بەزىدە ئالدىراش ئىشلىرىمىز چىقىپ قالدۇ، ياكى بىر يۈرۈش سەپەر تەييارلىقلىرى بىلەن بولىمىز. بىللە بولغان كۈنلىرىمىز بەكمۇ ئاز بولدى.

بۈگۈن كەچقۇرۇن تاغنىڭ ئۈستىدىكى ئۆينىڭ دېرىزىلىرىدىن پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئالتۇنرەڭ نۇرلىرىنى كۆردۈم. ئۇ قەيەردىن ئەكس ئېتىۋاتقان بولمىسۇن، كۆزلىرىمنى قاماشتۇراتتى. ئەيسا مەسىھمۇ روھىمىزنىڭ رۇجىكىدىن شۇنداق ئەكس ئېتەتتى. ئويلايمەنكى، سىز بىلەن جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە پۈتۈنلەي بىر بولغان چاغلىرىمىزدىمۇ شۇنداق بولغان.

ئاخىرقى قېتىم ئۆيگە كەلگىنىڭىزدە، بۇ خىل تولۇق مەنىدىكى بىرلىشىش خۇشاللىقى بىزدىن ئۆزىنى قاچۇردى. قەلبىم قاتتىق ئازابلاندى. بۇنىڭغا ئارانلا چىدىدىم. بۇ قېتىم سىزنى تەستە ئەۋەتىشىمنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىز ئىشلەۋاتقاندا شۇنى بىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەنكى، قەلبىمدە ۋە روھىمدا كۈتكەن بۇ ئۈمىد ۋە ئارزۇلار سىزنىڭ ئىشلىرىڭىز بىلەن بىرلىكتىدۇر. بۇلار يالغۇز سىز ئۈچۈن ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئايالىڭىز ئۈچۈنمۇ ۋاقتىنى ناھايىتى بەرىكەتلىك قىلىشتەك بىر خىل قۇرباندۇر.

بۇ بىر شىكايەت خېتى ئەمەس، پەقەت ئەمەلىيەتتىن ئورتاقلاشماقچىمەن. مەن ئۈچۈن بۇ خىل ئورتاقلىشىش تېخىمۇ خۇشاللىقا چۆمگەن بىر قەلب بىلەن بىرگە ئىلگىرىلەيدىغانلىقىمنى بىلدۈرىدۇ. ھەر دائىمقىدەك، سۆزلىرىمگە قۇلاق سالغانلىقىڭىزغا تەشەككۈر ئېيتىمەن.

ئەمدى ئورتاقلىقتا يەنە ئىلگىرىلىيەلەيدىغان بولدۇم. شەنبە كۈنى سىز بىلەن كۆرۈشۈشكە تەقەززامەن.»

مەن لېكسىيەمدە نېمە دېگەنىدىم؟ پۈتۈنلەي مۇكەممەل، كەمچىلىكسىز ئەر-خوتۇنچىلىق دەيدىغان بىر نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. ئەر-خوتۇنچىلىق بىزنى كەمتەر قىلىدۇ. كەمتەرلىكنى ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك يولى نىكاھلىق بولۇشتۇر.

قوڭغۇراقنىڭ جىرىڭلىشى بىلەن قاتتىق ئۇيقىدىن ئويغىنىپ كەتتىم، سائەتنىڭ كونۇپكىسىنى بېسىۋېتىش ئۈچۈن قاراڭغۇدا

تىمسىقىلاپ تۇرغىنىمدا، ئاۋازنىڭ تېلېفوندىن چىقىۋاتقىنىنى ئاڭلىدىم. چىراغنى ياندۇردۇم. كەچ سائەت ئىككى بولغانىدى. تۇرۇپكىنى قولۇمغا ئالدىم. نۆۋەتچى خادىم ئويغىتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىدى ۋە ئارقىدىن:

— كۆتۈش زالىدا بىر جۈپ ئەر-ئايال سىز بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ-دېدى.

پاتىمە بىلەن ئېرىمىدۇ، دەپ ئويلىغاچ نۆۋەتچى خادىمغا ئۇلارنى بەش مىنۇتتىن كېيىن ياتاقىقا كىرگۈزۈۋېتىشنى ئېيتتىم. كىيىنىۋېلىپلا ئۇلارنى قوبۇل قىلماقچى بولدۇم.

نۇرغۇن ئافرىقىلىق چىرايلىق قىزلارنى كۆرگەن بولساممۇ، لېكىن ھېچقايسىسى پاتىمەدەك جەلپ قىلارلىق ئەمەس ئىدى. ئۇ ئېگىز بويلۇق ۋە زىلۋا بولۇپ، تاپىنىغىچە چۈشۈپ تۇرىدىغان مىللىي كىيىملىرىنى كىيىۋالغانىدى. ئۇ نازاكەتلىك ۋە ئەدەبلىك قىياپەتتە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ھەممە نەرسىسى پاكىز ۋە رەتلىك بولۇپ، گۈزەل چىرايىغا ياراشقان مېداليون، بىلەزۈك ۋە ھالقىلىرى ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ تاللانغانىدى، لېكىن ئۇنىڭ يوغان قوڭۇر كۆزلىرىدە بىر كۆڭۈلسىزلىك يوشۇرۇنغانىدى.

يېنىدىكى ئىش كىيىمى كىيگەن كىشىنىڭ شىمىنىڭ بەزى جايلىرى يىرتىلغان ۋە ياغ داغلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستى-بېشى ھەر جەھەتتىن رەتسىز ئىدى. ئۇ چاچ، ساقاللىرى ئۆسۈپ، تىرناقلىرىغا كىر تولۇپ كەتكەن بىر ئاق تەنلىك ئىدى.

پاتىمە باشلاپ كەلگەن ئادىمىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ۋاقىتسىز كېلىپ قالغانلىقىغا كەچۈرۈم سورىدى. سائەت بىر يېرىمغىچە تالاش-تارتىش قىلىشىپ ئاخىرى ئۇنى كېلىشكە كۆندۈرگەنلىكىنى ئېيتتى.

— ئەگەر مۇشۇ تۇرۇقتا كەلمىگەن بولساق، ئۇ كېيىن كەلمەيتتى، دېدى پاتىمە.

— كېرەك يوق پاتىمە، كەلگىنىڭىزگە ۋە بىللە كەلگىنىڭلارغا بەك خوش بولدۇم.

پاتىمەنىڭ دوستىغا قاراپ دېدىم:

— پاتىمە بىللە كەلگىنىڭىز ئۈچۈن سىزگە ئايرىم رەھمەت ئېيتىمەن. بۇ پاتىمەگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىڭىزنى كۆرسىتىدۇ. ئىسمىڭىز...

ئۇنى يوھان دەپ ئاتاڭ، ھالبۇكى بۇ ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسمى ئەمەس — دېدى پاتىمە.

يوھان كرېسلودا ئولتۇردى. ئۇ پۇتلىرىنى ئۇزىتىپ، قوللىرىنى كۆكرىكىگە ئالماشتۇرغان ھالدا دومسىيىپ ئولتۇراتتى. بۇنىڭغا ھەيران بولمىدىم. دەرۋەقە ئۇ مەندىن ئۆزىنى قاچۇراتتى ۋە مېنىڭ پاتىمە تەرەپتە تۇرىدىغانلىقىمدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك مەن پاتىمە تەرەپتە تۇردۇم.

— مەندىن ناھايىتى قورقۇۋاتقاندەك تۇرىسىز، — دېدىم. ئۇ ھېچ ئىنكاس بىلدۈرمىدى. — بەلكىم پاتىمە سىزنى ماڭا ئەيىبلەپ بەردى، دەپ ئويلىغان بولسىڭىز كېرەك. لېكىن ئۇ زادى ئۇنداق قىلمىدى. — يەنە جاۋاب چىقمىدى. — ئۇ ماڭا سىزنىڭ ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلىدە بولغانلىقىڭىزنى ئېيتتى. سىزگە رەھمەت. بولۇپمۇ ئۇنى مەكتەپكە ئەۋەتكەنلىكىڭىز ئۈچۈن كۆپ تەشەككۈر ئېيتىمەن. كۆرۈپ تۇرۇپتىمەنكى كىيىم-كېچەكلىرىنىمۇ ياخشى قىلىپ بېرىپسىز.

يوھان مۈرىلىرىنى قىسىپ قويدى.

— ماڭا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلدىڭ يوھان، سەن بولمىساڭ قانداق قىلار ئىدىم. ساڭا رەھمەت ئېيتىشقا قەرزدارمەن ۋە سېنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن، ئەمما بىز نېمە ئۈچۈن نىكاھلانمايمىز، بۇنى چۈشىنەلمەيمەن دېدى پاتىمە.

بۇ كونا مەسىلىغۇ، نىكاھ گۇۋاھنامىسىنىڭ بىزگە نېمە ھاجىتى؟ يۈزلىگەن جورىلار بىزنىڭ دۆلەتتە شۇ قەغەزسىز خوشال يۈرىشىدىغۇ. بەزىلەر شۇ قەغەزى بار تۇرۇپ، يەنە بەختسىز ياشاۋاتىدىغۇ. ئىنسانىنى بەختلىك قىلىدىغان — ئۇ قەغەز ئەمەس.

— دوستلىرىم بىلەن ئۇچراشقىنىمدا خىجالەت بولىمەن. ئۇلارغا

نېمە دېيىشىم كېرەك؟ ئىكاھلاندىم دەمدىمەن ياكى ئىكاھلانمىدىم دەمدىمەن؟

— دوستلىرىڭ بىلەن چاتىقىم يوق.

— بىراق ئۇلار مەن بىلەن يېقىن. ئەگەر مېنى ياخشى كۆرسەڭ، دوستلىرىمنىمۇ ياخشى كۆرۈشۈڭ كېرەك. مەن ئۈچۈن ئىكاھ گۇۋاھنامىسى ئەمەس، توي مۇراسىمى مۇھىم. ھەقىقىي بىر توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئۈچ ـ تۆت يۈز كىشىنى چاقىرىشىم كېرەك.

يوھان دەھشەتلىك ھالدا قوللىرىنى سىلكىدى:

— ئۈچ ـ تۆت يۈز كىشى دېدىڭمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — ساڭا ئېيتسىپ قوياي، ئەگەر توي قىلىدىغان بولساق، ناھايىتى كىچىك بىر مۇراسىم ئۆتكۈزىمىز، پەقەت ئىككىمىز ۋە ھۆكۈمەت شاھىتلىرى بىلەنلا.

— ئۇ چاغدا ھەممەيلەن سېنى مەندىن نومۇس قىلىدىكەن ۋە بىر نەرسىنى يوشۇرىدىكەن، دەيدۇ. سەن بىلەن ماختىنىدىغانلىقىمنى كۆرسىتىشنى خالايمەن. كىچىك بىر توي مۇراسىمىنىڭ خىجالەت ـ چىلىكىگە چىداپ تۇرالمايمەن.

يوھان جاۋاب بەرمىدى.

— مېنىڭ تەسراتىم، يوھان، — دېدىم مەن دىققەت بىلەن، — ئالغا بىر قەدەم تاشلاپسىز. لېكىن ئاقىۋىتىنى ئويلىماپسىز.

— قانداق قەدەم تاشلاپتىمەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ دەرغەزەپ بىلەن.

مەن ئۇنىڭ ھېچ بولمىغاندا مەن بىلەن سۆزلىشىشكە باشلىغانلىقى ئۈچۈن خۇشال ئىدىم.

— پاتىمەنى ئۆيىڭىزگە ئېلىپ بېرىپسىز، بىراق شۇنى چۈشىنى ـ شىڭىز كېرەككى بۇ يۇرتتا بىر قىزنى ئاياللىققا تاللىغىنىڭىزدا، ئۇنى ھەممىدىن خالى ھالدا ئۆز ئالدىڭىزغا تاللىمايسىز. ئوقۇشى، سىزگە بېرىدىغان ھۇزۇرى، ياخشى كۆرىدىغانلىرى، ياخشى كۆرمەيدىغانلىرى، ئادەتلىرى، قىسقىسى، پۈتۈن نەرسىلىرى بىلەن

بىللە تاللايسىز. بۇ قىسقا سۆھبەتتىن خۇلاسە چىقارسام، سىز پاتىمەنىڭ پەقەت جىسمانىي جەھەتتىكى گۈزەللىكى ۋە مىجەز-خۇلقىنى ياخشى كۆرىدىكەنسىز، لېكىن ئۇنى ئۆرپ-ئادەتلىرى بىلەن ياخشى كۆرمەيدىكەنسىز.

يوھان تەرسا ۋە ئۆزىنى ئاقلىغان ئاۋاز بىلەن:

— ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى.

— شۇنداق، چۈشەندىم، بىراق ھەقىقىي مۇھەببەت ئۇنى ئەسلى-نەسلى ۋە ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى بىلەن بىرلىكتە سۆيىدۇ. ھەشەمەتلىك توي مۇراسىمى بۇ ئەنئەنىگە خاستۇر. بۇ يۇرتتىكى بىر قىز بىلەن توي قىلىسىڭىز بۇ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشىڭىز كېرەك. ھەتتا ئېتىراپ قىلىش بىلەنلا قالماي، ئۇنىڭدىن خۇشاللىق ھېس قىلىشىڭىز كېرەك.

يەنە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. بۇ چۈشەنچىلەر ئۇنىڭغا ھەر ھالدا تەسىر قىلىۋاتاتتى.

— كۆرگىنىڭىزدەك، — دەپ سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم، — ئەر-خوتۇنچىلىق نورمال شارائىتلاردىمۇ بىر يۈك ۋە بىر مەسئۇلىيەتتۇر. ئەنئەنىلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن كېلىپ چىققان يۈك كۆپ چاغلاردا تۈگىنىڭ بېلىنى ئېگىۋېتىدىغان دەرىجىدە ئېغىر بولىدۇ. بۇنداق ئەر-خوتۇنچىلىقى ۋەيران بولغان ھەمراھلارنىڭ ئۆزئارا ئوخشاشمىغان مەدەنىيەت ۋە ئەنئەنىلىرىنى تولۇق ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. ئوخشىمىغان ئىككى خىل ئەنئەنە ئارىسىدىكى ماجرا تاماقلار-نىڭ ياخشى كۆرۈلۈشىدەك كىچىك ئىشلاردىن باشلىنىپ، تۇرمۇشقا قارىتا پۈتۈنلەي ئوخشىمىغان دۇنيا قاراشلارغىچە يېتىپ بارىدۇ.

— بۇنداق ئەر-خوتۇنچىلىقلار ھەمىشە مۇۋەپپەقىيەتسىز بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى پاتىمە.

— ياق، — دېدىم، — لېكىن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلەرنىڭ كۆپچىلىكىدە، ھەمراھلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئائىلە قۇرۇشنى ئويلاشقان بولسا ئۇلار ئۇزۇن مۇددەت بىر مۇھىتتا ياشىغان.

ئەپسۇسكى، بۇ ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان ئەھۋالدۇر. مەسىلەن، ئەگەر ئافرىقىلىق بىر ئوقۇغۇچى ئافرىقىغا زادى كەلمىگەن بىر ياۋروپالىق ياكى ئامېرىكىلىق قىز بىلەن توي قىلىپ، قىزنى ئۆز يۇرتىغا ئېلىپ كەتسە، ئائىلە تۇرمۇشى ھەمىشە دېگىدەك مۇۋەپپەقىيەتسىز بولىدۇ. پۈتۈن ياخشى نىيەت ۋە سەمىمىي ئارزۇلىرىغا قارىماي، يېڭى مۇھىتقا ماسلىشىپ كېتەلمەيدۇ.

— يوتقانغا قارىماي پۇت سۇنغان بولىدۇ، — دەپ چاقچاق قىلدى يوھان ۋە كەينىدىن ئۆز چاقچىقىغا كۈلۈپ قويدى.

ئۇنىڭ بىرئاز ئېچىلغانلىقىدىن غەيرەتكە كېلىپ:

— بەلكىم سىلەرمۇ شۇنداق خاتالىقنى ئۆتكۈزگەن بولۇشۇڭلار مۇمكىن، — دېدىم.

— بىز بىر-بىرىمىزنى ياخشى كۆرىمىز، — دەپ تەكرارلىدى يوھان. ئۇ، بىرىنىڭ ئويۇنچۇقىنى ئېلىۋالغان كىچىك بالىدەك مىدىرلاپ ئولتۇراتتى.

— شۇنداق، لېكىن ئەر-خوتۇنچىلىق مۇھەببەتتىنمۇ كەڭ بىر نەرسىدۇر. ئىبادەتخانىدا ئېيتقىنىمدەك، ئۇ پەقەت ئاي يورۇقى ۋە گۈللەرلا ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە كىر-قات ۋە بالىنىڭ زاكىلىرىدۇر.

يوھان «بالىنىڭ زاكىلىرى» دەپ دىمىقىنى قېقىپ قويدى.

— بالىنى ياخشى كۆرمەمسىز؟

— ياق.

— سىزچۇ پاتىمە؟

— ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن، كۆپ باللىق بولۇشنى خالايمەن.

— بىر-بىرىڭلارغا ماسلىشالمايدىغان يەنە بىر مەسىلە چىقتى، — دېدىم، — ئۇ ناھايىتى مۇھىم بىر مەسىلە ئىكەن. بۇندىن كېيىن قانداق قىلماقچىسىز يوھان؟ مۇشۇ يۇرتتا تۇرۇپ قالماقچىمۇسىز؟

— ھۆكۈمەت بىلەن بىر ئىشىم بار، بىراق توختامىمنىڭ مۇددىتى بىر يىلدىن كېيىن توشىدۇ.

— ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟
— بىلمەيمەن. باشقا يەرگە كېتىشىم مۇمكىن، بەلكىم جەنۇبىي ئامېرىكىغا ياكى ياپونىيەگە.
پاتىمە ئىنتايىن ھەيران بولدى.
— ئەلۋەتتە پاتىمەنى بىللە ئېلىپ كېتەرسىز؟
— قانداقچە بۇنداق ئويلاپ قالدىڭىز؟
— نىكاھ گۇۋاھنامىسى بولمىسىمۇ بەختلىك بولغان ئەرلەردىن ئىكەنلىكىڭىزنى ئېيتقاندىڭىز. ئەگەر كىشى ھەقىقەتەن بەختلىك بولسا، ئۆز بەختىدىن ئايرىلىشنى خالىمايدۇ.
يوھان مۆرىلىرىنى قىسىپ قويدى، پاتىمە بولسا ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى.
— ماڭا توختامىڭىنىڭ مۇددىتى توشىدىغانلىقىنى زادى ئېيتمىغاندىڭ، سېنى ئۆمۈرۋايەت بۇ يەردە تۇرىدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن.
يوھان بىردىن ئورنىدىن تۇرۇپ:
— خەير-خوش، بەك كەچ بولۇپ كەتتى، قايتايلى-دېدى.
مەن يوھاننىڭ قولىنى تۇتۇپ، كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قاراپ:
— يەنە بىر ئېغىز سۆز قىلىپ قوياي يوھان، — دېدىم، — پاتىمەنىڭ يۈز-خاتىرىسى ئۈچۈن ئەقلىڭىزنى يىغىۋېلىڭ. ئەگەر ئۇنىمۇ بىللە ئېلىپ كەتمەكچى بولسىڭىز، بۇنى ئۇنىڭغا ئالدىدا ئېيتىڭ، ئۇمۇ بىر قارارغا كەلسۇن. ئەگەر بىللە ئېلىپ كەتمەيدىغان بولسىڭىز ۋە توختامىڭىزنىڭ مۇددىتى توشقاندا ئاجرىشىشنى ئويلىسىڭىز ئۇنىمۇ ئېيتىڭ. ئۇمۇ سىز بىلەن بىللە بولۇش-بولماسلىقى توغرىلىق ئويلىشىپ قويسۇن. ھەر ئىككىڭلارغا قانداق قىلىشىڭلار كېرەكلىكى توغرىسىدا بىر نېمە دېمەيمەن، لېكىن سىلەردىن تۇرمۇش مەسىلىسىدە تېپىشماق ئوينىماسلىقىڭلارنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن.
— سىزگە كۆپ رەھمەت، — دېدى يوھان سوغۇققىنە.
يېرىكلىكىنى ئازايتىش ئۈچۈن، «يولۇڭلار يىراقمۇ؟» دەپ

سورىغانىدىم، «ياق، دەريانىڭ ئۇ قېتىدا»، دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

ئۇلار ياتاقتىن ئۇزاپ چىقىشتى، پاتىمە ماڭا قارىماي يوھاننىڭ كەينىدىن ماڭدى.

مەن قايتا ئورنۇمدا ياتتىم، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر ئۇخلىيالمىدىم، خىياللىرىم ئاراملىق بەرمەيتتى. كاللامغا پاتىمە بىلەن يوھان، مەريەم بىلەن تىموتىي، موررىس بىلەن ئانىسى، دانىيەل بىلەن ئەستەر ۋە ئايالىم كىرىۋالدى.

ئەتىسى سەھەردە ئورنۇمدىن تۇردۇم ۋە ياتىقىمغا ناشتىلىق ئەكىرىپ بېرىشنى بۇيرۇدۇم. ئاندىن ئايالىمنىڭ خېتىنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتىم. نېمە ئۈچۈن كىشىگە كۆپرەك ئىلھام بېرىدىغان خەت يازمىغاندۇ؟ «سىزنى شۇنچىلىك سېغىندىم ۋە سىز بىلەن بىرمۇنچە ئىشلار ھەققىدە يېڭىباشتىن سۆزلىششنى ئارزۇ قىلىمەن.» ھەمىشە سۆزلىشىپ تۇرمىغانمىدۇق؟ دەرۋەقە بۇ قېتىمقى ئايرىلىشىمىز ئانچە ئۇزۇن ئەمەس. ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن شۇنچە تەس كەلگەنمىدۇ؟

كىتاب ئوقۇپ باقتىم، لېكىن خىياللىرىم يەنىلا ئايالىمغا كەتتى. نېمە ئۈچۈن بۇنداق بىر خەتنى يازغاندۇ؟ تەسەللىي بېرىشىمنى تەلەپ قىلسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. مېنى چۈشەنمىسە كېرەك. ھەل قىلالمىغان بۇ مەسىلىلەر، ياردەم قىلالمىغان بۇ كىشىلەر بىلەن ھەپىلىشىۋاتقانلىقىمنى چۈشەنمەيدۇ.

مېنى چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرەل-مەيدىغانلىقىمنى، ئۇمۇ تەسەللىي تاپمىغانلىقى تۈپەيلىدىن مېنى چۈشىنەلمەيدىغانلىقىنى ئويلىدىم.

«ھەمىشە سۆزلىرىمگە قۇلاق سالىدىغانلىقىڭىزغا تەشەككۈر ئېيتىمەن.»

قۇلاق سالاتتىممۇ؟ راست قۇلاق سالاتتىممۇ؟ ھېچ بولمىغاندا ئۇ ئىچىنى بوشىتىۋاتقاندۇ. پاتىمە بىلەن يوھان، تىموتىي بىلەن مەريەم ھەتتا دانىيەل بىلەن ئەستەرنىڭ قىلالمىغىنىنى قىلغاندى. بۇ

خىيال ماڭا ئىلھام بەردى. چېدىرلىرىمىز ئاندا-ساندا ئىگىلىپ قالسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ ئىچىدە ئۆزئارا پاراڭلىشاتتۇق. مۇقەددەس كىتابىمنى ئاچتىم ۋە «زەبۇر» نىڭ 27-بابىنى ئوقۇدۇم. ھەربىر سۆزىنى پاكىز سۇدەك قېنىپ ئىچتىم.

«زور قوشۇن مېنى مۇھاسىرە قىلىۋالسىمۇ، قورقمايمەن. دۈشمەنلەر ماڭا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلسىمۇ، يەنىلا خۇداغا تايىنىمەن. چۈنكى ئۇ مېنى چېدىرى ئىچىدە مۇھاپىزەت قىلىدۇ.»

بۇ ئىبارىلەر بۇرۇن ماڭا زادى تەسىر قىلمىغانىدى. مەن ئۈچۈن ھېچقاچان ئالاھىدە مەنىگە ئىگە بولمىغانىدى. لېكىن بۇ قېتىم قۇلاقلىرىمغا جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن ئاڭلاندى.

خۇدانىڭ چېدىرى دەپ ئويلىدىم. بۇ بىزنىڭ چېدىرىمىز ئەمەس، خۇدانىڭ چېدىرى. خۇدانىڭ چېدىرى ئىچىدىمىز، ئۇنىڭ چېدىرى يىقىلمايدۇ!

ناشتىدىن كېيىن تېلېفون جىرىڭلىدى، يەنە پاتىمە ئىدى.

— قەيەردىن بىرىۋاتىسىز؟

— ئۆيدىن.

— نېمشقا مەكتەپكە بارمىدىڭىز؟

— يوھان بۈگۈن ئەتىگەن ئۇخلاۋەر دېدى. ئۇ ماڭا ھېچقاچان كۆرسەتمىگەن ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلدى.

— ئىشىكنى يەنە قۇلۇپلاپ قويدىمۇ؟

— شۇنداق، ناھايىتى كۆڭدەشلىك قىلىدۇ. كۆڭدەشلىكمۇ مۇھەببەتنىڭ بىر بەلگىسى ئەمەسمۇ؟

— ئۇ مۇكەممەل بىر مۇھەببەت ئەمەس، شەخسىيەتچىل بىر مۇھەببەتنىڭ بەلگىسى. مۇكەممەل مۇھەببەت ھەمراھىغا ئىشىنىدۇ ۋە ئەركىنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

— ماڭا ئىشەنمەيدۇ، دەپ ئويلامسىز؟

— سىزچە قانداق؟

پاتىمە جاۋاب بەرمەي، گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى:
— ئۇ توغرىلىق نېمە ئويلىغانلىقىڭىزنى بىلىشنى خالايمەن.
— ناھايىتى رەتسىز كۆرۈنىدۇ، ھەتتا قوللىرىنىمۇ يۇيۇش-يۇماسلىقىدىن گۇمانلاندىم. ئۇنىڭ ئاشۇ تۇرقى سىزنى بەزىدە بىئارام قىلامدۇ؟
— بىئارام قىلىدۇ، بىراق مۇھەببەت بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىشى كېرەك، دەپ ئويلايمەن. ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇمۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ.
مەن ئۇنىڭ كىچىككىنە بىر ئۈمىدكە باغلىنىپ قالغانلىقىنى ئويلىدىم. يېرىم كېچىدىكى سۆزلەر ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئاچمىغاندىمۇ؟
— بەلكىم شۇنداقتۇ، لېكىن بىر-بىرىڭلارغا «سېنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەندە پۈتۈنلەي باشقا ئىشلارنى مەقسەت قىلىسىلەر. سىز مۇھەببەتنى ئويلىسىڭىز، ئۇ جىنسىيەتنى ئويلايدۇ. پەرق مانا شۇ يەردە. سىلەر چېدىرىڭلارنى قۇرمىغانىكەنسىلەر. سىز بوش توپىغا قوزۇق قاقماقچى بولىسىز ياكى قاتتىق دەپ ئويلايسىز. يوھان بولسا بىر قوزۇقنى سىزنىڭ قوزۇقىڭىزنىڭ يېنىغا قاقىدۇ-دە، ئىش تامام دەيدۇ. لېكىن چېدىرنى بۇ شەكىلدە تىكەلمەيسىلەر.
— سىزچە ئۇ بۇندىن كېيىن قانداق قىلار؟
— بىر نەرسە دېيىشنى خالىمايدۇ، سىز ئۈچۈن ئەھۋالنى قىيىنلاشتۇرغان نەرسىمۇ شۇ.
— توختام مۇددىتى توشقاندا، سىزچە مېنى تاشلىۋېتەرمۇ؟
پاتىمەنىڭ يوھاننىڭ جاۋابلىرىدىن بىر نەرسە ئۇقالمىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ھەيران بولدۇم. باشقىچە ياردەم قىلالمىساممۇ، ھېچ بولمىغاندا كور كۆزلىرىنى ئاچالايدىغانلىقىمنى ئويلىدىم.
— ئۇنى سىز بىلەن نىكاھلىنىشقا مەجبۇر قىلىدىغان، سىزنى تاشلىۋېتىشكە توسالغۇ بولىدىغان ھېچنەرسە يوق. ئوچۇقىنى ئېيتىشىمنى زۆرۈر تاپسىڭىز، سىزنى تاشلىۋېتىشنى تىلەيمەن. ئۇنىڭ بىلەن بەختلىك بولالمايسىز.

بۇ سۆزلەرنى قىلغىنىمدا، ئۇنىڭ يۈرىكىگە پىچاق سانچىلغاندەك بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

— بىراق ئۇ مېنى تاشلىۋەتسە، مەن ئۈچۈن ھەممە نەرسە مەنىسىز بولۇپ، مېنى پالاكەت باسىدۇ. ئۇ چاغدا مەن قەيەرگە كېتىمەن؟

خۇدانىڭ چېدىرىغا، دەپ ئويلىدىم. بۇ قىزنى ئۇ چېدىرغا كىرگۈزەلىگەن بولسام ۋە يارىسىنى ئاچقاندىن كېيىن ئۇنى داۋالىيالىغان بولسام ئىدىم...

ئەمدى ئۇ كۆز يېشىنى يوشۇرالمىدى. ئاۋازى ئىسەدەشلەر بىلەن بوغۇلدى.

— خەير-خوش، ئۇستاز.

— پاتىمە، — دېدىم، — «زەبۇر» نىڭ 27-بابىنى ئوقۇڭ. ئۇ يەردە سىز ئۈچۈن بىر نەرسە بار.

لېكىن مەن بۇنى دېگىچە تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويىۋەتكەنىدۇ، دەپ ئويلاپ، خاتىرجەم بولالمىدىم.

# 60

ئۇ كۈنى مەريەم بىلەن تىموتىي كەچ كەلدى. سائەت بەش يېرىم بولغانىدى. ئۇلار تىموتىينىڭ ئىشتىن بالدۇرراق چۈشەلمىگەنلىكىنى ئېيتىشتى.

— شۇنداق، ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، — دېدىم، — بىرئازدىن كېيىن موررېس مېنى ئېلىپ كەتكىلى كېلىدۇ. سىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىڭلاردا مېنى ھەممىدىن كۆپ قايغۇغا سالغان نەرسە بىر-بىرىڭلار بىلەن ئوچۇق سۆزلىشەلمەيدىكەنسىلەر. مەريەم تىموتىي سىزنىڭ يا يېشىڭىزنى، يا بىلىم سەۋىيىڭىزنى ياكى كىرىمىڭىزنى بىلمەيدىكەن. لېكىن مەن سىز توغرىلىق تىموتىيدىنمۇ كۆپ نەرسىلەرنى بىلىمەن. بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟

— بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىلگىرى بىز بىر ئاز سۆزلەشتۇق، — دېدى مەريەم، — ھەر ئىككىلىمىز ئاساسىي مەسىلىگە كېلىشنى خالايمىز.

جاۋابنى مەريەمنىڭ بەرگەنلىكى دىققىتىمنى قوزغىدى. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— بىز ئۈچ بۇلۇڭىمىزغا جىنسىيەت دەرۋازىسىدىن كىردۇق، — دېدى. ئۇ بىردەم جىم تۇرۇۋالدى. بۇنى ئېيتىش ئۇنىڭ ئۈچۈن قىيىن بولۇۋاتقانلىقىنى سېزەتتىم. ھەر ھالدا ئۇنىڭ ئاشكارا سۆز قىلغانلىقىنى ياقتۇرۇپ قالدىم. — سىزگە ئۆرپ-ئادەتلىرىمىز بويىچە بىر قىز بىلەن بىر ئەرنىڭ توي قىلىشقا پۈتۈشمىگىچە كۆرۈشەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقانىدىم، لېكىن پۈتۈشكەندىن كېيىنكى

بىر ئاي ئىچىدە بىر-بىرىمىزگە ناھايىتى يېقىن بولۇپ كەتتۇق.

— بۇنىڭ بىر-بىرىڭلار بىلەن ئوچۇق سۆزلىشەلمەيدىغانلىقىڭلار بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟

— ناھايىتى كۆپ ئالاقىسى بار. جىسمانىي جەھەتتىكى يېقىنلىشىش ئۇزۇن ئۆتمەي كۆرۈشۈپ تۇرۇشىمىزنىڭ ئاساسى بولدى. قاچان تېپىشساق بۇنىڭ جىسمانىي جەھەتتە بىرلىشىش بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى بىلەتتۇق. كاللىمىزدا شۇ ئىشلارلا بار ئىدى. بۇنىڭ سىرتىدىكى ھەرقانداق ئىش ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى.

— تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشىم ئۈچۈن ماڭا ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدىغان يەنە بىر ئىش بار دېدىم، — مەن، — ئۆرپ-ئادەتلىرىڭلار بويىچە، توي قىلىشقا پۈتۈشمەي تۇرۇپ كۆرۈشۈشۈڭلار مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى ئېيتتىڭلار. لېكىن پۈتۈشۈپ قويغان مەزگىلدە بۇنچىۋالا يېقىنلىشىشمۇ ئادەتلىرىڭلارغا ئۇيغۇنمۇ؟

تىموتىي كۈلۈمسىرەپ ۋە بىرئاز خىجالەت بولۇپ:

— بىز تېخى ياش ئەۋلادمىز. بىز ھازىرقى زاماننىڭ ياشلىرى، زامانغا ماسلىشىشنى ئويلايمىز. تەرەققىيپەرۋەر كېلىمىز. كونا رەسىم-قائىدىلەر ئەمدى بىزنى باغلىيالمايدۇ، — دېدى.

— مېنىڭ ئاڭلىماقچى بولغىنىم مانا شۇ ئىدى، — دېدىم، — ئۆرپ-ئادەتلىرىڭلار ئارزۇلىرىڭلارغا ئۇيغۇن بولغان ۋاقىتتا ئافرىقىلىق ئىكەنلىكىڭلارنى ئېتىراپ قىلىسىلەر ۋە بىر-بىرىڭلارنى زادى تونۇماي تۇرۇپ توي قىلىشقا پۈتۈشۈشكە ئىككىلەنمەيسىلەر. لېكىن ئۆرپ-ئادەتلىرىڭلار تەلىپىڭلارغا زىت كەلسە، شۇ ئان «زامانىۋى» ۋە «تەرەققىيپەرۋەر» بولۇۋېلىپ، ئۆرپ-ئادەتلىرىڭلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويىسىلەر. بۇ، ئىشنىڭ ئاسىنىغا يۈگۈرۈش دېيىلىدۇ. سىلەرگە بەك قاتتىق گەپ قىلىۋەتتىمغۇ دەيمەن؟

— قاتتىق بولغىنى ياخشى، — دېدى مەريەم، — ئاتا-ئانىمىزمۇ بىزگە شۇنداق قاتتىق گەپ قىلغان بولسا بوپتىكەن. ئۇلار بۇ ھەقتە زادى گەپ قىلماي، پەقەت گۇمانلىنىشنىلا بىلىدۇ.

— ئۇنداقتا قاتتىق گەپ قىلاي، ئاۋۋال يۇرتىمىزدا بىر ئەر بىلەن بىر قىزنىڭ كۆرۈشۈشى مۇمكىن ئەمەس، ھەتتا توي قىلىشقا پۈتۈشمىگىچە ئۆزئارا سۆزلىشەلمەيدۇ دېيىشكەن. ئاندىن پۈتۈن ئىجتىمائىي چەكلىمىلەرگە زىت كەلسىمۇ، بىر ئورۇندا يېتىشنى بىردىنلا ئەقىلگە مۇۋاپىق تېپىپسىلەر. ئۆزئارا سۆزلىشىش شۇنچە تەس تۇرغان يەردە، قانداقچە بىر ئورۇندا يېتىش شۇنچە ئاسان بولسۇن؟

ئىككىلىسى يەرگە قاراشتى. كېيىن مەريەم:

— ئاسان ئەمەس، — دېدى، — كۆرۈشىدىغان بىردىنبىر يېرىمىز ماشىنىنىڭ كەينى ئورۇندۇقى ئىدى.

— بىردىنبىر ئورۇن شۇ يەر ئىدى، — دېدى تىموتىي، — مەريەمنىڭ ئائىلىسى بەك مۇتەئەسسىپ، مېنىڭمۇ شۇنداق.

— بىراق مۇتەئەسسىپ بولسىمۇ ئورۇن تېپىپسىلەر، — دېدىم، — خالىساڭلار توي قىلىشقا پۈتۈشۈشتىن ئىلگىرىمۇ سۆزلىشىدىغان يەر تاپالايتتىڭلار.

— پۇشايمان قىلمايمەن، — دېدى تىموتىي، — تۈنۈگۈن نىكاھ-لانماي تۇرۇپ قىلغان جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ مۇھەببەتنى يوق قىلىدىغانلىقى ۋە مۇھەببەتنى نەپرەتكە ئايلاندۇرىدىغانلىقى ھەققىدە ئېيتقىنىڭىز ناھەق بولدى. ھېچ بولمىغاندا بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزدە ئۇنداق ئەمەس. جىنسىيەت بىزنىڭ مۇھەببىتى-مىزنى چوڭقۇرلاشتۇردى. ئۇ بەك ياخشى ئىش ئىكەن.

مەريەمگە قارىدىم. ئۇ تىموتىينىڭ قولىنى گويا ئاغرىتىۋەتمەكچى بولغاندەك چىڭ سىقتى. ئاندىن پەس ئاۋاز بىلەن:

— بەلكىم سەن ئۈچۈن ياخشىدۇ، لېكىن مەن ئۈچۈن ئۇنداق ئەمەس ئىدى-دېدى.

— ياخشى ئەمەسمىدى؟ — تىموتىي ناھايىتى ھەيران بولغان ھالدا سورىدى، — نېمىسى ياخشى ئەمەس؟

— ھەممە نەرسە، ئورۇن، مەخپىيلىك، ئاشكارىلىنىپ قېلىش

قۇرقۇنچىسى. ھەر ھالدا ماشىنا ئۆزۈڭنى خاتىرجەم ھېس قىلدۇرىدىغان بىر چېدىر ئەمەستە.

تىموتىي چوڭقۇر بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويدى. ئۇنىڭ بېشىغا بىر تاغ ئۆرۈلگەندەك بولدى. مەريەم سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۇنىڭدىن باشقا، ھامىلىدارلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ پۈتۈن چارىلىرىنى قوللانغان بولساقمۇ، يەنىلا ھامىلىدار بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ يۈرەتتىم.

— ساڭا دورا ئىچىشنى ئېيتتىمغۇ.

— نىكاھلانمىغان بىر قىز تۇرۇپ دوختۇرغا بېرىپ دورا ئالىمەن، شۇنداقمۇ؟ مەن ئۇنچىۋالا مودا قىزلاردىن ئەمەسمەن.

— ساڭا بالدۇر توختىتىۋېلىشنى ئېيتتىم، لېكىن ئۇنىمىدىڭ.

— سەندىن گاندون (ئەرلەر ئىشلىتىدىغان تۇغۇتتىن ساقلىنىش ئەسۋابى) ئېلىشىڭنى تەلەپ قىلدىم، لېكىن سەن دورىخانىدىن ئېلىشتىن نومۇس قىلدىڭ.

— دۇرۇس، دورىخانىلاردا ئىشلەيدىغانلار كۆپىنچە ئاياللار. ئۇنىڭ ئۈستىگە گاندون پاھىشە ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشتا ئىشلىتىلىدۇ، مەن سېنى پاھىشە ئورنىدا كۆرمەيمەن.

مەريەم ئاۋازىنى مۇمكىنقەدەر چىرايلىق چىقىرىپ:

— سېنى ئەيىبلىمەيمەن تىموتىي، — دەپ ئۇنىڭ قولىنى يەنىمۇ چىڭ سىقتى، — لېكىن، ئۇ ئىشنىڭ ئىنتايىن سەتلىكىنى ئېيتىشقا تىرىشىۋاتىمەن.

— خوپ، نېمىشقا بۇرۇنراق شۇنداق دېمىدىڭ؟

— ماڭا ئېھتىياجى بارمىكىن دەپتىمەن. ئۆزۈمنى تارتىۋالسام مۇھەببىتىمدىن گۇمانلىنىشقا باشلايدىغانلىقىڭدىن قورقاتتىم.

تىموتىي يەنە ئۇلۇغ-كىچىك تىندى. ئىككىلىسىنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئوچۇق سۆزلىشەلەيدىغانلىقى، ھەقىقىي ھېسسىياتلىرىدىن ئورتاقلىشالايدىغانلىقىدىن مەمنۇن ئىدىم. شۇڭا:

— ئىككىڭلار دەرھال قايتىپ كېتىپ سۆھبىتىڭلارنى ئۆز ئالدىڭلارغا

داۋاملاشتۇرساڭلار ياخشى بولارمكىن. ئۆزۈڭلارنىڭ بىر قارارغا كەلگىنىڭ-
لار تۈزۈك. شۇنداق بولۇشى مۇمكىنكى، سىلەرنىڭ قىلغان بۇ سىناق-
لىرىڭلار ئاراڭلاردىكى مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي بولغان-بولمىغانلىقى
ھەققىدە ھېس قىلغان گۇمانلىرىڭلارغا باغلىق، — دېدىم.

ئىككىيلەن بىر ئېغىزدىن:

— بىر-بىرىمىزنى ياخشى كۆرىدىغان-كۆرمەيدىغانلىقىمىزنى قانداق بىلەلەيمىز؟ — دەپ سوراشتى.

شۇئان، تېلېفون جىرىڭلىدى. تېلېفون بەرگەن موررېس ئىدى.

— بۇ سوئالغا بۈگۈن ئاخشامقى لېكسىيەمدە جاۋاب بېرىمەن، — دەپ ۋەدە بەردىم.

موررېس ياتىقىمغا كىرگەندە تىموتىي بىلەن مەريەم يېڭىلا چىقىپ كەتكەنىدى.

موررېسنىڭ ھەرىكىتى يەنە دىققىتىمنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى، گەپ-سۆزلىرى باشقىچە ئىدى.

ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋېتىپ ئۇنىڭ ئەقىل-پاراستىنىڭ جايىدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇ ھېچقاچان ئەقىل-پاراستىنى پەش قىلىشقا ئۇرۇنمايتتى.

شۇنداقتىمۇ مىجەز-خاراكتېرى زىددىيەتلىك بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ بىر تەرەپتىن ئەرلىك غورورى، يەنە بىر تەرەپتىن مەلۇم بىر چارىسىزلىق ھالىتى، سۆزلىرىدىكى مۇكەممەللىك ھەم بۇنىڭغا ماس كەلمەيدىغان بالىلارچە كۆلۈمسىرەشلىرىدىن چىقىپ تۇراتتى.

— ئاپاڭ قېنى؟ — دەپ سورىدىم.

— ماشىنىدا كۈتۈپ قالدى. ئۇنىڭغا سىزدىن بىر نەرسە سورىماقچى ئىكەنلىكىمنى ئېيتتىم. ئۇ بەربىر سۆزلىرىمىزنى چۈشىنەلمەيدىغان-لىقىنى ئېيتتى. سوئالىمنى ھەر ھالدا ئېسىڭىزگە ئالالايسىز.

— بىر قىزغا قانداق يېقىنلىشىش كېرەك؟ بۇ شۇنچە قىيىن بىر ئىشمۇ موررېس؟ قانداق بولساڭ بولغىنىكى، ئۆزۈڭنى ئۇنىڭغا جەلپ قىلالىغىدەك قىياپەتتە كۆرسىتىشكە تىرىشما، ئۆز قىياپىتىڭدىن باشقىچە

كۆرۈنمە، لېكىن ئۇنى ياقتۇرىدىغانلىقىڭنى ئىپادىلە. ئۇنىڭدىن قىزىقىدىغان، ياخشى كۆرىدىغان ۋە ياخشى كۆرمەيدىغان نەرسىلەرنى، كۆڭلىگە ياقىدىغان كىتابلار ياكى دەرسلەر ۋە ئائىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك سوئاللارنى سورا. ھەر ئىككىڭلارنى قىزىقتۇرىدىغان بىر تېما تېپىشقا تىرىش ۋە ئۇ ھەقتە سۆزلەشكىن.

— بۇ شۇنچە ئاساندەك گەپ قىلىۋاتىسىزغۇ؟

— ئوتتۇز تۆت ياشتا ئىكەنسەن موررىس، بىر قىز بىلەن بىرەر مۇناسىۋەتتە بولغانمۇ؟

— بولدۇم ۋە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلماقچىمۇ بولغان.

— نېمىشقا توي قىلمىدىڭلار؟

— ئۇنى تەكشۈرتۈش ئۈچۈن دوختۇرغا ئېلىپ بارسام. دوختۇر ئۇنىڭ پاك قىز ئەمەسلىكىنى ئېيتتى.

— شۇ سەۋەبتىن قىزنى تاشلىۋەتتىڭمۇ؟

— شۇنداق

— قىز قانداق بولدى؟

— بىلمەيمەن، سىزچە خاتا ئىش قىلىپتىمەنمۇ؟

— ئالدىنقى ئاخشام ماڭا شەھەرنىڭ پاھىشىلەر مەھەللىسىنى كۆرسەتكەنىدىڭ. ئۇ قىز ئەمدى پاھىشىلەر ئارىسىغا قوشۇلۇپ كەتكەن بولسا قانداق بولغىنى؟ سەن ئۇنى شۇ ئاقىۋەتكە ئىتتىرىۋەتكەن بولۇشۇڭ مۇمكىن.

موررىس گەپ-سۆز قىلمىدى.

— مېنىڭ ھەممىدىن ئاچچىقىمنى كەلتۈرگەن نەرسە، بۇ جورىلاردىكى ئەخلاق پرىنسىپىدۇر دېدىم مەن، — قىزلار قىز پېتى تۇرۇشى كېرەك. ئەرلەر بولسا جىنسىي مۇناسىۋەت قىلسا بولىدۇ. بۇ ئىنتايىن مەنتىقىسىز، ناھايىتى ئادالەتسىز بىر ئىش.

— لېكىن نىكاھلىنىشتىن ئىلگىرى تەجرىبە قىلىپ بېقىش كېرەك ئەمەسمۇ؟ ئائىلىگە پۈتۈنلەي تەجرىبىسىز كىرگىلى بولمايدۇ-دە، دېدى موررىس.

— ئىككىنىڭ بىرىنى تاللاشقا، يەنى ئائىلىگە ھېچقانداق تەجرىبىسىز كىرىشكە، ياكى خاتا ھالدا تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق كىرىشكە توغرا كېلىدۇ. كەچۈرسەن موررىس، دەرھال مېڭىشىمىز كېرەك. لېكسىيەم سائەت ئالتە يېرىمدا باشلىنىدۇ.
موررىس پەلەمپەيلەردىن چۈشۈۋېتىپ:
— سىزچە ياشلارنى نىكاھلىنىشتىن ئىلگىرى تەجرىبە قىلىپ بېقىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە قايىل قىلىش نېمە ئۈچۈن شۇنچە تەس؟ — دەپ سورىدى.
— چۈنكى بۇنى پەقەت توغرا تەجرىبىدىن ئۆتكەندىن كېيىن چۈشىنەلەيدۇ.
— ئۇنداقتا بۇنىڭ سەۋەبى كىشىنىڭ جىنسىيەت تەلىپىنىڭ كۈچلۈكلىكى ئەمەسمۇ؟
— بۇنى ئەسلىدە ھېچبىر جىنسىيەت مەسىلىسى، دەپ قارىمايمەن. ئۇلارغا ئۆزلىرى تولۇق ئىشىنىدىغان بىر نەسىھەتچى كېرەك. ئۇلار تېخى سىناقتىن ئۆتمىگەن بىر ھەقىقەتكە ئىشىنىشكە مەجبۇر. لېكىن نەسىھەت قىلغان كىشىگە قەتئىي ئىشەنگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىنىپ قالمايدىغانلىقىغا ۋە ياخشى بىر نىشانغا ئىگە بولۇشىغا ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.
ماشىنىنىڭ يېنىغا باردۇق. موررىسنىڭ ئاپىسى مەن بىلەن ئىنتايىن سەمىمىي ۋە تەبەسسۇم چىراي بىلەن كۆرۈشتى.
ئىبادەتخانا تەرەپكە كېتىۋېتىپ موررىسقا:
— ئاپاڭدىن ئۈچ بۇلۇڭغا قانداق قارايدىغانلىقىنى سوراپ باقىن، — دېدىم.
موررىسنىڭ ئاپىسى شىلاھ خېلى ئۇزۇن گەپ قىلدى. ئۇ سۆزلەۋاتـ ـقاندا موررىس كۈلۈمسىرەپ ئولتۇردى. ئاخىرىدا ئۇ ماڭا يىغىنچاقلاپ شۇنداق تەرجىمە قىلىپ بەردى:
— ئۇ بۇ ئىشلارنى ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە چۈشەنمەي، ئۈچ پۇتلۇق ئورۇندۇق شەكلىدە چۈشىنىدىكەن. ئۇنىڭ قارىشىچە ئۇ شۇنداق بىر

ئورۇندۇقكى، پۇتلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىگىز-پەس بولسىمۇ، ياكى يەر تۈز بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈچ پۇتى بولغاچقا يىقىلىپ چۈشمەيدۇ. لېكىن، بىر پۇتى كەم بولسا يىقىلىپ چۈشىدۇ، دەيدۇ.

— ئاپاڭنىڭ جاۋابى ناھايىتى توغرا موررىس، ئۇنىڭغا بۇ ئوخشىتىشنى ناھايىتى ياقتۇرغانلىقىمنى ئېيت، ئاندىن كۆپ ئائىلىلىق تۇرمۇشنىمۇ ئۈچ پۇتلۇق ئورۇندۇققا ئوخشاتقىلى بولامدۇ، دەپ سوراپ باق.

موررىس تەرجىمە قىلدى ۋە ئاپىسى جاۋاب بەردى:

— كۆپ ئائىلىلىق تۇرمۇشنىڭ ھەممىسى لىڭشىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ كىشىنى يىقىتىۋېتىدۇ. بىر ئەرنىڭ ئىككىنچى ئائىلى بولغاندىن ئۆلگىنى ئەلا، دەيدۇ.

ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىغا بارغىنىمىزدا قايتىپ كېلىۋاتقان كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتۇق.

— ئىبادەتخانا توشۇپ كېتىپتۇ، ئورۇن تاپالمىغانلار قايتىپ چىقىپتۇ، — دېدى موررىس.

دېگەندەك ئولتۇرىدىغان ئورۇنلار لىق توشۇپلا قالماي، ماڭىدىغان يوللاردىمۇ كىشىلەر سانجاق-سانجاق تۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. كىشىلەر ئارىسىدىن ناھايىتى تەستە ئۆتتۇق. ئىبادەتخانىنىڭ ئالدى تەرىپىگىمۇ ئورۇندۇقلار قويۇلغانىدى. بەزى ياشانغان مۆتىۋەر كىشىلەر بۇ يەرگە ئولتۇرغۇزۇلغانىدى.

ئىچىمگە يەنە قورقۇنچ چۈشتى. لېكسىيەمنى ئاڭلايدىغانلارنىڭ بەزى مەسىلىلىرىنى بىلەتتىم، لېكىن ھەممىسىنى ئەمەس. سۆزلىرىمنىڭ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشلىرىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى، ئۆزلىرىگە قانداق تەسىر قىلىدىغانلىقى، ئۈمىدكە ياكى ئۈمىدسىزلىككە سەۋەب بولىدىغانلىقىنى كېسىپ ئېيتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ كۈچلۈك بىر جاۋابكارلىق ئىدى.

ياشانغان كىشىلەردىن بىرى لېكسىيەمنى دۇئا بىلەن باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈم ئارام تاپتى. ئەگەر ياشانغانلارنىڭ كۆڭلى

ئاغرىغان بولسا، بو ئادەم بۇنداق دۇئا قىلمىغان بولاتتى، دەپ ئويلىدىم.

دانىيەل مۇنبەردە يېنىمدىن ئورۇن ئالغاندا ئۆزۈمنى تېخىمۇ خاتىرجەم ھېس قىلدىم. يەتكۈزمەكچى بولغان تەلىمىنىڭ مېنىڭ ئەمەس، خۇدانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئېسىمگە ئېلىپ يېنىكلىشىپ قالدىم.

لېكسىيە ئاڭلىغۇچىلار ئارىسىدا ئالدى بىلەن كۆزۈمگە چېلىققىنى پاتىمە بولدى. ئۇ ئاياللار ئولتۇرغان تەرەپتە ئارقا رەتلەرنىڭ بىرىدە ئولتۇراتتى. ئۈمىد-ئارزۇلار چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن چىرايى ھەممەيلەندىن ئالاھىدە كۆرۈنەتتى. ئىچىمدە، خۇدا، پاتىمە ئۈچۈن سۆزلەيدىغان سۆزلىرىمنى دىلىمغا سالغايسەن، دەپ يېلىندىم.

بۈگۈن ئالدىنقى ئىككى ئاخشام ئىبادەتخانىدا بولمىغان نۇرغۇن يېڭى ئاڭلىغۇچىلار كېلىشكەنىدى. شۇڭا ئىلگىرى سۆزلىگەنلىرىمنى بىر قۇر يەكۈنلەپ ئۆتۈش قارارىغا كەلدىم.

— ئەر-خوتۇن بولۇش ئۈچۈن زۆرۈر ئۈچ ئىش بار، دەپ سۆزۈمنى باشلىدىم، يەنى ئىككى كىشىنىڭ ئاتا-ئانىدىن ئايرىلىپ، بىر-بىرىگە مۇھەببەت بىلەن باغلىنىپ، بىر تەن بولۇشىدۇر. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ قانۇنىي، ئىجتىمائىي ۋە جىنسىي تەرەپلىرى بار. بۇلار بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدۇ. ئەگەر ئايرىۋەتسىڭىز ئەر-خوتۇنچىلىق قۇرۇلمىسى پارچىلىنىدۇ. ئاراڭلاردا بىرى ماڭا ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ ئۈچ پۇتلۇق بىر ئورۇندۇققا ئوخشايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەگەر پۇتلىرىدىن بىرى كەم بولسا، ئۇنىڭغا ئولتۇرغىنىڭىزدا سىلەرنى كۆتۈرەلمەيدۇ...

كىشىلەرنىڭ چىرايلىرى ئېچىلغانلىقىنى كۆردۈم. بۇ ياخشى بىر ئوخشىتىش بولۇپ، شىلاھ توغرا ئېيتقانىدى.

— تۈنۈگۈن ئاخشام ئەر-خوتۇنچىلىقتا ئالدى بىلەن قايسى جەھەتتىن قەدەم قويىشىمىز كېرەكلىكى توغرىسىدا مۇنازىرىلەشكەندۇق. ئالدى بىلەن قانۇنىي دەرۋازىدىن كىرەمدۇق، ئىجتىمائىي

دەرۋازىدىنمۇ ياكى جىسمانىي يول بىلەنمۇ؟ ئەڭ ياخشى يول قايسى؟

بۇ سوئالغا بېرىلگەن ئىككى جاۋابنى تىلغا ئالدۇق. ئۇنىڭ بىرى ئەنئەنىۋى جاۋاب، يەنە بىرى زامانىۋى جاۋاب ئىدى. ئەنئەنىۋى جاۋاب، ئەر-خوتۇنچىلىقنى قانۇنىي جەھەتتىن، يەنى نىكاھتىن باشلاشتۇر. بۇ يەردىكى چوڭ خەۋپ مۇھەببەتنىڭ ئەر-خوتۇنچىلىق چۈشەنچىسىنىڭ سىرتىدا قالغانلىقىدۇر. ئاراڭلاردىكى ياشلار مۇھەببەتنىڭ ياخشىلىقىنى يېڭىدىن بايقاشقا باشلىغانلىقىدىن، بۇ ئەنئەنىۋى جاۋابقا قارشى چىقىدۇ.

زامانىۋى جاۋاب بولسا، ئەر-خوتۇنچىلىقنى جىسمانىي جەھەتتىن، يەنى جىنسىي جەھەتتىن باشلاشتۇر. بۇنىڭ خەۋپى قانۇنىي جەھەتنىڭ تاشلىۋېتىلىشى، باغلانغان مۇناسىۋەتنىڭ نىكاھ بىلەن مۇكەممەللەشتۈرۈلمەسلىكىدىدۇر. ئاراڭلاردىكى ياشانغان كىشىلەر شۇ سەۋەبتىن زامانىۋى جاۋابقا قارشى چىقىدۇ. ئۇلار ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ پۈتۈنلەي بۇزۇلۇشىدىن قورقۇشىدۇ.

بۈگۈن، سوئالىمىزغا تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭ بەرگەن جاۋابىنى تەدبىق قىلىمىز. بۇ جاۋابنى تېپىش ئۈچۈن تەۋراتنىڭ «يارىتىلىش» قىسمىنىڭ مۇھىم بىر ئايىتى بولغان 2-باب 24-ئايىتىنىڭ دەسلەپكى ئىبارىلىرىگە دىققەت قىلايلى:

«شۇ ۋەجىدىن ئەر ئۆز ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ ئۆز ئايالى بىلەن بىرلىشىپ، ئىككىيلەن بىر تەن بولىدۇ.»

«شۇ ۋەجىدىن» دېگەن ئىبارىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدا ئېيتىلغان ۋەقەلىككە قايتايلى. بۇ، كىشىلەر ياخشى بىلىدىغان بىر ۋەقە بولۇپ، ئۇ خۇدانىڭ ئەرلەر ئۈچۈن بىر «ياردەمچى»، يەنى «ماس بىر ياردەمچى»، بىر ھەمراھ ياكى بىر تولۇقلىغۇچى ياراتقىنىدا ئۇنىڭغا كۆرسەتمەكچى بولغان چەكسىز شەپقىتىنى تىلغا ئالىدۇ:

«شۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ خۇدا ئەرنى قاتتىق بىر ئۇيقىغا سالدى ۋە ئۇ ئۇخلاۋاتقاندا قوۋۇرغىسىدىن بىرىنى ئېلىپ، ئورنىنى گۆش بىلەن

قاپلىدى. ئۇلۇغ خۇدا ئەردىن ئالغان قوۋۇرغىدىن ئايالنى ياراتتى ۋە ئۇنى ئەرنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى.»

بۇ ۋەقە مۇھەببەت ھەقىقەتەننىڭ ئەڭ ياخشى ۋە تەگداشسىز ئىپتىراپ قىلىنىشىدۇر. ئىككى جىنس نېمە ئۈچۈن ھەمىشە بىر-بىرىنى سېغىنىدۇ؟ بىر-بىرىنى ئىككى ماگنىتتەك تارتىشنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ چۈنكى ئۇلار ئوخشاش نەرسىدىن ياسالغان. خۇددى سىلەرگە ئۆتكەن ئاخشام كۆرسەتكەن لىپىرىيەلىكلەرنىڭ ياغاچ ئويمىسىدا بولغىنىدەك، ئىككى جىنس بىر پۈتۈنلۈكنىڭ پارچىلىرىدۇر ۋە بۇ پۈتۈنلۈكنى يېڭىباشتىن قۇراشتۇرۇش، بىر-بىرىنى تولۇقلاشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇلارنى بىر-بىرىگە ئىنتىلدۈرىدىغان كۈچ مۇھەببەتنىڭ كۈچىدۇر. شۇ ۋەجىدىن ھەر ئىككىلىسى مۇھەببەت ئۈچۈن ئاتا-ئانىلىرىدىن ئايرىلىپ، بىر-بىرى بىلەن باغلىنىپ، بىر تەن بولىدۇ.

## مۇھەببەت دەرۋازىسى

— ئەر-خوتۇنچىلىقتا قايسى يول بىلەن كىرىمىز، دېگەن سوئالنى قويساق، تەۋرات ۋە ئىنجىل مۇھەببەت بىلەن باغلىنىش يولى بىلەن، دەپ جاۋاب بېرىدۇ...

ياغاچتىن ياسالغان ئۈچ بۇلۇڭنى قولۇمغا ئالدىم ۋە سول بۇلۇڭنى كۆرسىتىپ شۇنداق دېدىم:

— ئۈچ بۇلۇڭغا كىرىدىغان ئەڭ ياخشى ئېغىز مۇھەببەت بىلەن باغلىنىش بۇلۇڭىدۇر. مۇھەببەت نىكاھ ۋە جىنسىيەتتىن ئاۋۋال پەيدا بولىدۇ. نىكاھ مۇھەببەتنى پەيدا قىلمايدۇ، ئەكسىچە، مۇھەببەت ئىككى كىشىنى نىكاھقا ئېلىپ بارىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، مۇھەببەتنى پەيدا قىلىدىغان جىنسىيەت ئەمەس. ئەكسىچە، مۇھەببەت باشقا بىرمۇنچە نەرسىلەر بىلەن بىرلىكتە جىسمانىي جەھەتتە بىرلىشىشنىمۇ ئىزدەيدۇ. ئۈچ بۇلۇڭنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن تەرەققىي قىلىپ مەيدانغا چىقىشى جەھەتتىن ئېيتقاندا

مۇھەببەت بۇلۇڭدىن كىرىش ئەڭ ئۇمىدلەندورگۇچىدۇر. شۇ ۋەجىدىن ئۇ خۇدانىڭ ئارزۇسىغىمۇ ماس كېلىدۇ.

خۇدانىڭ مۇھەببەت دەرۋازىسىدىن كىرىشىمىزنى تەلەپ قىلىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبىمۇ بار. ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ ھەم ئىجتىمائىي ۋە قانۇنىي تەرىپى بولغان نىكاھ ھەم جىسمانىي تەرىپى بولغان جىنسىيەت ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ئەھۋاللارنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. مۇھەببەت بولسا بۇنداق ئەھۋاللارنى مەيدانغا كەلتۈرمەيدۇ.

نىكاھلىششقا پۈتۈشكەن جورىلار كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۆزلىرىنىڭ ناھايىتى بالدۇر، تېخى ۋاقتى كەلمەستىن پۈتۈشۈپ قويغانلىقىنى، پۈتۈشۈشىنىڭ خاتا بولغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. لېكىن بۇنداق ئەھۋالدا ساقايماس بىر يارا پەيدا قىلماي، پۈتۈمنى بۇزۇۋېتىش ئىمكانىيىتى بولىدۇ، يەنى مۇھەببەت ۋەجىدىن بىر-بىرىنى ئىختىيارىغا قويۇۋېتەلەيدۇ....

بۇ نۇقتا ئۈستىدە توختالغاندا، ئىختىيارسىز ھالدا مەريەم بىلەن تىموتىينى ئويلاپ، لېكسىيە ئاڭلىغۇچىلار ئارىسىدىن ئۇلارنى ئىزدىدىم. ئۇلار ئاخىرقى رەتتە بىللە ئولتۇرۇشاتتى. ئىبادەتخانىنىڭ ئەرلەر ئولتۇرىدىغان تەرىپىدە قىزلاردىن يالغۇز مەريەم ئولتۇراتتى. ئەگەر ئۇلار خالىسا ئۆرپ-ئادەتلىرىنىمۇ تاشلىۋېتىدىغانلىقىنى ئويلىدىم.

ــ ئالدىنقى ئىككى جەھەت تىلغا ئېلىنمىسا مۇھەببەت دەرۋازىسى بىر ئوچۇق ئىشىككە ئوخشاپ قالىدۇ، يەنى ئىشىكتىن كىرەلەيسىز ۋە زۆرۈر تېپىلسا چىقالايسىز. لېكىن نىكاھ رەسمىيىتى بىر ئوچۇق ئىشىككە ئوخشىمايدۇ. يەنى ئۇ تاقالغان ۋە ئىچى تەرەپتە تۇتقۇچى بولمىغان بىر ئىشىكنى ئەسلىتىدۇ. ئۇنى ئېچىش تەستۇر. بۇزۇلغان ۋەدە كىشىنى نەقەدەر بىئارام قىلسىمۇ، ئەمما ئاجرىشىش ئۇنىڭدىنمۇ تەس بولىدۇ، ئاقىۋىتى تېخىمۇ يامان بولىدۇ.

بۇ ئەھۋال جىنسىي پائالىيەت ئۈچۈنمۇ شۇنداق. ئۇمۇ يېنىۋالغىلى

بولمايدىغان بىر ئەھۋال پەيدا قىلىدۇ. ئىنجىلنىڭ چۈشەندۈرۈشى بويىچە جىنسىي پائالىيەتكە ئورتاق بولغان ئىككى كىشى ھېچقاچان بۇرۇنقىدەك بولمايدۇ. بىر-بىرىگە قارىتا ئارىسىدا بۇنداق بىر ئىش زادى بولمىغاندەك مۇئامىلە قىلىشالمايدۇ. جىنسىي پائالىيەت مۇناسىۋەتلىك ئىككى كىشىدىن بىر-بىرىگە باغلانغان بىر جۈپ جورىنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. جىنسىي پائالىيەت ئاخىرىدا «بىر تەن» رىشتىسىنى پەيدا قىلىدۇ.

ئىنجىلغا قارىغاندا، ھەقىقىي بولسۇن ياكى بولمىسۇن، نىكاھلىنىش نىيەتلىرى بولسۇن ياكى بولمىسۇن، بۇ ئەھۋال ئەنە شۇنداق بولىدۇ. پاۋلۇس بۇ ئەھۋالنىڭ ھەتتا پاھىشىۋازلىق ئۈچۈنمۇ كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئىنجىلنىڭ «كورىنتىيلىكلەر» قىسمىنىڭ 6-باب 16-ئايىتىدە: «پاھىشە بىلەن بىرلەشكەن ئەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىر تەن بولغانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟» دېگەنلىكىدىن كۆرەلەيمىز. جىنسىيەت پائالىيىتىدىن كېيىن ئۇلار خالىسۇن-خالىمىسۇن ئەر-خوتۇن ھېسابلىنىدۇ.

يازغۇچى روبېرت گرىم «مۇھەببەت ۋە جىنسىيەت» ناملىق كىتابىدا: «تەنىنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇلغان ئۆچمەس بىر تامغىسى بار، ئۆزۈمنى ئۆز تېنىمدىن ئايرىيالمايمەن، دەيدۇ» دەپ يازغان...

ئىبادەتخانىنىڭ كەينىدە كىشىلەر ئۆپۈر-تۆپۈر قىلىشىپ كەتتى، بىرەيلەن قايتماقچى بولغانىكەن، لېكىن ئىشىك ئالدى كېچىكىپ كەلگەنلەر بىلەن تولۇپ كەتكەچكە خېلى چوڭ قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىققانىدى.

قايتماقچى بولغان كىشىنى تونۇدۇم. ئۇ پاتىمە ئىدى.

بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ كەيپىم ئۇچتى. لېكىن ئۆز-ئۆزۈمگە، بەلكىم كېچىكىپ باشلىغانلىقىمىز ئۈچۈن قايتماقچى بولغاندۇ ياكى يوھاننىڭ ئۇنى ئەيىبكە تىكىلى كېلىپ قېلىشىدىن ئاۋۋال مەكتەپكە بېرىۋېلىشى كېرەكتۇ، دەپ ئويلىدىم. لېكىن قانداقلا بولمىسۇن، بۇ ئويۇم مېنى قانائەتلەندۈرمىگەنىدى. بىرەر ئەھۋال يۈز بەرگەنلىكىنى

سەزگەندەك قىلدىم. لېكىن ئۇ چاغدا باشقىچە بىر ئىش قىلالمايتتىم. لېكسىيەمنى داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

— شۇنى تەكرارلايمەنكى، دەپ سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم، — بەلكىم باشقا ئىشكىلەرنىڭ بىرىدىن ئۆتۈپمۇ ئەر-خوتۇنچىلىقتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلار مۇمكىن، لېكىن بۇ خەتەرلىك بولىدۇ. ۋاز كەچمەكچى بولسىڭىز ھەمراھىڭىزنىمۇ، ئۆزىڭىزنىمۇ يارىلايسىز.

بۇ مەسىلە بىزنى ناھايىتى ئاددىي مۇنداق بىر سوئالغا ئېلىپ كېلىدۇ: «مۇھەببەت دەرۋازىسىدىن كىرىشنى خالايمىز، لېكىن مۇھەببىتىمىزنىڭ ئۆزئارا ئۆمۈر بويى باغلىنىشقا، يەنى ئۆزئارا تولۇق بىر باغلىنىشقا يەتكىدەك چوڭقۇر بولغان-بولمىغانلىقىنى قانداق بىلىمىز؟ مۇھەببىتىمىزنىڭ، بىزنى ئۆلۈم ئايرىۋەتكىچە بولغان پۈتۈن ھاياتىمىزدا بىرلىكتە ياشاش ۋەدىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان دەرىجىدە بولغان-بولمىغانلىقىغا قانداق ئىشىنىمىز؟ ئەگەر جىنسىيەت مۇھەببەت ئۈچۈن بىر ئۆلچەم بولمىسا، ئۆلچەم بولىدىغان نەرسە نېمە؟» دەيدىغان نۇرغۇن ياش جورىلار چىقىدۇ. رۇخسەت قىلساڭلار جاۋابىنى بېرەي.

## مۇھەببەتنىڭ ئالتە سىنىقى

### 1. ئورتاقلىشىش سىنىقى

— ھەقىقىي مۇھەببەت ئورتاقلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنى ئەمەس، قارشىسىدىكى كىشىنى ئويلايدۇ. بىر نەرسە ئوقۇغاندا قانچە قېتىم بۇنى دوستۇم بىلەن ئورتاقلاشسام بولاتتى، دەپ ئويلايسىز؟

بىر ئىشنى قىلىشنى پىلانلىغىنىڭلاردا، ئۆزۈڭلار قىلماقچى بولغان ئىشنى قىلىشنى ئويلامسىلەر ياكى باشقىلار خۇش بولىدىغان ئىشنى قىلىشنىمۇ؟ گېرمانىيە يازغۇچىسى ھېرمان ئوسبىرنىڭ دېگىنىدەك، «ئۆزىنىڭلا بەختلىك بولۇشىنى تىلەيدىغانلار ئەر-خوتۇن بولماسلىقى كېرەك، ئەر-خوتۇن بولۇشتا مۇھىمى ئۆز جۈپتىنى

بەختلىك قىلىشتۇر. باشقىلارنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشىنى تەلەپ قىلىدىغانلار ئەر-خوتۇن بولماسلىقى كېرەك، مۇھىمى ھەمراھىنى چۈشىنىشتۇر.»

دېمەك، بىرىنچى سىناق سوئالى مۇنداق: بىللە ئورتاقلىشالامدۇق؟ بەختلىك بولۇشنى خالامسىز ياكى بەختلىك قىلىشنىمۇ؟

.2 كۈچ سىنىقى

— بىر چاغلاردا قايغۇلۇق بىر ئاشىقتىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالغانىدىم. خەتنىڭ بىر يېرىدە ئېيتىلىشىچە، كىشى ھەقىقىي ئاشىق بولسا ئورۇقلاپ كېتەرمىش، ئۇ پۈتۈن مۇھەببەت ھېسسىياتلىرىغا نىسبەتەن ئورۇقلىماپتۇ ۋە بۇ ئەھۋال ئۇنى بىئارام قىلىپتۇ. مۇھەببەتنىڭ كىشىگە جىسمانىي جەھەتتە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ئېنىق. ھەقىقىي مۇھەببەت سىزگە يېڭى بىر كۈچ ۋە قۇۋۋەت بېرىدۇ. كۆڭلىڭىزنى خۇشاللىققا تولدۇرىدۇ ۋە سىزنى ئىجادكار، بۇرۇنقىدىنمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلىدۇ.

دېمەك، ئىككىنچى سوئالىمىز مۇنداق: مۇھەببىتىمىز بىزگە يېڭى كۈچ بېرىپ، كۆڭلىمىزنى ئىجادكار بىر قۇۋۋەت بىلەن تولدۇرامدۇ ياكى كۈچ ۋە قۇۋۋىتىمىزنى ئېلىپ كېتەمدۇ؟

.3 ھۆرمەت سىنىقى

— ھۆرمەت بولمىسا، ھەقىقىي مۇھەببەت بولمايدۇ.

بىر قىز پۇتبول ئوينايدىغان ۋە ھەمىشە ۋاراتارغا توپ كىرگۈزىدىغان بىر يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇ ئۆز-ئۆزىدىن: «بۇ يىگىتنىڭ باللىرىمنىڭ دادىسى بولۇشنى خالامدىم؟» دېگەن سوئالنى سورىغىنىدا، جاۋاب كۆپىنچە بولۇشسىز تەرەپتە چىقىشى مۇمكىن.

يىگىت ئويۇنچۇق ئورنىدا كۆرىدىغان بىر قىزنى ياقتۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇ ئۆز-ئۆزىدىن: «بۇ قىزنىڭ باللىرىمنىڭ ئانىسى بولۇشنى خالامدىم؟» دېگەن سوئالنى سورىغىنىدا، قىز كۆزىگە باشقىچە كۆرۈنۈشى مۇمكىن.

دېمەك، ئۈچىنچى سىناقنىڭ سوئالى مۇنداق: بىر-بىرىمىزگە يېتەرلىك ھۆرمىتىمىز بارمۇ؟ ھەمراھىم بىلەن ماختىنالامدىم؟

**4. ئادەت سىنىقى**

— بىر چاغدا توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ قويغان بىر ياۋروپالىق ياش قىز ئالدىمغا كېلىپ، ناھايىتى خاپا ھالدا، «پۈتۈشكەن يىگىتىمنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن. لېكىن ئۇنىڭ ئالما يېيىشىگە چىدىمايمەن» دېدى.

ئاڭلىغۇچىلار ئارىسىدا كۈلكە ئاۋازلىرى ئاڭلاندى.

— مۇھەببەت ئىككىنچى بىر كىشىنى ئادەتلىرى بىلەن بىللە قوبۇل قىلىدۇ. بۇ ئادەتلىرى كېيىن قېپقالار، دېگەن ئوي بىلەن نىكاھلانماڭ، بۇلارنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن. ئىككىنچى كىشىنى ياخشى ۋە يامان خۇيلىرى بىلەن ھازىرقى پېتى قوبۇل قىلىشىڭىز كېرەك..

دېمەك، تۆتىنچى سىناقنىڭ سوئالى مۇنداق: بىر-بىرىمىزگە قارىتا پەقەت جىسمانىي تەلەپنىلا قويامدۇق ياكى بىر-بىرىمىزنى پۈتۈن يېتەرسىزلىكلىرىمىز بىلەن بىللە ياخشى كۆرەمدۇق؟

**5. تالاش-تارتىش سىنىقى**

بىر جۈپ جورىلار نىكاھلىنىش تەلىپى بىلەن ئالدىمغا كەلگىنىدە، ھەمىشە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا تاكاللىشىدىغان-تاكاللاشمايدىغانلىقىنى، يەنى ئادەتتىكى پىكىر ئىختىلاپى ئەمەس، غەۋغالىشىشنى سورايمەن. كۆپىنچىسى ياق، بىر-بىرىمىزنى ياخشى كۆرىمىز، دېيىشىدۇ.

لېكىن مەن ئۇلارغا: ياق، ئاۋۋال جىدەللىشىڭلار، ئاندىن سىلەرنى نىكاھلاندۇراي، دەيمەن.

تەبىئىيكى، مۇھىمى غەۋغالىششى ئەمەس، بەلكى جىدەللىشىپ بولغاندىن كېيىن ئەپۇ قىلىشىشىدىدۇر. بۇ ئىقتىدار يېتىلدۈرۈلۈشى ۋە نىكاھلىنىشتىن ئىلگىرى سىناپ كۆرۈلۈشى كېرەك. كۆرگەنلىرىمگە ئاساسلانغاندا نىكاھلىنىشتىن ئىلگىرى شەرت بولغان سىناق جىنسىيەت ئەمەس، بەلكى تالاش-تارتىش سىنىقىدۇر.

دېمەك، بەشىنچى سىناق سوئالى مۇنداق: بىر-بىرىمىزنى كەچۈرەلەمدۇق ۋە كۆز قاراشلىرىمىزنى قوبۇل قىلالامدۇق؟

**6. ۋاقىت سىنىقى**

بىر جۈپ ياش جورىلار نىكاھ قىلىپ قويۇشۇمنى تەلەپ قىلىپ ئالدىمغا كەلگەنىدى. بىر-بىرىڭلار بىلەن تونۇشقىلى قانچىلىك ۋاقىت بولدى؟ — دەپ سورىسام، ئۈچ-تۆت ھەپتە بولدى، دەپ جاۋاب بەردى.

— مەن ئۇلارغا، بۇ ۋاقىت ناھايىتى قىسقا، مېنىڭچە ئاز دېگەندە بىر يىل بولۇشى كېرەك، دېدىم. ھەتتا ئىككى يىل بولسا تېخىمۇ ئىشەنچلىك بولىدۇ. بىر-بىرىڭلارنى پەقەت دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ۋە چىرايلىق كىيىنگەن چاغلاردىلا كۆرسەڭلار كۇپايە قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىشلەۋاتقاندا، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ساقال-بۇرۇتلار ئۆسۈپ كەتكەن، چاچلار كىرلىشىپ كەتكەن ۋە خاپا چاغلاردىمۇ كۆرگىنىڭلار ياخشى.

«جوراڭ بىلەن قىش ۋە يازنى ئۆتكۈزمەي ھەرگىز نىكاھلانما» دېگەن بىر ماقال بار. مۇھەببىتىڭلاردىن گۇمانىڭلار بولسا، ۋاقىت كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

دېمەك، ئاخىرقى سوئال مۇنداق: مۇھەببىتىمىز ئۆز بېشىدىن قىش ۋە يازلارنى ئۆتكۈزدىمۇ؟ ئۆزئارا تونۇشقىنىمىزغا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت بولدىمۇ؟

خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا، جىنسىيەت مۇھەببەتنىڭ ئۆلچىمى ئەمەس...

سۆزۈم مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، دانىيەل كۆپچىلىكنىڭ ئالتە سىناقنى تاختىغا يېزىشىمنى سورىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن قوشۇلدۇم ۋە تاختىنىڭ سول تەرىپىگە ئىنگلىزچە يازدىم. دانىيەل ئوڭ تەرەپكە ئۆزلىرىنىڭ تىلىدا يازدى. بۇ ئىش خېلىلا ۋاقتىمىزنى ئالدى. كۆپچىلىك خاتىرىلىۋالدى. دانىيەل قەغەز ئېلىپ كەلمىگەنلەرنىڭ بۇ ئالتە سىناقنى مۇناجات كىتابلىرىنىڭ ۋاراقلىرىغا يېزىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بىرئاز بىئارام بولدى.

ئاخىرىدا، ئالته سىناقنىڭ تېگىگە چوڭ ھەرپلەر بىلەن مۇنداق يازدىم:

«جىنسىيەت مۇھەببەتنىڭ ئۆلچىمى ئەمەس.»

دانىيەلنىڭ بۇ سۆزنى قانداق تەرجىمە قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن، لېكىن مۇنبەرنىڭ ئالدىدىكى تاختىغا «جىنسىيەت» ئىبارىسىنى يازغىنىمىزغا قارىغاندا، ئىككى كۈننىڭ ئالدىدىكىدىن خېلىلا ئىلگىرىلەش بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم!

كېيىن شۇنداق ئىزاھلىدىم:

ــ ئەگەر بىر جۈپ جورىلار بىر-بىرىنى ياخشى كۆرىدىغان ياكى كۆرمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىش ئۈچۈن جىنسىي پائالىيەتنى سىناپ كۆرۈشنى تەلەپ قىلسا، بىرى ئۇلارغا: «بىر-بىرىڭلارنى ئانچە ياخشى كۆرمەمسىلەر نېمە؟» دەپ سوئال قويۇشى كېرەك. ئەگەر ھەر ئىككىلى-سى بۈگۈن ئاخشام مۇھەببەتلىشىمىز، بولمىسا ھەمراھىم مېنى ئۆزىنى ياخشى كۆرمەيدۇ دەپ قالىدۇ، دەپ ئويلىسا، مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك ئەندىشىسى سىناقنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا توسالغۇ بولىدۇ. جىنسىيەت مۇھەببەتنىڭ ئۆلچىمى ئەمەس. چۈنكى كىشىنىڭ سىناپ كۆرمەكچى بولغان نەرسىسى سىنالغان چاغدا بۇزۇلىدۇ.

ئۇيقىغا كېتىۋاتقاندا ئۆزۈڭلارنى كۆزىتىپ بېقىڭلار. ئۆزۈڭلارنى كۆزەتكەنسېرى ئۇخلىيالمايسىلەر، ياكى ئۇيقىغا كېتىسىلەر-دە، ئۆزۈڭلارنى كۆزىتەلمەيسىلەر. جىنسىيەتنىڭ مۇھەببەت ئۈچۈن بىر ئۆلچەم بولالمايدىغانلىقىمۇ ئەنە شۇنداق. يا سىناپ كۆرىسىز، نەتىجىدە ياخشى كۆرمەيسىز. ياكى ياخشى كۆرىسىز، ئۇ چاغدا جىنسىيەتنى ئۆلچەم قىلمايسىز.

بۇنداق ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش جۈملىلەر بىلەن تېخىمۇ يالىڭاچ، تېخىمۇ ئوچۇق ئىپادىلەش مۇمكىنمۇ؟

مۇھەببەت مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش ئۈچۈن، ئۈچ بۇلۇڭنىڭ ھاياتى كۈچىگە ئېرىشكىچە جىسمانىي جەھەتتىكى مەنىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل كۈتۈش ئومۇمەن

ياش قىزغا قارىغاندا يىگىت ئۈچۈن تېخىمۇ تەس. شۇ سەۋەبتىن قىزلار تەبىئىتىدىكى ئالدىراڭغۇلۇق مىجەزى تۈپەيلىدىن مەقسەتكە تېز يول بىلەن يېتىش خاھىشىدا بولغان يىگىتكە ياردەم بېرىشى كېرەك.

قىزلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغان بىرىنچى ياردەم، جورىسىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەي، مۇناسىۋەتنى پۈتۈنلەي ئۈزۈۋەتمەي، «ياق» دېيىشنى بىلىش ئارقىلىق بولىدۇ. ياش قىز ئۇزۇن ئۆتمەي كەسكىن تۈردە ئېيتىلغان «ياق» سۆزىنىڭ ئۇزۇن چۈشەندۈرۈش ۋە ئەپۇ سوراشلاردىن نەقەدەر تەسىرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئەگەر يىگىت ئۇنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرسە، قىزغا بۇ ۋەجىدىن تېخىمۇ كۆپ ھۆرمەت كۆرسىتىدۇ. قىز يولىدا قىلىنغان مەدھىيەنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئوتلۇق بىر قۇچاقلاشتىنمۇ مەنىلىك بولىدىغانلىقىنىمۇ يىگىتكە ئۆگىتىشى كېرەك.

ياش قىزنىڭ كۆرسىتەلەيدىغان يەنە بىر ياردىمى قىزىرىش يولى بىلەن بولىدۇ. بىر كىشى بۇرۇن قىزلارنىڭ ئىزا تارتقىنىدا يۈزى قىزىرىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ھازىر بولسا، قىزلار قىزىرىپ كەتكەنلىكىدىن نومۇس قىلىدۇ! بىراق، نومۇسنىڭ تەبىئىي ئىنكاسى بولغان قىزىرىشتىن نومۇس قىلىشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. ئۇ تەبىئىي بىر مۇداپىئە ۋە قوغدىنىش يولىدۇر. قىزلار ئۆزلىرىدىكى تەبىئىي نومۇس قىلىش ھېسسىياتىنى ۋە ئىپپەتلىرىنى بىر خىل ھەدىيە سۈپىتىدە پەرەز قىلىشى ۋە ئۇنى مۇھەببەتنىڭ ئەمرىگە ئاتىشى كېرەك...


ئىبادەتخانا پۈتۈنلەي جىمجىت بولۇپ قالغانىدى. تەبىئىي بولغان بۇ نومۇسچانلىقنىڭ ۋە ئىپپەتنىڭ ئافرىقا جامائەتچىلىكىدە ياۋروپا جامائەتچىلىكىگە قارىغاندا ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. كىنولاردىكى سۆيۈشۈش كۆرۈنۈشلىرى ئافرىقىلىقلارغا يىرگىنچلىك ئىش كۆرۈنەتتى. ئېكراندا بۇ كۆرۈنۈشلەر چىققاندا تاماشىبىنلار ئۇياق-بۇيىقىغا قارىشىۋالىدۇ ۋە بەزىلىرى كۆرمەي چىقىپ كېتىشىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ فىلىملەر ئافرىقىنىڭ ھەممە جايلىرىدا قويۇلۇپ تۇرىدۇ ۋە كۆرگۈچىلەر ئۆز ھېسسىياتلىرىدىن گۇمانلىنىشقا باشلايدۇ...

دانىيەل بىلەن ئىككىمىز ئالدىنقى رەتنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇراتتۇق. ئۇنىڭدىن سائەتنى سورىدىم. ئۇ يەنە ئون-ئون بەش مىنۇت داۋاملاشتۇرسام بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. لېكسىيەمنى توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ قويغان جورىلارغا خاس ئەھۋال ئۈستىدە توختىلىپ ئاياغلاشتۇرۇش قارارىغا كەلدىم:

— ئۈچ بۇلۇڭغا جىنسىيەت دەرۋازىسىدىن ئەمەس، مۇھەببەت دەرۋازىسىدىن كىرگەن بىر جۈپ جورىلارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەيلى. ئۇلار بىر-بىرى بىلەن تونۇشقىلى ئۇزۇن بولغان. شۇڭا مۇھەببىتىنى جىنسىيەت ئارقىلىق سىناپ كۆرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. مۇھەببىتى ئارقىلىق ھەر ئىككىسىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى ئاشقان، بىر-بىرىگە بولغان ھۆرمىتى چوڭقۇرلاشقان. تالاش-تارتىش ۋە بوران-چاپقۇنلارنى باشلىرىدىن ئۆتكۈزگەن. بىر-بىرىنى ئەپۇ قىلىشنى بىلىدۇ.

ئەمدى بىر-بىرىگە: «ئۆمۈر بويى باغلىنىشنى خالايمىز» دېگەن ۋەدىنى بېرەلەيدىغان ھالغا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ، ئۈچ بۇلۇڭغا مۇھەببەت دەرۋازىسىدىن، يەنى باغلىنىش قارارىغا كەلگەن بىر مۇھەببەت ئىشىكىدىن كىرگەن.

بىراق، ئەمدى «باشقا ئىككى بۇلۇڭنىڭ قايسىسىغا ئاۋۋال قەدەم قويىمىز؟ ئاۋۋال بىر ئورۇندا يېتىپ، ئاندىن نىكاھلىنىشامدۇق، ياكى ئاۋۋال نىكاھلىنىشىپ ئاندىن بىر ئورۇندا ياتامدۇق؟» دېگەن مەسىلىدە كەسكىن بىر قارارغا كېلىشكە توغرا كېلىدۇ...




بۇ يەردە توختىۋېلىپ، ياشلارغا قاراپ، بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر؟ — دەپ سورىدىم. گويا بۇتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋەتكەندەك بولدى،

يەنى ھەممەيلەن شۇئان غۇلغۇلا قىلىشىپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن دانىيەل ئۇلارنى ئاران تىنچلاندۇردى. سۆزۈمنى تەكرارلىدىم:

— بۇ ئەھۋال، تۈنۈگۈن «جىنسىيەت دەرۋازىسى» توغرىسىدا مۇنازىرىلەشكىنىمىزدە توختالغان ئەھۋالدىن پەرقلىنىدۇ. بۇ جورىلار جىنسىيەتنى بىر-بىرىگە قارىتا ھېچقانداق كاپالىتى بولماي تۇرۇپ تاشلىنىدىغان بىرىنچى قەدەم دەپ قارىمايدۇ. ئۆزلىرىنى بىر-بىرىگە ئاتىغان ۋە بۇ قارارغا ئۇزۇن ۋاقىت تەپسىلىي تەتقىق قىلىشلاردىن كېيىن كېلىشكەن. ئۇلارنىڭ ھېچقانداق مەنمەنچىلىك ھەرىكەتلىرى يوق. بىر-بىرىگە قارىتا جاۋابكار بولۇشقا ماقۇل بولۇشقان. ئەمدى ئۇلار: «نېمە ئۈچۈن بۇ مۇھەببەتنى جىسمانىي جەھەتتىنمۇ ئىپادىلەشكە بولمىسۇن؟ بىر ئورۇندا يېتىش ئۈچۈن ئاۋۋال رەسمىي نىكاھ گۇۋاھنامىسى ئېلىشىمىزنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ھەقىقەتەن ئەر-خوتۇنچىلىقنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان شۇ بىر پارچە قەغەزمۇ؟» دەپ سورىشىدۇ.

ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس. نوپۇس گۇۋاھنامىسى بىر بوۋاقنى بارلىققا كەلتۈرەلمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، نوپۇس گۇۋاھنامىسى ئادەتتىكى بىر پارچە قەغەز ئەمەس، ئۇ ئىنسان ھاياتىنى قانۇنىي جەھەتتە قوغدايدۇ. نىكاھ گۇۋاھنامىسىمۇ شۇنداق بولۇپ، ئۇ ئەر-خوتۇنچىلىقنى قانۇنىي جەھەتتىن قوغدايدۇ. قانۇنلۇق بولۇشنىڭ ئەر-خوتۇنچىلىق ئۈچ بۇلۇڭى ئىچىدە ئىجادى كۈچلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن خۇسۇسىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە زۆرۈر ئىكەنلىكىنى كۆرگەنىدۇق.

نىكاھتىن ئاۋۋال بىللە ياتقان جورىلار بىر ھەقىقەتنى، يەنى ئىنسان ئۆمرىنىڭ نامەلۇم ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەسلىكتىن شۇنداق قىلىدۇ. بىرى نىكاھلىنىشتىن ئىلگىرى بىرەر قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچراپ، ياكى تۇيۇقسىز يۈرەك كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتسە قانداق بولىدۇ؟ ئەر ئۆلۈپ كەتسە، ئايال تۇل ئايال ھېسابلىنامدۇ؟ مىراس ئالامدۇ؟ ۋە ئايال ھامىلىدار بولسا، بالىنىڭ فامىلىسى نېمە بولىدۇ؟ بۇ سوئاللار نىكاھ گۇۋاھنامىسىنىڭ بىر پارچە قۇرۇق قەغەز ئەمەس-لىكىنى كۆرسىتىدۇ. قانۇنىي رەسمىيەت ئۆتەشكە تەييار بولمىغانلار

بىر-بىرىگە بولغان پۈتۈن جاۋابكارلىقلىرىنى زىممىسىگە ئېلىشقىمۇ تەييار بولمايدۇ. جاۋابكارلىق قانۇنىي ئاساسقا موھتاج.

يېنىمدا تۇرغان دانىيەلگە قاراپ، ھەممە كىشى ئاڭلىيالىغىدەك ئاۋاز بىلەن:


— سىلەرنىڭ ياشلىرىڭلار توي قىلىشقا پۈتۈشكەندىن كېيىن قانداق قىلىدۇ؟ — دەپ سورىدىم، كېيىن بىرىنچى رەتكە چۈشۈپ، دانىيەلنىڭ سۆزلىرىنى ماڭا تەرجىمە قىلىپ بېرەلەيدىغان مورىبىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم.

— بۇ يەردە ئومۇمەن مۇنداق بولىدۇ: يىگىت ياش قىزغا سىزنى ياخشى كۆرىمەن دەيدۇ. بۇ سۆز بىلەن يىگىت قىزغا باغلىنىش جەھەتتە بىر قەدەم يېقىنلىشىدۇ. لېكىن قىز ئۆزىنى شۇنچىلىك بەختلىك ھېس قىلىدىكى، بۇنىڭغا جاۋابەن جىسمانىي بىرلىشىش تەرىپىگە ئۈچ قەدەم يېقىنلىشىشقا رۇخسەت قىلىدۇ.

كۈلكە كۆتۈرۈلدى. دانىيەل گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— بۇنىڭ بىلەن يىگىت ئويلايدۇ ۋە بۇ ئويۇن ياخشى نەتىجە بەردى، دەپ باغلىنىش تەرىپىگە يەنە بىر قەدەم تاشلايدۇ. قىز بولسا جىسمانىي بىرلىشىش تەرىپىگە ئىككى ھەسسە جاۋاب قايتۇرىدۇ. بۇ قەدەم ئۈچۈن پۈتۈن جاۋابكارلىقنى زىممىسىگە ئالىدىغان شارائىت يېتىلمىگەندە ئۇلار جىنسىيەت بۇلۇڭىغا بارىدۇ.

كەينىدىن دانىيەل تاختىدىكى ئۈچ بۇلۇڭنىڭ ئىچىگە ئەگرى سىزىقلارنى سىزىپ قويدى:




دانىيەلنىڭ ئەھۋالنى شۇنچە ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگىنىگە ھەيران بولدۇم. ئۇ ماڭا ئىشارەت قىلدى، مەن لېكسىيەمنى ئاياغلاشتۇرۇش

ئۇچۇن قايتا ئورنۇمغا باردىم ۋە ئۈچ بۇلۇڭنىڭ ئەگرى سىزىقلىرىنى كۆرسىتىپ:

— كۆرۈۋاتقىنىڭلاردەك، — دېدىم، — ئەمدى ئۈچ بۇلۇڭدا بىر بوشلۇق بار. ئۇ بولسىمۇ ھازىر ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى نۇرغۇنلىغان توي قىلىشقا پۈتۈشكەن جورىلارنىڭ ئەھۋالىدۇر. ئۇلار بىر-بىرىمىزنى ياخشى كۆرىمىز دېيىشىدۇ، بىراق ناھايىتى بالدۇر ۋە ھەددىدىن زىيادە ئىلگىرىلەپ كېتىشىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرىگە بىر ساختىلىق كىرىدۇ-دە، مۇھەببەتلىرىدىن بارغانسېرى خاتىرجەمسىز-لىنىشكە باشلايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار مۇھەببەتلىرىنى كۈچەيتىش ئۈمىدىدە جىسمانىي يېقىنلىقلىرىنى كۆپەيتىدۇ. لېكىن قانچە يېقىنلاشسا، مۇھەببىتىدىن شۇنچە خاتىرجەمسىزلىنىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ناھايىتى ئىلگىرىلەپ كەتكەنلىكىدىن نىكاھلىنىش ۋەدىلىرىنى بۇزۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي، ئاخىرى توي قىلىدۇ. كېيىن بۇ ساختىلىقنى ئائىلىسىگىمۇ ئېلىپ كىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شۇ سەۋەبتىن كېيىن چىققىدىغان مەسىلىلەرگە شارائىت ھازىرلايدۇ.

ئۈچ بۇلۇڭنىڭ ئىچىدىكى بوشلۇقتىن ساقلىنىپ قېلىش تەس ئىشتۇر. بۇ ئىنسان كۈچى ۋە ئەقلىدىن زىيادە بىر ئىش بولۇپ، خۇداغا ئائىت بىر كۈچ ۋە ئەقىلنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ شەخسەن ياراتقۇچىسى بولغان خۇدانىڭ ياردىمىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ ئۈچ ئاملى، يەنى ئايرىلىش، باغلىنىش ۋە بىر تەن بولۇشنى نېمە ئۈچۈن ئايرىلماس بىر شەكىلدە بىر-بىرىگە باغلىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇنىڭغا تايىنىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچ ۋە ئېتىقاد ئۇنىڭ خۇداغا ئائىت ئىرادىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن بىزگە كۈچ بېرىدۇ.

«بۇ ۋەجىدىن ئەر ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ ئايالىغا باغلىنىدۇ ۋە ئۇلار بىر تەن بولىدۇ.»

لېكسىيەمنى تاماملاش ئالدىدا دىققىتىڭلارنى كېيىنكى بىر ئايەتكە جەلپ قىلماقچىمەن:

«ئايال ۋە ئەر يالىڭاچ ئىدى ۋە نومۇس قىلىشمايتتى» («يارىتىلىش» 2-باب 25-ئايەت). بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى تەۋراتتا ئاجايىپ ئورۇندا بولۇپ، گۇناھدىن خالى جەننەت بىلەن گۇناھقا ئەسىر بولغان بۇ دۇنيا ئارىسىدىن ئورۇن ئالغان. بۇ يارىتىلىش قىسسىنىڭ ئاخىرقى جۈملىسى بولغىنىدەك، ئىنساننىڭ گۇناھقا پېتىشىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. بۇ ئايەت، ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ گۇناھقا پاتقان بۇ دۇنيادا جەننەتنىڭ نۇرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

«يالىڭاچ ئىدى ۋە نومۇس قىلىشمايتتى.»

يالىڭاچلىق بۇ يەردە پەقەت جىسمانىي مەنىدىلا چۈشىنىلمەسلىكى كېرەك. ئۇ ئىككى كىشىنىڭ بىر-بىرىنىڭ ئالدىدا يوشۇرۇنماستىن، جۈپتىنى ئەسلى قانداق بولسا شۇنداق ھالدا كۆرۈشى ۋە ئۆزىنى جۈپتىگە ئەينى پېتى كۆرسىتىشى ھەمدە نومۇس قىلماسلىقى مەنىسىنى بېرىدۇ.

«يالىڭاچ ئىدى ۋە نومۇس قىلىشمايتتى.»

مۇكەممەل مۇھەببەتنىڭ بۇ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى يۇقىرىدىكى ئايەت ئۇقتۇرغىنىدەك، پەقەت ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ، بىر-بىرىگە باغلانغان، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي ۋە قانۇنلۇق ھالدا نىكاھلىنىشىدىغانلارغا ۋەدە قىلىنغاندۇر.

بۇ ئىككى كىشى (نىكاھلىق بولمىغانلار ئەمەس) بىر تەن بولىدۇ. تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭ «بىر تەن بولۇش» دېگەن ئىبارىنى پەقەت نىكاھلىنىش مەسىلىسى ھەققىدە ئىشلەتكەنلىكى ناھايىتى چۈشىنىشلىكتۇر.

بۇ ئىككى كىشى (نىكاھلىق بولمىغانلار ئەمەس) بىر-بىرىنى ئەينى پېتى كۆرۈش ۋە بىرلىكتە ياشاشتەك ناھايىتى قىيىن بىر ۋەزىپىدە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ.

ئەر-خوتۇنچىلىقتا نومۇس قىلماسلىق ئىلتىپاتىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، بەلكىم نىكاھلىنىشتىن ئىلگىرى بىر نومۇس ھېسسىياتى بولۇشى كېرەك.

«يالـڭاچ ئـدى ۋە نومۇس قـلـشمايتتى.»
تەۋرات بۇ مەسـلـدە ئـشلـەتكەن «بـلـمەك» دېگەن ئـباره بـلـەن بۇنى چۈشەندۈردۇ. «ئادەمئاتا ئايالـى هـاۋائانـنى بـلـدى.» (تەۋراتنـڭ «يارتـلـش» قـسمى 4ـباب 1ـئايەت)

ئەر بـلـەن ئايال بـرـبـرنى پەقەت چـېدرنـڭ ئـچـده هـەقـقـي مەنـده «بـلـدۇ». «شۇ ۋەجـدـن ئەر ئاتاـئانـسـدـن ئايرلـپ، ئايالـغا باغلـنـدۇ ۋە ئۇلار بـر تەن بولـدۇ»...

لـېكسيەمنى ئاياغلاشتۇرۇپلا ئـشـككە قاراپ ماڭدـم. كۆڭلـۈم پاتـمەدـن ئەنسرەيتتى. هـەتتا ئاخـرقى مۇناجاتنى ئوقۇشنـمۇ كۈتـمـدـم. دانـيەلـنـڭ ئۆزلـرـنـڭ تـلـدا بـر نـېمـلـەرنى دەۋاتقانلـقـنى ئاڭلـدـم. ئۇنـڭ سۆزلـرـدـن، شەنبە ئاخـشـمى لـېكسيە بولـمايدـغانلـقى، لـېكـن يەكشەنبە كۈنى داۋاملـق لـېكسيە بولـدـغانلـقى، ئايالـمنـڭمۇ كېلـپ قېلـشـنى ئۈمـد قـلـدـغانلـقـنى ئـېيتـۋاتسا كېرەك، دەپ چۈشەندـم.

ئـنگلـزچە بـلـدـغان بـر قانچە ياشتـن پاتـمەنى سوردـم. ئۇلار پاتـمەنـڭ ئـبادەتخانـدـن ئالدـراپ چـقـپ كەتكەنلـكـنى كۆرگەنلـكـنى ئـېيتـشتى. ئەندـشەم تېخـمۇ كۈچەيدى.

— ئۇنـڭ بـلـەن بـلـلە كەتكەن بـرى بارمۇ؟

— ياق، يالـغۇز كەتتى.

# 7

موررېس مېنى مېھمانخانىغا باشقا يول بىلەن ئېلىپ كەلدى.

ــ قەيەرگە كېتىۋاتىمىز؟ ــ دەپ سورىدىم.

ــ ئاۋۋال ئاپامنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويىمەن، ئاندىن سىزنى كەچلىك تاماققا ئەڭ ياخشى رېستورانىمىزغا تەكلىپ قىلماقچىمەن.

ــ ئاپاڭ بىز بىلەن بىللە بېرىشنى خالىماسمۇ؟

ــ ياق، رېستوراندا تاماق يېيىشتىن ئوڭايسىزلىنىدۇ. ئۇ «ئۇچ پۇتلۇق ئورۇندۇق» نى ئەلا بىلىدىغان ئەۋلادتىن ئەمەسمۇ!

شىلاھ چارچاپ قالغاندى. شۇڭا گەپ ـ سۆز قىلماي ئولتۇراتتى. ئۇنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇپ شەھەرگە قايتتۇق. موررېس ماشىنىنى بىر كاتتا بىنانىڭ ئالدىدا توختاتتى. بىز رېستونانغا كىرىپ ئورۇنلىرىمىزدا ئولتۇرۇپ تاماقنى بۇيرۇتۇۋەتكەندىن كېيىن، موررېس ماڭا سوئال ياغدۇرىۋەتتى.

ــ ئۆز ـ ئۆزىڭىزگە زىت گەپ قىلغانلىقىڭىزنى بىلەمسىز؟

ــ زىت گەپ؟

ــ شۇنداق، ئاۋۋال پاۋلۇسنىڭ كۆز قارىشى بويىچە جىنسىيەت پائالىيىتى پاھىشە بىلەن بولغان بولسىمۇ، بىر تەن رىشتىسى ھاسىل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدىڭىز، كېيىن مۇقەددەس كىتابنىڭ «بىر تەن» ئىبارىسىنى پەقەت نىكاھلىق بولغانلار ئۈچۈن ئىشلەتكەنلىكىنى ئېيتتىڭىز.

موررېس چوڭ بىر غەلىبىگە ئېرىشكەندەك كۈلۈپ تۇراتتى.

— راست دەيسەن، ـ دېدىم، ـ ئىنجىلنىڭ «كورىنتىيلىكلەرگە يېزىلغان بىرىنچى سالام خەت» قىسمىنىڭ 6ـباب 1ـئايىتىنىڭ گرېكچە تېكستىگە قارىغاندا، بۇ ئىبارىنىڭ نىكاھلىق بولغانلارنىڭ سىرتىدا ئىشلىتىلگەنلىكى بىرلا يەردە ئۇچرايدۇ. مېنىڭچە بۇ نىكاھلىق بولغانلار سىرتىدا بىر تەن بولۇشنىڭ قۇرۇق سەپسەتە ئىكەنلىكىنى كۆرستىش ئۈچۈن شۇنداق ئىشلەتكەن. پاھىشە بىلەن بىر تەن بولۇش بىمەنىلىكتۇر. پاۋلۇس «نىكاھلىق بولغانلار سىرتىدا بۇ ھەرىكەت تامامەن بىمەنىلىك» دېمەكچى بولىدۇ.

موررىس بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— خوپ، لېكىن ئۇلار ھازىر بىر تەن بولۇشتىمۇ، بولۇشمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋەـئاۋۋال جىسمانىي جەھەتتە بىرلىشىش يولى بىلەن نىكاھلىنىش تەلىپىدە بولۇشمىسىمۇ، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، چېدىر تىكىشنى خالىمىسىمۇ بىر تەن بولىدۇ، دېدىڭىز. ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە چېدىرنىڭ ئىچىدە، يەنى ئەرـخوتۇنچىلىق ئىچىدە بىر تەن بولىدۇ، دېدىڭىز، — دېدى.

— موررىس، سىنىڭ چۈشەنچەڭ بىلەن بۇ مەسىلىنى چۈشۈنۈش تەس.

— ئەگەر بىر ئەر بىر پاھىشە بىلەن بىر تەن بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا پاھىشە بىلەن بىر قېتىم بىر ئورۇندا ياتقان كىشى ئۇنى ئەمرىگە ئالغان بولىدۇ.

— جىنسىيەت پائالىيىتى بىر جۈپ ئەرـئايال ئارىسىدا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتىم، لېكىن ئۇلارنى نىكاھلىق بولىدۇ، دېمىدىم.

— بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقى نېمە؟

— مانا، مەسىلە بۇ يەردە.

موررىس ھەيران بولغاندەك كۆرۈنەتتى. بىز بىر پەس جىم بولۇپ قالدۇق.

— موررىس، بۇ يەردە مەن قىزىققان مەسىلە ھەقىقەتەن ھەل بولمىغان بىر مەسىلە. لېكىن ماڭا ئايدىڭ بولغان ئىككى نەرسە بار. بىرىنچىسى، جىسمانىي جەھەتتە بىرلىشىش بىر پاھىشە بىلەن

بولسمۇ ناھايىتى مۇھىم بىر پائالىيەتتۇر. ئىككىنچىسى، بىر تەن بولۇش ئۆز ئايالىڭ بىلەن بولسا ئۇ جىسمانىي جەھەتتە بىرلىشىشتىنمۇ كەڭ بىر مەنىگە ئىگە. بۇ ئىككى ھەقىقەت ئارىسىدىن توغرا يولنى تېپىشىمىز كېرەك.

موررېس ھەممە نەرسە ئېنىق بولسا ئىدى، تېخىمۇ ئاسان بولاتتى، دەپ ئويلىغاندەك، ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويدى.

— دېمەك، ئۇلار نىكاھلاشمىغان بىر جۈپ جورا بولىدۇ، — دېدى ئۇ.

— دەل ئەكسىچە، ئۇلار بىر ئورۇندا ياتقان، لېكىن بىر-بىرىگە باغلانمىغان كىشىلەر. بۇ تېخىمۇ چۈشىنىكسىز.

— ئۈچ بۇلۇڭدا پاھىشىۋازلىقنىڭ ئورنى قەيەردە؟

— پاھىشىۋازلىق ئۈچ بۇلۇڭنىڭ ئوڭ بۇلۇڭىنى باشقا بۇلۇڭلاردىن كەسكىن ئايرىۋېتىدۇ. دېمەك، ئۇ مۇھەببەتسىز ۋە قانۇنسىز جىنسىيەتتۇر.

— يەنىلا چېدىرغا كىرىپ بىر تەن بولامدۇ؟

— بۇ بىمەنە ئەھۋالنى قانداق مىسال بىلەن چۈشەندۈرسەك بولار؟ گويا بۇ بىر جۈپ جورىلار چېدىرغا كىرىپ، كېيىن ئۆگزىسى يوقلۇقىنى سەزگەن. ياكى بىر ئۆيگە ئىشىك ئېچىپ كىرىپ، كەينىدىن قۇلۇپلاپ قويۇپ، ئاندىن يا تۇرۇسى يا تاملىرى يوق ئۆينىڭ ئىچىگە كىرگەنلىكىنى سەزگەن. نەتىجىدە يەنە سىرتتا قالغاندەك بولغان.

كۆتكۈچىنىڭ ئىككىنچى تاماقنى كەلتۈرۈشى بىلەن سۆزىمىز ئۈزۈلۈپ قالدى.

ئاندىن موررېس:

— سىز مېنىڭ پاك بولمىغان بىر قىز بىلەن توي قىلمىغانلىقىم ئۈچۈن مېنى ئەيىبلەپ، ۋىجدانىمنى ئازابلىغانىدىڭىز، ئەمدى جىنسىيەت پائالىيىتىگە قاتناشقان بىر قىز بىلەن توي قىلغىلى بولىدۇ، دەۋاتىسىزغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ تامامەن مەزكۇر قىزغا، ئۇنىڭ خاراكتېرىگە، بۇ ۋەقەنىڭ قانداق شارائىتلاردا مەيدانغا كەلگەنلىكىگە ۋە قىزنىڭ بۇ مەسىلىگە قارىتا مۇئامىلىسىگە باغلىق بىر ئىش. لېكىن مەن 13، 14 ياشلىق بىر مۇنچە قىزلارنى كۆرگىنىمدە ئۇلار ئۈچۈن بىئارام بولماي تۇرالمايمەن. ھېچكىم ئۇلارغا جىنسىيەت تەربىيىسى بەرمىگەندەك تۇرىدۇ. ئۇلارغا ئۆگىتىلىدىغان بىردىنبىر نەرسە، قىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئەرلەرگە باش ئېگىش ئىكەن. كېيىن بىر ئەر چىقىدۇ-دە، قىزلار ئۇنىڭغا باش ئېگىدۇ. ئۇلار قارشى تۇرۇشنى بىلمەيدۇ. موررىس، قىزلاردىكى پاكلىق پەقەت تەنىنىڭ بىر تامغىسى. ئۇ قىزلىق پەردىسىنىڭ بارلىقى مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى مېنىڭچە ئۇ بىر قەلب ۋە ياخشى كۆرۈش ئىقتىدارى مەسىلىسىدۇر. بۇ قىزلار يوقىتىدىغان ئەمەس، بەخش ئېتىدىغان بىر نەرسىدۇر.

— چۈشەنمىدىم.

— ھەربىر قىزنىڭ ئۆزىگە خاس بىر ئىقتىدارى بار. ئۇ بولسىمۇ ئۆزىنى بىرلا ئەرگە پەقەت بىر قېتىم ئاتاش ئىقتىدارىدۇر. بۇ ئىقتىدار بانكىغا قويۇلغان پۇلغا ئوخشاشتۇر. لېكىن بىر مۇنچە قىزلار بۇ دەسمايىنى ئاز-ئازدىن خەجلەيدۇ. ھەر كۈنى بۇ «پۇل» دىن بىرئازدىن ئېلىپ، مۇھەببىتى ئۈچۈن ئۇ يەر-بۇ يەردە سەرپ قىلىدۇ. بۇنداق قىز يەنىلا «پاك» قىز بولۇۋېرىدۇ. بىراق بىردەم قۇچاقلىشىپ، سۆيۈشۈش بىلەن مۇھەببەت ئىقتىدارىنى يوقىتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ قىزلار تەجرىبىسىز بولغانلىقى ئۈچۈن بىر ئەرنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان نەرسىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. تىببىي مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ قىزلىقىنى يوقاتقان بولىدۇ. لېكىن قەلبىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، مەن ئۇنى «پاك» دەپ ئېتىراپ قىلىمەن.

— سىزگە بىر ئىشنى ئېيتماقچىمەن، — دېدى جاۋابەن موررىس، — مەيلى ئىشىنىڭ، مەيلى ئىشەنمەڭ، لېكىن مەن تېخى سىناق قىلىپ باقمىدىم. ھېچقانداق مۇناسىۋەت قىلىپ كۆرمىدىم.

— بۇنى دېگىنىڭ ئۈچۈن رەھمەت موررىس، ساڭا ئىشىنىمەن.

ئاندىن ئۇ سورىدى:

— پاك بولمىغان بىر قىز بىلەن نىكاھلىنىشنى ئويلاشنىڭ مەن ئۈچۈن نېمىشقا شۇنچە تەس ئىكەنلىكىنى ئەمدى چۈشەندىڭىزمۇ؟

— ياق، چۈشەنمىدىم.

— ئېتىقادچى بولغانلىقىم ئۈچۈن دېيىشكە بولامدۇ؟

— دەل شۇ سەۋەبتىن! ئەگەر ئېتىقادلىق بىر كىشى بۇنداق قىلالمىسا، كىم قىلالايدۇ؟ بولمىسا خۇداغا، «بىز ئۆزىمىزگە قارىتا گۇناھ سادىر قىلغانلارنى كەچۈرگىنىمىزدەك، سەنمۇ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن» دەپ قانداق دۇئا قىلالايسەن؟

— بىراق كەچۈرۈم ئۆزئارا بولۇشى كېرەك.

— قىز بۇ مەسىلىدە خاتالىق ئۆتكۈزدى. سەنمۇ باشقا مەسىلىلەردە شۇنداق. بۇنىڭدا نېمە پەرق بار؟ مۇھەببەت بىلەن باغلىنىش ئۈچۈن بىر-بىرىنى كەچۈرۈشتىنمۇ ياخشى بىرلەشتۈرگۈچى كۈچ بار دېيەلمەيمەن. بۇ خۇدا بىلەن بىللە ياشاشنىڭ تەڭداشسىزلىقىدۇر. ئۇ بىز بىلەن يېڭىباشتىن بىللە بولۇشقا ھەمىشە تەييار. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزمۇ باشقىلار بىلەن ھەمىشە يېڭىباشتىن ئىش باشلىيالايمىز. ساڭا شۇنى ئۇقتۇرۇپ قويايكى، تۇرمۇشتا ئايالىڭ بىلەن بىرەر جەھەتتە يېڭى بىر ئىش كۆرمەيدىغان بىرمۇ كۈنۈڭ بولمايدۇ. ئايالىڭمۇ سەن بىلەن ھەر كۈنى يېڭىباشتىن ئىش كۆرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ...

ئاخىرىدا تامىقىمىزنى گەپ-سۆز قىلماي يېيىشتۇق. لېكىن بۇ جىمجىتلىق سۆھبىتىمىزنىڭ ئاياغلاشقانلىقى ئەمەس، داۋامى ئىدى. مېھمانخانىغا قايتىپ كېتىۋېتىپ مورربىستىن بىر تۇل ئايال بىلەن نىكاھلىنىشنى خالايدىغان ياكى خالىمايدىغانلىقىنى سورىدىم. ئۇ ئىنتايىن ھەيران بولۇپ:

— نېمىشقا بۇنداق سورايسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئافرىقىدىكى تۇل ئاياللارغا زور ھېسداشلىقىم قوزغىلىۋاتىدۇ. ئۇلار بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق. مائاشى يوق، ئىجتىمائىي پاراۋانلىقىمۇ يوق. ئۇلارنىڭ ھەممىسى پاھىشە ئەمەس، بەزىلىرى

ئامالسىزلىقتىن نومۇسنى سېتىپ جان باقىدۇ. ئۇلارنىڭ ساغلا ئوخشاش ئەرلىرى بولۇشنى خالايتتىم. بالىلىرى بار ياش بىر تۇل ئايال ئال. بۇ ياشتا ياخشى بىر ئاتا بولىسەن. ئاپاڭغا بىراقلا تۆت-بەش نەۋرە كەلتۈرسەڭ، ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ.

موررىس چوڭقۇر بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويدى ۋە:

— چاقچاق قىلىۋاتىسىزغۇ دەيمەن، — دېدى.

— ياق، چاقچاق قىلىۋاتقىنىم يوق.

— ھەقىقەتەن مەن بىلەن تەڭ ياشلاردىكى بىر تۇل ئايالنى بىر ياش قىزدىن ياخشىراق ئايال بولىدۇ، دەپ ئويلامسىز؟

— قىزىڭغا ئوخشاش بولماي، ھەمراھىڭ بولىدۇ.

— خوپ، ئۇنىڭدىن ئۆز بالىلىرىم بولسا تەس بولامدۇ؟

— شۇنداق، لېكىن بۇ بالىلارنى ئاتىسىز چوڭ قىلىشتىن ئاسانراق بولىدۇ. بالىلار ئۆچۈنمۇ دادىسىنىڭ قىزىدەك بىر ئانىسى بولۇشتىن ئاسانراق بولىدۇ.

— ئۇنداقتا ئېرىدىن ئاجراشقان بىر ئايال بىلەن نىكاھلىشسام بولىغىدەك.

— ئەلۋەتتە ئەھۋالغا قاراش كېرەك. لىكىن مۇھىمى كەچۈرۈم قىلىش.

بىز مېھمانخانىغا قايتىپ كەلدۇق. مەن خىزمەتچىدىن ئاچقۇچۇمنى ئالدىم.

— ۋالتېر، — دېدى موررىس، — كۆڭلۈمدىكى ھەممە نەرسىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتىڭىز.

— بويتاق يۈرۈۋېرىشىڭنى خالىمايمەن.

موررىس كۈلۈپ كېتىپ، بىردىن مېنى قۇچاقلىۋالدى. سۆزلىرىمىزنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن خىزمەتچى بىزگە مەمنۇنىيەت بىلەن قاراپ-قاراپ قويدى ۋە:

— سىزنى بىر كىشى كۆپ ئىزدىدى، — دېدى.

— ئۇ ياق تېلېفون نومۇرنى قالدۇردىمۇ؟

— ياق، ئەپەندىم، يەنە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.
دەل شۇ چاغدا باش تېلېفون ئاپپارات خادىمى بۆلۈمدىن چىقىپ، ھېلىقى كىشىنىڭ يەنە ئىزدىگەنلىكىنى ئېيتتى.
— ياتىقىمنىڭ تېلېفونىغا ئۇلاپ قويۇڭ، ئۇنىڭ بىلەن شۇ يەردە سۆزلىشەي، — دېدىم.
مورىرېس بىلەن خوشلاشتىم. لىفتنى كۈتۈپ تۇرغىنىمدا، مورىرېس كەينىمگە يېتىپ، كارتوچكىسىنى ئۇزاتتى ۋە:
— ماڭا ئېھتىياجىڭىز بولسا، خالىغان ۋاقىتتا ئىزدىسىڭىز مەن تەييار، ئەتە دەم ئالىمەن، — دېدى.
ياتاققا كىرىپلا تۇرۇپكىنى قولۇمغا ئالدىم.
— مەن يوھان.
— مېنى ئىزدىگەنلىكىڭىزگە كۆپ خوش بولدۇم. ياخشىمۇسىز؟ سۆھبەتىمىزدىن بىر نەرسە چۈشەندىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدىم.
ئۇ سوغوق ۋە قوپال ئاۋاز بىلەن:
— سىزگە بىر ئىشنى ئېيتماقچىمەن، — دېدى، — قوللىرىمدىكى كىر كىشىنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرىدۇ، بىراق ئۇ كۆپ ئىشلىگەنلىكىمدىن بولغان. ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىمەن. ۋەزىپەم مېھمانخانا ياتاقلىرىدا قىزلار بىلەن سۆھبەتلىشىشتىن تەس. قانداق كىيىنىدىغانلىقىم سىزنىڭ ئەمەس، مېنىڭ ئىشىم. شۇنىڭدەك پاتىمەمۇ مېنىڭكى. ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىمەن. سىزگە بۇ يۇرتتىن كېتىش ھېكايىسىنى ئىنكاسىڭىزنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن توقۇپ چىقتىم. نېمە قىلماقچى بولغانلىقىم ئۆزۈمگە مەلۇم. مېنىڭ ئىشلىرىمغا ئارىلاشماڭ، ئەگەر پاتىمەنى دەرھال ئۆيگە قايتۇرۇۋەتمىسىڭىز ساقچى چاقىرىمەن.
— پاتىمە بۇ يەردە ئەمەس.
— سىزگە ئىشەنمەيمەن.
— كاپالەتلىك قىلىمەنكى، ئۇ بۇ يەردە يوق.
— سۆزلىگەنلىرىڭىزنىڭ بىرىگىمۇ ئىشەنمەيمەن. ھازىر ئۆيگە

كەلسەم ئۇ ئۆيدە يوق تۇردۇ. دېرىزىدىن قېچىپ چىقىپ ئىبادەتخانىغا بارغانلىقىدىن خەۋىرىم بار.

ــ گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ يوھان. ئاچچىقىڭىزنى كەلتۈرۈپ قويغانلىقىم ئۈچۈن پۇشايمان قىلىۋاتىمەن. قوللىرىڭىز ھەققىدە سۆزلىگەنلىكىم ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايمەن. لېكىن ھازىر مۇھىمى پاتمەنى تېپىش.

ــ ئىبادەتخانىغا كەتكەنلىكىنى بىلىمەن.

ــ شۇنداق، ئىبادەتخانىدا بار ئىدى، لېكىن بالدۇر قايتىپ كېتىپتىكەن. سىز بىلەن تېپىشقاندۇ، دەپ ئويلاپتىمەن.

ــ ھازىر سائەت ئون بىر بولدى. ئەگەر تۈن يېرىمىغىچە ئۆيگە كەلمىسە، ساقچى چاقىرىمەن. پاتمە بىرەر ھادىسىگە ئۇچرىسا سىزدىن كۆرىمەن.

ــ يوھان، ماڭا...

ئۇ تۇرۇپكىنى قويىۋەتكەنىدى. نەپىسىمنى بېسىۋېلىشقا تىرىشتىم. ناھايىتى چوڭ بىر خاتا ئىش قىلىپتىمەن. ئۇنىڭ قوللىرى ھەققىدە سۆزلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. بىرى ھەققىدە ئېيتىلغان ھەرقانداق بولمىغۇر سۆزنىڭ شەيتانغا دۇئا قىلغاندەك ئىش ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنىڭ مانا ھازىر ئىسپاتلانغانلىقىنى ئويلىدىم.

مېنىڭ دېگەنلىرىمنى قانداق بىلگەندۇ؟ پاتمە دېگەن بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ بىراق يوھان ئۇنى ئەتىگەندىن بۇيان كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتىۋاتىدۇ. ياكى ئۇ ماڭا يالغاندىن شۇنداق دەۋاتامدىغاندۇ؟ ماقۇل، بوپتۇ. لېكىن پاتمە نەگە كەتكەندۇ؟ قىز بالىنىڭ كېچىدە ئۆزى يالغۇز كوچىغا چىقىشى خەتەرلىك ئىدى. قەيەردە ئىكەنلىكىگە دائىر كاللامدا قىلچە يىپ ئۇچى يوق ئىدى. قەيەرگە كېتىشى مۇمكىن؟ كارۋاتقا سوزۇلدۇم ۋە ئۇخلاشقا تىرىشتىم. نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قىينىلاتتىم. پاتمەنى خۇداغا ئامانەت قىلماق-تىن باشقا چارەم يوق ئىدى. دۇئا قىلىشنى بىلمىگەن نىكاھ مەسلىھەتچىسى ئاتىسىز چەۋەندازغا ئوخشاش، دەپ ئويلىدىم.

تۇيۇقسىز ئويغىنىپ كەتتىم، قانچىلىك ئۇخلىغانلىقىمنى بىلەلمىدىم. گويا ياتىقىمدا بىر ئاۋاز يەنى يوھاننىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. كېيىن ئويلىسام ئۇنى چۈشۈمدە كۆرۈپتىمەن، ئۇ چۈشۈمدە مېنىڭ يېنىمغا كەلگەنىكەن. ئۆتكەندە ئۇلار كېتىدىغان چاغدا يولنىڭ يىراق ياكى يېقىنلىقىنى سورىغانىدىم. ئۇ يىراق ئەمەس، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپلا بارىمىز، دېگەنىدى.

سائەت ئۈچ بولۇپ قالغانىدى. بىردىن ئەقلىمگە يامان بىر ئىش كەلدى. تېلېفوننىڭ يېنىغا بېرىپ تۇرۇپكىنى قولۇمغا ئالدىم، ئۇيقۇسى ئېچىلمىغان بىر كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ نۆۋەتچى خادىم ئىدى.

ــ بۇ شەھەردە دەريا بارمۇ؟

ــ بار، ئەپەندىم.

ــ چوڭمۇ؟

ــ خېلى چوڭ.

ــ بۇ يەردىن قانچىلىك يىراقلىقتا؟

ــ خېلى يىراق.

ــ ئۇ يەرگە قانچىلىك ۋاقىتتا بارغىلى بولىدۇ؟

ــ خېلى ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ.

ــ لېكسىيە ئوقۇغان ئىبادەتخانىغا بېرىشتا دەريادىن ئۆتمىگەندۇقمۇ؟ ــ دېدىم.

ــ ئىبادەتخانىغا بېرىشتا دەريادىن ئۆتمەيدۇ.

ــ يالغۇز بىرلا كۆۋرۈك بارمۇ؟

ــ شۇنداق ئەپەندىم. يالغۇز بىرلا كۆۋرۈك بار.

ــ ھازىر تاكسى تېپىلارمۇ؟

ــ تەس، بۇ ۋاقىتتا تاكسىغا ئۆزىڭىز يالغۇز چۈشۈشىڭىزنى تەۋسىيە قىلالمايمەن.

ــ ئۇنداقتا بۇ نومۇرنى تېلېفونغا چاقىرىپ بېرىڭ.

ئۇزۇن داۋاملاشقان تېلېفون ئاۋازىدىن كېيىن، دەرۋەقە موررېسنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— موررىس، مەن ۋالتىر، خالىغان ۋاقىتتا ئىزدىسەم بولىدىغان-لىقىنى ئېيتقانىدىڭ. ساڭا ھازىر ئېھتىياجىم چۈشۈپ قالدى.

— مەن تەييار.

— مېھمانخانىغا قانچىلىك ۋاقىتتا كېلەلەيسەن؟

— ئون بەش مىنۇتتا.

— ئون مىنۇت ئىچىدە كېلىشكە تىرىشقىن.

كىيىملىرىمنى كىيىپ تۆۋەنگە چۈشتۈم ۋە مېھمانخانىنىڭ ئالدىدا موررىسنى كۈتۈپ تۇردۇم. كوچىلار جىمجىت ئىدى. بىرئازدىن كېيىن موررىسنىڭ ماشىنىسىنىڭ چىرىقى كۆرۈندى. ماشىنا كېلىپ توختىشى بىلەنلا ئىچىگە چۈشتۈم.

— كۆۋرۈكنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلەمسەن؟

موررىس كۈلۈپ كەتتى.

— ئۇنداقتا مەندىن ھېچقانداق سوئال سورىماي، ئۇدۇل كۆۋرۈككە ئېلىپ بارغىن، لېكىن كۆۋرۈكتىن ئۆتمەي ماشىنىنى بىر چەتتە توختات.

بىز گەپ-سۆز قىلىشماي ماڭدۇق. كۆۋرۈك كۆرۈندى. تار ۋە ئۇزۇن كۆۋرۈكنىڭ ئىككى يېنىدا تاشتىن قوپۇرۇلغان سالاسۇنلار، ئوڭ تەرەپتە پىيادىلار يولى بار ئىدى. كۆۋرۈككە بارغاندا موررىس ئىككى تەرەپنى كۆرگىلى بولىدىغان بىر يەردە توختىدى. يولنىڭ چىراقلىرى بولمىسىمۇ، ئايدىڭ ئىدى. شۇڭا كۆۋرۈكنىڭ ئۇ تەرىپىنىمۇ كۆرگىلى بولاتتى. پاتىمە مانا شۇ يەردە سالاسۇنغا يۆلىنىپ، ئىتتىك ئېقىۋاتقان سۇغا قاراپ تۇراتتى.

— ئاۋۇ يەردە تۇرغان قىزنى كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ھەئە، — دەپ جاۋاب بەردى موررىس.

— ئۇ ياقنىڭ بېشىغا كەلگەنلەرنى ساڭا ھازىر دەپ بېرەلمەيمەن. لېكىن ئۇنىڭ ھازىر ناھايىتى قايغۇدا ئىكەنلىكى ۋە جىنىدىن تويغانلىقىدىن خەۋىرىم بار. يېقىن ئەتراپتا قاراۋۇلخانا بارمۇ؟

— كۆۋرۈكنىڭ ئۇ قېتىدا بار.

— ناھايىتى ياخشى، ئەمدى ماشىناڭنى كۆۋرۈكنىڭ ئۇ تەرىپىگە قاراپ ھەيدە. قىزدىن بەش-ئون مېتر نېرىدا توختىغىن-دە، بىزنى

ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ماشىنا ئىكەن دەپ قالسۇن. مەن دەرھال ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۇ سۇغا سەكرەشتىن ئاۋۋال تۇتۇۋالاي.

— ئۇنىڭدىن بۇرۇن سەكرىسچۇ؟

— ئۇ چاغدا دەرھال قاراۋۇلخانىغا بېرىپ مەلۇم قىلىسەن.

— خوپ.

— ئەگەر مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئاستا-ئاستا سۆزلىشىۋاتقىنىمنى كۆرسەڭ، كەينىڭگە قايت ۋە بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئاڭلىيالمايدىغان، لېكىن ياخشى كۆرەلەيدىغان يىراقلىقتا ماشىناڭنى توختىتىپ قوي.

— نېمىشقا ئۇنداق قىلىمىز؟

— بىرى دەۋا قىلىشى مۇمكىن. بۇ قىز بىلەن نېمە قىلىش-قانلىقىم ئۈچۈن بىر گۇۋاچى كېرەك. قېنى ئەمىسە ماڭايلى.

— دۇئا قىلايلىمۇ؟

— مەرھەمەت.

ۋاقىت ناھايىتى جىددىي ئىدى. موررىس ماشىنىنىڭ رولىنى تۇتقان ھالدا بىر پەس دۇئا قىلدى. ئۇنىڭ دۇئا قىلغان قوللىرىدىن قەلبىدىكى ساداقەتلىكىنى ھېس قىلدىم.

پاتمەنىڭ يېنىغا بارغىنىمىزدا ئۇ مىدىرلىماي تۇراتتى. ئۇ جەينەكلىرىگە تايىنىپ، كۆزلىرى سۇغا تىكىلگەن ھالدا، بىزگە كەينىنى قىلىپ ئۆرە تۇراتتى.

موررىس كۆۋرۈكتىن ماشىنىنى ئاستا ھەيدەپ ئۆتۈپ، نېرىدا توختىدى. مەن ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئىتتىك ئېچىپ دەرھال چۈشتۈم-دە، كۈچۈمنىڭ بارىچە پاتمەگە قاراپ يۈگۈردۈم. ئۇ بىردىن كەينىگە قاراپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ باشقا ھەرىكەت قىلىشىغا پۇرسەت بەرمەي قولىنى تۇتۇۋالدىم.

— ئەقىلسىز قىز، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دەپ ۋاقىرىدىم.

ئۇ بىر-ئىككى سېكۇنت ماڭا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تىپىرلاپ يەنە پوتەينىڭ يېنىغا بېرىۋالدى ۋە ئۈن-تىنسىز سۇغا قاراپ تۇردى. موررىس ماشىنىنى كەينىگە بىرئاز

ماگدۇرۇپ، بىزدىن يۈز مېترچە يىراقلىقتا توختىدى ۋە ماشىنىنىڭ چىراقلىرىنى ئۆچۈردى. كۆۋرۈكتە ئۈچىمىزدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. جىمجىتلىقنى پەقەت كۆۋرۈكنىڭ تېگىدە ئىتتىك ئېقىۋاتقان سۇنىڭ شاقىرىغان ئاۋازى بۇزۇپ تۇراتتى.

مەنمۇ خۇددى پاتمەگە ئوخشاش جەينەكلىرىمنى سالاسۇنغا تىرەپ كۆزلىرىمنى سۇغا تىكىپ ئۇنىڭ يېنىدا تۇردۇم. قىسقا بىر جىمجىتلىقتىن كېيىن سالماقلىق ۋە خاتىرجەم بىر ئاۋازدا:

— بۇ يەردىن سەكرىسىڭىز نېمە بولىدىغانلىقىڭىزنى بىلەمسىز؟

— دەپ سورىدىم.

ئۇ جاۋاب بەرمىدى. مەن كۈتۈپ تۇردۇم. بىر نەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن ئاخىرى:

— كارىم يوق، ئەھمىيەتسىز ھايات مۇشۇ يەردە ئاياغلاشقىنى ياخشى ئىدى.

— خاتا ئويلاپسىز، بۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشمايدۇ.

— ئۆلسەم ئاياغلىشىدۇ.

— ئۆلمەيسىز ۋە ئاياغلاشمايدۇ.

— بىراق يۈكۈم تۈگەيدۇ.

— ئەكسىچە يۈكىڭىزنى مەڭگۈ كۆتۈرىسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقا يۈكلىرىڭىزگە قوشۇمچە قىلىپ، ئۆلۈۋېلىش يۈكىنىمۇ كۆتۈرەتتىڭىز. بۇنىڭ بىلەن ھېچ ئىش ھەل بولمايدۇ.

— بۇنداق ياشىغىچە ئۆلگىنىم ياخشى. بۇ يۈكنى ئەمدى كۆتۈرەلمەيمەن.

— سىزنى كۆتۈرۈۋاتقان دېمىدىمغۇ، يۈك كۆتۈرمەي ياشىشىڭىزنى مەنمۇ ئۈمىد قىلىمەن.

— نېمە دەۋاتىسىز؟ قىيىنچىلىقلىرىمنىڭ يېرىمىنىمۇ بىلمەيسىز. سىزگە يالغان ئېيتتىم. ھەممە ئادەمگە يالغان ئېيتىپ كەلدىم. ئەھۋال ئويلىغىنىڭىزدىنمۇ يامان، مېنىڭ ئەھۋالىمنى تولۇق بىلسىڭىز ھەيرانلىقتا قېتىپ قالاتتىڭىز.

— سىزگە ۋەدە بېرىمەن، ھەيران بولمايمەن.

پاتىمە مىدىرلىماي، قارامتۇل ئېقىۋاتقان سۇغا قارىدى. ئاندىن مۇنداق دېدى:

— ئەگەر ئۆز جېنىمغا قەيمىسام، باشقىلارنىڭكىگە قەيمەن. ئۆلۈشكە لايىقمەن.

— توغرا.

— توغرا دېدىڭىزمۇ؟

— شۇنداق، سىز توغرىلىق ھەممىنى بىلسەممۇ، بىلمىسەممۇ سىز ئۆلۈشكە لايىق بولدىڭىز. ھەممە ئادەمنىڭ ئاقىۋىتى شۇ. لېكىن بىرلا پەرق باركى، بەزىلەر بۇنى بىلىدۇ، بەزىلەر بىلمەيدۇ. سىزنىڭ بۇنى بىلگەنلىكىڭىزدىن خۇشالمەن.

— ئۇنداقتا نېمىشقا ئۆلۈشۈمگە يول قويمايسىز؟

— بۇنىڭغا كېچىكىپ قالدىڭىز، چۈنكى سىزنىڭ ئورنىڭىزدا باشقا بىرى ئۆلدى.

— ھاياتىمنى ئۆزگەرتىشىم ئۈچۈن كېچىكتىم، لېكىن ئۆلۈشۈم ئۈچۈن كېچىككىنىم يوق.

— دەل ئەكسىچە، پاتىمە، ھاياتىڭىزنى ئۆزگەرتىشىڭىز ئۈچۈن تېخى كېچىكمىدىڭىز، لېكىن ئۆلۈش ئۈچۈن كېچىكتىڭىز.

— ئۆلۈش ئۈچۈن كېچىكتىممۇ؟ — ئۇ بېشىنى بۇراپ ماڭا قاراپ، — چۈشەنمىدىم، — دېدى.

— سىزگە بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بېرەي. باراباس دېگەن ئىسمنى ئاڭلىغانمىدىڭىز؟

— ھەزرىتى ئەيسا قولغا ئېلىنغان چاغدا زىنداندىكى قاتىلمۇ؟

— شۇنداق، يەھۇدىيلارنىڭ ھېيتىدا بىر مەھبۇسنى ئازاد قىلىش ئادىتى بار ئىدى. ۋالىي پىلاتۇس يەھۇدىيلاردىن كىمنى ئازاد قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى سورىدى. شۇ چاغدا ئۇلار ئەيسانى تەلەپ قىلدىمۇ باراباسنىمۇ؟

— ئېسىمدە قېلىشىچە، باراباسنى تاللىدى.

— توغرا، ئەمدى ئويلاپ كۆرۈڭكى، باراباس ئەركىن ئىدى ۋە ئۇ مۇقەددەس جۈمە كۈنى يېرۇسالېم كوچىلىرىدا يۈرەتتى. ئۇ خالايىقنىڭ يېرۇسالېمنىڭ سىرتىدىكى «باش سۆڭەكسىمان تۆپىلىك» دېگەن جايغا قاراپ ئاققانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە باردى. ئۇ يەرگە بارغىنىدا كىمنى كۆردى؟

— كرېستقا مىخلانغان ئەيسانى.

— يېزا مەكتېپىدە ياخشى تەلىم ئېلىپسىز.

— بۇ ۋەقەنى كۆپ قېتىم ئاڭلىدىم، لېكىن مەندە ھېچقاچان تەسىر قالدۇرمىغانىدى.

— ئەمدى قۇلاق سېلىڭ. باراباس زىنداندا بىللە ياتقان بۇرادىرىنى تونۇدى ۋە بىردىنلا چۈشەندىكى، ئەيسا ئۇ يەردە بولمىسا ئىدى،... بۇ جۈملىنىڭ ئايىغىنى چۈشۈرەلەمسىز؟

— ... ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولاتتىم، — دېدى پاتىمە.

— شۇنداق پاتىمە، ئۇنىڭ ئورنىدا سىز بولاتتىڭىز ۋە مەن بولاتتىم. ھەر ئىككىلىمىز بولاتتۇق.

يەنە جىم بولۇپ قالدۇق ۋە سۇنىڭ ئۆركەشلەپ ئېقىشىنى تاماشا قىلدۇق. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ ماڭا قاراپ:

— سۆزىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ، — دېدى.

— باراباسنىڭ نېمىلەرنى ئويلايدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ كۆرەيلى. «ئەيسانىڭ ئۆلۈشى ناھەقتۇر. قاتىل ئۇ ئەمەس، مەن. ئۆلۈمگە لايىق بولغان ئۇ ئەمەس، مەن» دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. باراباس، «ئەمدى بىردىنبىر قىلىدىغان ئىشىم ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈش» دېگەن بولسا، بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟

— بۇ ئەخمەقلىق بولىدۇ.

— شۇنداق، خۇددى سىزگە ئوخشاش. دەرياغا سەكرىگەن بولسىڭىز سىزمۇ ئەخمەقلىق قىلغان بولاتتىڭىز. بەك كېچىكىپ قالدىڭىز پاتىمە. سىز رازى بولغان ئۆلۈم جازاسىنى ئەيسا مەسىھ تارتتى. ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن بۇيان ھەرقانداق ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ۋەقەسى

ناھايىتى كىچىككەن ئىش بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ھاجىتى قالمىدى. سىز بارابباستەك ئەركىن.

ــ مەن ئەركىنمۇ؟ ــ ئۇ كەيىنىگە بۇرۇلدى ۋە سالاسۇنغا يۆلىنىپ، يۈزۈمگە سىنچىلاپ قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۈمىدسىزلىك كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ــ مەن ئەركىنمۇ؟ ــ دەپ ئاچچىق كۈلۈپ قويدى ئۇ، ــ مەن ئۆيگە سولاپ قويۇلغاندەك تۇرىمەن. ئىشىك سىرتىدىن تاقالغان. ئۇ تۇتقۇچى يوق بىر ئىشىك.

ــ ئىبادەتخانىدىن بالدۇر كېتىشىڭىزنىڭ سەۋەبى مۇشۇمىدى؟

ــ شۇنداق، ئاخىرقى ئۈمىدلىرىمنىمۇ يوقىتا چىقارغانىدىڭىز.

كۆزلىرىمنى يۇمدۇم. نېمە قىلغاندىمەن؟ قانداق بىر مەسلىھەتچى بولۇپ قالغاندىمەن؟ ــ دەپ ئويلىدىم.

پاتىمە:

ــ چېدىرغا كىردىم ۋە ئۇنىڭ ئۆگزىسى يوقلۇقىنى بىلدىم. ئىچىگە يامغۇر چۈشىۋاتاتتى، لېكىن قانداقتۇ تاشقىرىغا چىقالمايتتىم. مەن قورقۇنچلۇق قۇلۇپلانغان بىر جايدا ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. سىرتقا چىقىپ خالىغان يەرگە بارغۇم كەلدى.

كۆزلىرىم يۇمۇلغان ھالدا ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتىم.

ــ پاتىمە، مەن، ... دەپ تىترەپ كەتتىم.

ــ ئوي-ئۇچاقلىق بولغان-بولمىغانلىقىمنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ سىز «بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىر جۈپ جورا بولىدۇ. ئۆزلىرى خالىمىسىمۇ جورىدۇر» دېدىڭىز. مەنمۇ ئامالسىز جورا بولدۇم.

ئۇ ئۈمىدسىزلىك ۋە غەزەپ ئىچىدە ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ۋاقىراشقا باشلىدى:

ــ مەن تامغىلاندىم. سىز «تەنىنىڭ ئۈستىدە ئۆچمەس بىر تامغا بار» دېدىڭىز. مەن تامغىلاندىم، تامغىلاندىم، تامغىلاندىم. پەقەت يوھان بىلەن ئەمەس، ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئەڭ ئاز بولغاندا ئالتە

كىشى بىلەن. ئىشىكىم ئالتە قېتىم تاقالدى. ئۇ باشقا ـ باشقا ئالتە ئىشىك بولسىمۇ، قۇلۇپلارنى چاقىدىغان ھېچكىمىم يوق.

ــ بىر تەن. شۇنداق، بىر تەن، ــ دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى پاتىمە، ــ لېكىن سىزنىڭ ئېيتقىنىڭىزدەك، ئۆزۈم ۋە مەن ئىگە بولغان نەرسىلەر بىلەن ئەمەس، پەقەت بۇ زىيانلىق، ئىپلاس، تامغىلىق تېنىم بىلەن قالدىم. ئۆزىڭىزنى ئۆز تېنىڭىزدىن جۇدا قىلالمايسىز، دېدىڭىز، خوپ جۇدا قىلالمايمەن. نىكاھلىق ئەمەسمەن، شۇنداقتىمۇ ئاجرىشالمايمەن.

پاتىمە مۇشۇ كۆۋرۈكتىن سەكرىگەن بولسا، بۇ يوھاننىڭ ئەمەس، مېنىڭ گۇناھىم بولاتتى. مەن: «مېنى كېچىدە ئويغاتقان سەن، ماڭا ئېيتىدىغان سۆزنى ئۆگەت. جەننەت بىلەن دۇنيا، ئۆلۈم بىلەن ھاياتلىق ئارىسىدىكى بۇ كۆۋرۈك ئۈستىدە ماڭا يول كۆرسەت» دەپ خۇداغا يېلىندىم.

ــ ئىبادەتخانا ياشلار بىلەن تولغانىكەن ـ دېدىم مەن پاتىمەگە قاراپ،ـ ئۇلار تېخى چېدىرلىرىنى قۇرمىغان. ئۇلارنى ئويغىتىش ۋە ئۇلارنىڭ تەقدىرىمۇ سىزنىڭكىدەك بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن شۇنداق سۆزلىگەنىدىم. ئەلۋەتتە سىز ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان سۆز ئۇ سۆزلەر ئەمەس ئىدى.

ــ ئەمىسە مەن ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان سۆز قايسى؟ ــ ئۇ يەنە كەينىگە بۇرۇلۇپ سالاسۇنغا يۈلىنىۋالدى.

ــ ئىشىكلەر بىر، ئالتە، ياكى يۈز بولسىمۇ، ئۇنى سىرتتىن ئاچالايدىغان خۇدا بار.

ــ ئۇ مېنى ئۆز تېنىمدىن جۇدا قىلالامدۇ؟

ــ بۇ ئىنسانلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. لېكىن خۇداغا ھەممە ئىش ئاسان.

ــ ئۇنداقتا، خۇدا مۇمكىن بولمايدىغان ئىشنى ماڭا قانداق قىلىدۇ؟

ــ سىزگە تېخى ۋەقەنىڭ ئاخىرىنى ئېيتمىدىم. بارابباس ئەيسا ئۇ

يەرگە مىخلانمىسا، ئۆزىنىڭ شۇ يەرگە مىخلىنىدىغانلىقىنى بىلدى. لېكىن باراباس ئىشنى ئۇ يەردە تاشلاپ قويمىدى، ئۇ كەينىگە ياندى. كەينىدە كرېست، ئالدىدا دۇنيا بولسىمۇ، ئۇ مەن ئۈچۈن ئۆلدى. مەنمۇ ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ ئۈچۈن ياشايمەن، — دېدى.

پاتىمە لام-جىم دېمىدى. شۇ ئان ئەقلىمگە ئەيسانىڭ بىر سۆزى كەلدى. ئۇنى پاتىمەگە دەپ بەردىم. ئەيسا زىنا قىلغان ئايالغا شۇنداق دېگەنىدى: «مەن سېنى سوراققا تارتمايمەن. قايتىپ كەت ۋە بۇندىن كېيىن گۇناھ سادىر قىلما.»

— ئۇنداق بولسا، مەن قەيەرگە كېتىشىم كېرەك؟

— مەن تېلېفوندا ئېيتقان «زەبۇر» نىڭ 27-بابىنى ئوقۇدىڭىزمۇ؟

— ئوقۇدۇم ۋە ماڭا تېگىشلىك ئايەتنى تاپتىم.

— ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

— «ئاتا-ئانام مېنى تاشلىۋەتتى.» ماڭا ھەممە نەرسە ئاستىن-ئۈستىن بولدى. سىز لېكسىيەڭىزدە سۆزلىگىنىڭىزدەك ئەمەس ئىكەن. ئاتا-ئانامدىن ئايرىلغان مەن ئەمەس، ئۇلار مېنى تاشلىۋەتتى.

— ئۇ ئايەت سىزگە قارىتا ئېيتىلغان ئەمەس، لېكىن شۇنداق بولغان تەقدىردە، ئۇنىڭ قانداق ئاياغلاشقانلىقىنىمۇ ئاڭلىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ: «ئاتا-ئانام مېنى تاشلىۋەتسىمۇ، لېكىن خۇدا مېنى قوبۇل قىلىدۇ.»

— ئۇنداقتا خۇدا قەيەردە؟

— مانا ھازىر مەن ئۇنىڭ نامىدا گەپ قىلىۋاتىمەن. مەن سىز ئۈچۈن ئۇنىڭ باياناتچىسىمەن. سىزگە تۇنۇگۈن مېنى ناھايىتى خۇرسەن قىلغان ۋە سىزگە ماس كېلىدىغان ئايەت، دەپ ئويلىغان ئايەتنى ئېيتىپ بېرىشىمگە رۇخسەت قىلىڭ. «بېشىمغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەندە ئۇ مېنى قانات ئاستىغا ئالىدۇ، ئۆزىنىڭ مۇقەددەس چېدىرىدا ئامانلىققا ئىگە قىلىدۇ ۋە مېنى ئۇيۇلتاش ئۈستىدە مەزمۇت تۇرغۇزىدۇ» («زەبۇر» 27-باب 5-ئايەت).

— ياق، — دەپ جاۋاب قايتۇردى پاتىمە، — يەرەميا پەيغەمبەرنىڭ سۆزى ماڭا تېخىمۇ ماس كېلىدۇ: «چېدىرىم ئۆرۈلدى، ھەممە تانىلىرى ئۈزۈلدى. پەرزەنتلىرىم مەندىن يىراقلاشتى. ئۇنى قايتا تىكىپ بېرىدىغان ھېچكىمىم يوق، پەردىلىرىنى ئېسىپ بېرىدىغانىمۇ ھېچكىمىم يوق.» شۇنى ئۇنتۇماڭ، پەرزەنتلىرىمنى ئالدۇرىۋەتتىم، ئۇلارنى ئۆلتۈردۈم. ئەمدى چېدىرىمنى قايتا قۇرىدىغان، پەردىلىرىنى ئاسىدىغان ھېچكىمىم يوق.

— لېكىن بار، پاتىمە. خۇدا شەخسەن ئۆزى سىزنىڭ چېدىرىڭىزدۇر.

— مەن ئائىلە قۇرماي، ئۆز ئالدىمغا يالغۇز ياشىساممۇ، بىر چېدىر بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

— بولىدۇ. كەم-كۈتىسىز، يامغۇر ئۆتمەس، ئۆگزىسى بار چېدىرىڭىز بولىدۇ. ھەممە نەرسىسى تولۇق بىر چېدىر، يەنى بېشىڭىزغا كۈن چۈشكەندە پاناھلانغىدەك بىر پاناھگاھىڭىز بولىدۇ.

ئۇ يەنە پوتەيگە بۇرۇلدى. لېكىن بۇ قېتىم سۇغا قارىمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى دەريانى بويلاپ ئۇيۇقلارغا تىكىلدى. سۈپسۈزۈك ئافرىقا ئاسمىنى زېمىننى كۆمۈش رەڭگە كىرگۈزگەنىدى. تاڭ بەلگىسى كۆرۈندى.

— خۇدانىڭ چېدىرىغا مانا بۇ گۇناھلىرىم بىلەن كىرەلمەيمەن. خۇدانى ئۇنتۇدۇم، ئۇنى ھاياتىمنىڭ سىرتىدا قالدۇردۇم.

— ئۇ سىزنى ئۇنتۇمىدى. لېكىن گوناھلىرىڭىزنى ئۇنتۇدى.

— گوناھلىرىمنى بىلمەستىن قانداقچە بونداق دېيەلەيسىز؟

— گوناھلىرىڭىزنى بىلمىسەممۇ، شۇنداق دەپ قەتئىي ئېيتالايمەن.

— خۇدا ئۇلارنى ئۇنتۇغاندىچۇ؟

— ھېچ گۇناھ سادىر قىلمىغاندەك بولىسىز.

— بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن. ماڭا ئويلىنىشقا ۋاقىت بېرىڭ. چېدىرىمنى تىكىۋېلىشىمغا ياردەم قىلىڭ.

— ياردەم قىلىمەن.

— ئەمدى ئۆيگە كېتەلمەيمەن. قورقىمەن.

— ئۇنداقتا ئاۋۋال دانىيەلنىڭ ئۆيىگە بارغىنىمىز ياخشى.
موررېسقا ئىشارەت قىلدىم. ئۇ ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇرۇپ يېنىمىزغا كەلدى. پاتىمەنى ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزۈم كەينىدە ئولتۇردۇم.
— سېنى ساقلىتىپ قويغانلىقىمنى كەچۈر، — دېدىم.
— ھېچقىسى يوق. مەنمۇ بىكار ئولتۇرمىدىم، — دەپ قويدى موررېس.
— مەنمۇ شۇنداقمىكىن دېگەنتىم موررېس.
موررېس يېنىدا ئولتۇرغان بۇ بىچارە يولۇچىغا كۆز قىرىدا قاراپ قويۇپ ماشىنىسىنى ھەيدىدى. دانىيەلنىڭ ئۆيىگە كەلگىنىمىزدە، دەرۋازىنىڭ ئۈستىدە ئەستەر تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى ئېنىق بولغان كىچىك بىر ئىزاھاتنى كۆردۇق. ئۇنىڭدا مۇنداق يېزىلغانىدى: «قەدىرلىك دوستۇم. ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئەتىگەن سائەت 8 بىلەن 9 ئارىلىقىدا، ياكى كەچ سائەت 5 بىلەن 6 ئارىلىقىدا كەلگەيسىز.» ھازىر ۋاقىت ئەتىگەن سائەت 5 بىلەن 6 ئارىلىقىدا ئىدى. بۇ قېتىم دانىيەلگە ئۆگەتكىنىمگە خىلاپلىق قىلىشقا مەجبۇر ئىدىم. دەرۋازىنى خېلى ئۇزۇن قاقتۇق. جاۋابىنى پەقەت موررېس ئۇلارنىڭ ياتاق ھۇجرىسىنىڭ دېرىزىسىنىڭ قاپقىقىنى ئۇرغاندىن كېيىن ئالدۇق.
— كىم؟
— بەزى سەھەردىكى مېھمانلار شۇنداق ئىنتىزامسىزكى، ئىش ۋاقتىڭىزغىمۇ قارىمايدۇ. مەن ۋالتېر، — دېدىم.
دانىيەل دەرھال مۇنچا كىيىمگە يۆگىنىپ چىقىپ دەرۋازىنى ئاچتى.
— نېمانچە سەھەردە تۇرۇپ كەتتىڭىز؟
— كېچىلىك ئىسمىنىدىن قايتتۇق، — دېدى موررېس.
دانىيەل بىر ماڭا، بىر پاتىمەگە ۋە بىر موررېسقا قارايتتى. ھەقىقەتەن غەلىتە كۆرۈنەتتۇق.
— ئۆيگە مەرھەمەت.

ئەھۋالنى قىسقىچە ئۇقتۇردۇم، ئاندىن يوھانغا كىمنىڭ تېلېفون بېرىشنى تالاش ـ تارتىش قىلىشتۇق. پاتىمە رەت قىلدى. دانىيەل ئۆزى تېلېفون قىلماقچى بولدى. بىراق پاتىمە يوھاننىڭ ئۆزىنىڭ بار يېرىنى بىلىپ قېلىشىدىن قورقاتتى. ئۇ دانىيەلدىن ئۆزىنىڭ بار يېرىنى ئېيتماسلىقنى ئۆتۈنۈپ سورىدى.

ــ بۇ ئەھۋالدا ئۇنى مېنىڭ چاقىرىشىمنىڭ مۇۋاپىق بولىدىغان-لىقىدىنمۇ گۇمانلىنىمەن، ــ دېدىم مەن، ــ ھېچ بولمىغاندا پاتىمە قەتئىي بىر قارارغا كەلگىچە يوھان بىلەن سۆزلەشمىگىنىم تۈزۈك، ئۇ مەندىن خاپا. پاتىمە، سىز ئۇنىڭغا بىزنىڭ تېلېفوندا قىلىشقان سۆزلىرىمىزنى ئېيتقانمىدىڭىز؟

ــ زادى دېمىگەنتىم.

ــ لېكىن مەينەت قوللىرى ھەقىقەتە ئېيتقانلىرىمنى بىلىدىكەنغۇ.

ــ تېلېفوندا سۆزلەشكەنلىرىمىزنى لېنتىغا ئېلىۋاپتۇ.

ــ ھەممىسىنىمۇ؟

ــ ھەممىسىنى. تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن تېلېفونغا ئۇلاغلىق بىر ئۈنئالغۇنى كۆردۈم. ئۆيگە بارسام مېنى ئۇرۇشىدىن قورقتىم. كېيىن سىزنىڭ تۇتقۇچى يوق ئىشىك توغرىسىدا ئېيتقانلىرىڭىزنى ئاڭلاپ، ئۆزۈمنى ئۆيدە ھېس قىلغىنىمدىنمۇ يامان ئەھۋالدا ھېس قىلدىم ۋە پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلەندىم. يا يوھاننىڭ يېنىغا، يا ئاتا ـ ئانامنىڭ يېنىغا كېتەلمەيتتىم، يا سىزنىڭ يېنىڭىزغا بارالمايتتىم...

ئاخىرىدا يوھانغا موررېسنىڭ تېلېفون بېرىشى لايىق تېپىلدى. لېكىن ئۇ زادى جاۋاب ئالالمىدى.

شۇ ئارىدا ئەستەر يېڭى ئويغانغان بوۋىقىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇنى پاتىمە بىلەن تونۇشتۇردۇم.

ــ بۇ قىز ناھايىتى ھېرىپ كەتتى. ئۇ ئىنتايىن مۇھىم بىر قارارغا كېلىشى كېرەك، بىراق ئالدى بىلەن دەم ئالسۇن، ــ دېدىم.

ــ ئەلۋەتتە، قارشى ئالىمىز، ــ دېدى ئەستەر.

— بىرئاز دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشىڭىزنى سورايمەن، — دېدىم.

دانىيەل چۈشىنىشلىك ھالدا كۈلۈمسىرىدى. ئەستەرمۇ تەستىقلىدى.

— ئايالىڭىز قاچان كېلىدۇ، — دەپ سورىدى ئەستەر.

— كەچقۇرۇن سائەت تۆتتە. لېكىن ئايروپىلان ئۆز ۋاقتىدا كەلسە، — دېدىم.

— ماقۇل، ئەستەر بىلەن ئىككىمىز سائەت ئۈچتە سىزنى ئالغىلى مېھمانخانىغا بارىمىز. خالىسىڭىز كەچلىك تاماقنى تۆتىمىز ئايرودروم ئاشخانىسىدا يەيلى، — دېدى دانىيەل.

ماقۇل كۆردۇم ۋە موررېس بىلەن بىللە چىقىپ كەتتۇق. موررېس مېنى مېھمانخانىغا ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، ئاۋۋال ناھايىتى جىمجىت ماڭدى، كېيىن سۆز باشلاپ:

— بۈگۈندىن بۇرۇن تېلېفوندا قىلىشقان سۆزلىرىڭىزنى لېنتىغا ئالدۇرغانمىدىڭىز؟ دەپ سورىدى.

— ياق، موررېس، بۇ ئىشنى ھېچ ئويلىمىدىم.

— لېكىن يوھاننىڭ ئۆزىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ھەققىدە بىر تەنقىدكە ئېھتىياجى بولسا كېرەك، بەلكىم دېگىنىڭىز ئۇنىڭغا پايدا قىلغاندۇ.

— موررېس، ئەگەر خۇدانىڭ بەزىدە بىزنىڭ خاتالىقلىرىمىزنى ئىجابىي جەھەتكە بۇرايدىغانلىقىنى بىلمىسەم، بۇ خىزمەتتىن دەرھال ۋاز كېچىشىمگە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن ئىچىدىن قۇلۇپلانمىغان ئىشىك چۈشەنچىسى شۇنداق ئىدى. ئۇ چۈشەنچە توغرا بولسىمۇ، لېكىن پاتمە ئۈچۈن شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە خاتا ئىدى.

— شۇنداقتىمۇ خۇدا بۇنى پاتمەگە ئىشلەتتى، دېدى موررېس قايتىلاپ.

— خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى دېگىنىمىز مانا شۇ موررېس، بۇ خۇددى بىليارت ئويۇنىغا ئوخشايدۇ. شارنى خاتا تەرەپكە ئۇرساقمۇ

خۇدا ئۇنى توغرا تەرەپكە ماڭدۇرۇپ، بېرىشقا تېگىشلىك تەرەپكە، يەنى تۆشۈككە چۈشۈردى.

مېھمانخانىغا يېتىپ كەلگەن ئىدۇق. موررېس خۇددى ئافرىقىلىقلارنىڭ ئەدەب قائىدىسى بويىچە زالغىچە ماڭا ھەمراھ بولۇپ كىردى. زالدا يوھان كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ بىئارام ۋە ئۈمىدسىز كۆرۈنەتتى، لېكىن چىرايلىق كىيىنگەنىدى.

سالاملاشقىنىمىزدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدىم. ئاندىن ئويلىنىۋېلىشى ئۈچۈن بىر پەس جىم تۇردۇم. ئۇنىڭ ئۆز-ئۆزى بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاخىرىدا:

— سىزگە بىرلا نەرسىنى ئېيتماقچىمەن. پاتىمە قانداق قىلسا ئۆز ئىختىيارى، مېنىڭ يېنىمدا قالسىمۇ بولىدۇ، قايتىپ كەتسىمۇ بولىدۇ، — دېدى.

— رەھمەت سىزگە يوھان. بۇ سۆزىڭىزگە قوشۇلىمەن.

ئۇنىڭغا پاتىمەنىڭ قارارىنى يەتكۈزۈشكە ۋەدە قىلدىم. ئۇ قايتىشىدا سوغۇق مۇئامىلە قىلسىمۇ، ھەر ھالدا تىنچ كەتتى.

ئۇ مېھمانخانىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا، كەينىدىن قاراپ تۇرۇپ ئىختىيارسىز بىئاراملىق ھېس قىلدىم. بۇنى قانداق ھايات دېيىشكە بولىدۇ؟ بەلكىم ئۇ ياۋروپادا بىرەر دەرت تارتقان بولسا كېرەك. بەلكىم باشلىقى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغان ياكى پۈتۈشۈپ قويغان تويى بۇزۇلۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، ياكى بولمىسا نىكاھتىن بۇرۇن بالا تېپىپ قويغان ۋە ياكى ئائىلى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن، ياكى ئاجراشمىغان بولسىمۇ، يىراقتا كەتسەم مەسىلە بىر تەرەپ بولار، دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن، بىراق يۇرتىدىن ئايرىلىشى ھېچقانداق مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ.

تېخىچە چوڭقۇر خىيال ئىچىدە موررېسقا قارىدىم ۋە ئۇنىڭ قىلغان ياردىمى ئۈچۈن قايتا-قايتا رەھمەت ئېيتتىم. بىر-بىرىمىزگە خەيرلىك كېچە، يەنى خەيرلىك سەھەر تىلىدۇق.

ياتىقىمنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىۋېتىپ باش ئاپپارات خادىمىغا

ئۇخلىۋېلىشىم ئۈچۈن چۈشكىچە ھەرقانداق تېلېفوننى ئۇلاپ بەرمەسلىكى ۋە ئىزدەپ كەلگۈچىلەرنىمۇ كىرگۈزمەسلىكىنى تاپىلىدىم ھەمدە:
— لېكىن ئۇلارغا سىلىق مۇئامىلە قىلىپ، مېنىڭ سەھەر سائەت ئۈچتە تۇرۇپ كەتكەنلىكىمنى ئۇقتۇرۇپ قويۇڭ. مېنى ئىزدىگۈچىلەرنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ھەل قىلىدىغان مەسىلىلىرى بار، شۇڭا ئۇلارغا ئىنتايىن ياخشى مۇئامىلىدە بولىسىڭىز، — دېدىم.
— سىز نېمە ئىش قىلىسىز ئەپەندىم؟
— كىشىلەرنىڭ مەسىلىلىرىگە قارىتا ياردەم بېرىشكە تىرىشىمەن.
باش ئاپپارات خادىمى يەنە بىر نېمىلەرنى دېمەكچى بولغانلىقىنى سەزدىم، بىراق باشقا خادىملار دىققەت بىلەن ئاڭلىشىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ تەلىپىمنى ئورۇنداشقا ۋەدە بېرىپ، ئورنىغا قايتىپ ئولتۇردى.
ياتىقىمغا چىقىپ، ياتار-ياتمايلا ئۇيقىغا كەتتىم.

# 8

تېلېفون ئاۋازى بىلەن ئويغىنىپ كەتكىنىمدە دەل چۈش بولغانىدى.
— سىزنى ئويغىتىۋەتكەنلىكىم ئۈچۈن ئەپۇ سورايمەن. سىزگە بىر تېلېفون بار ئىدى،-دېدى باش ئاپپاراتچى خادىم.
— بولىدۇ، مېنى ئىزدىگۈچىلەر كۆپ بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدىم.
— ھەئە، بولدى، تىموتىي، مەريەم ئىسىملىك ئەر-ئايال سائەت ئوندىن بۇيان سىزنى زالدا كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ. سىز بىلەن سۆزلەشمەكچى ئىكەن.
— تامىقىمنى يەۋالغىچە كۈتۈپ تۇرۇشنى ئېيتىپ قويارسىز. ئاندىن ئۇلارنى قوبۇل قىلىمەن.
— خوپ، يەنە بىر ئىش، مەنمۇ سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدىم، بولارمۇ؟
— بولمامدىغان، بۇ يەرگە چىقسىڭىز قانداق؟
— مېھمانخانا خىزمەتچىلىرىنىڭ مېھمانلارنىڭ ياتىقىغا كىرىشى مەنئى قىلىنغان. تېلېفوندا سۆزلىشىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.
— ئىشىڭىز قاچان ئاياغلىشىدۇ؟
— كەچ سائەت 11 دە.
— ناھايىتى ياخشى. بۇ كېچە ئۆيگە قايتىشتىن ئىلگىرى مېنى ئىزدىيەلەمسىز؟
— ھەئە، رەھمەت سىزگە.
كېيىن تېلېفوننى ئۇلاپ بەردى. تېلېفون بەرگەن ئەستەر ئىدى. ئۇ

پاتىمەنىڭ دەم ئالغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن خېلى ئۇزۇن سۆزلەشكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. پاتىمە تېخى قانداق قىلىش ھەققىدە بىر قارارغا كەلمىگەن ۋە نېمە قىلىشنى بىلمەي قىينالماقتا ئىكەن.

ــ ئۇنىڭغا ھازىرچە بىزنىڭكىدە تۇرۇشنى ئېيتتىم.

ــ ياخشى بوپتۇ، ئەستەر، سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن. ئەگەر ئۇ يەنە بىر كۈن كۈتەلىسە، ھەل قىلىش چارىسى تېپىلاتتى. دەرۋەقە، سىلەرنىڭكىدە تۇرۇشى كۆڭۈلدىكىدەك بىر ھەل قىلىش چارىسى ئەمەس. بۇ پاتىمەنىڭ ئەڭ مۇھىم ئېھتىياجىنى ھەل قىلالمايدۇ. ئافرىقىدىكى «جەمەتلىك ئائىلە» ھەققىدە خېلى كۆپ نەرسىلەرنى ئوقۇغان بولساممۇ، لېكىن مەن تېخى چۈشەنمەي كېلىۋاتقان بىر نەرسە بار. بۇنداق بىر جىددىي ئەھۋالغا يولۇققاندا، ياردەم قىلىدىغان ئىنسانمۇ يوقتەك كۆرۈنىدۇ.

ــ جەمەتلىك ئائىلە شەھەرلەردە ئانچە كۆرۈلمەيدۇ، لېكىن يېزىلاردا ھېلىمۇ بار.

ــ بىراق پاتىمە نىكاھ مۇراسىمىغا ئۈچ-تۆت يۈز كىشى چاقىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ــ كىشىلەرنى نىكاھ مۇراسىمىغا چاقىرىش بىلەن ياردەمگە چاقىرىش ئارىسىدا پەرق بار.

ــ راست، لېكىن پاتىمە ئۇلارنى دوستلار دېدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرەرمۇ ھەقىقىي دوستى بولماسمۇ؟ چۈشىنەلمەيدىغان يېرىم مانا شۇ.

ــ پاتىمە بىلەن بۇ مەسىلە ئۈستىدە سۆزلىششكە تىرىشىمەن. بۇ شەھەرنى ناھايىتى ياخشى بىلىمەن. بۇ ئۇنداق ئاسان ھەل بولىدىغان مەسىلە ئەمەس، لېكىن پاتىمەنىڭ بىزنىڭكىدە تۇرۇشى ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئېھتىياجىنى ھەل قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيت. قىنىڭىزدا نېمىنى كۆزدە تۇتتىڭىز؟ ئەڭ مۇھىم ئېھتىياج دېگىنىڭىز نېمىگە قارىتىلغان؟ دېمەكچى بولغىنىڭىز ئەر-خوتۇنچىلىقمۇ؟

— ياق، ئۇ شەرت بولالمايدۇ.

— ئۇنداقتا جىنسىيەت دېمەكچىمۇسىز؟ جىنسىي مۇناسىۋەت بولماي ياشىيالمايدىغان ئەھۋالغا كەپتىمۇ؟

— ئۇنداق ئەمەستۇ. ئۇ جىنسىيەت مەسىلىسىدە قارا باسقان ۋە ئۇنىڭدىن بەزگەن بىر قىز.

-خوپ، ئۇنداقتا ئۇ يەنە نېمە ئىزدەيدۇ؟

— بىر ماكان.

— لېكىن ئۇنىڭغا ئۆيىمىزدىن ئورۇن بەردىمغۇ، — دېدى ئەستەر.

ئائىلىلىك كىشىلەرنىڭ ئائىلىلىك بولمىغانلارنىڭ مەسىلىلىرىنى چۈشىنىشى ناھايىتى تەس، دەپ ئويلىدىم.

— ئەستەر، سىزنىڭ مېھماندوستلۇقىڭىز ناھايىتى ياخشى. ئەمما پاتمە ئۈچۈن تىلەيدىغىنىم، ئەڭ ياخشىسى ھەل قىلىش چارىسى تېپىش. ماكان دېگەندە، دېمەكچى بولغىنىم ياتاق ئەمەس. ئۇنىڭغا ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان، ئۆز ماكانى بولغان، ئىشىكىنىڭ ئۈستىگە ئۆز نامى يېزىلغان، ئۆز ئۆي سايمانلىرى بىلەن بېزەلگەن بىر ئۆي، يەنى ئۆزىنى راھەت ھېس قىلالايدىغان ۋە باشقىلارغا ئىشىكىنى ئاچالايدىغان بىر ئورۇن كېرەك. ئۇ ئۆمۈر بويى بۇنداق ماكانغا ئىنتىزار بولسا كېرەك، لېكىن زادى تاپالماپتۇ. ھازىر ماكان ئەمەس پەقەت بىر ياتاق تاپتى. ماكانسىزلىق جېنىدىن تۇيۇشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرى.

ئەستەر بىر ھازا ئويلىنىپ ئاندىن شۇنداق دېدى:

— خوپ، مانا بۇلارنىڭ ئىچىدە خۇدانىڭ رولى قانداق؟ پاتمەنىڭ ئەڭ زور ئېھتىياجى خۇدا ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەمسىز؟

— شۇنداق، ئەستەر مەن چۈشىنىمەن.

— لېكىن سىز ئەڭ مۇھىم ئېھتىياج بىر ماكان دەۋاتىسىز.

— دەل شۇنداق. ماكان تاپقان كىشى خۇدانىمۇ تاپىدۇ. خۇدانى تاپقان كىشى ئائىلىلىك بولسۇن-بولمىسۇن بىر ماكان تاپقان بولىدۇ.

— بۇنى يەنە بىر ئويلاپ كۆرەي. ئەر-خوتۇنچىلىقتا يول

كۆرسەتكۈچىگە ئېھتىياج بولغاندەك، يالغۇز ياشاشتىمۇ يول كۆرسەتكۈچىگە ئېھتىياجىمىز بار دەپ قارايمەن، ــ دېدى ئەستەر.

ــ شۇنداق، پۈتۈن قەلبىم بىلەن قوشۇلىمەن. پاتىمە ھازىر نېمە قىلىۋاتىدۇ؟

ــ بىر نېمىلەرنى يېزىۋاتىدۇ. نېمە يېزىۋاتقانلىقىنى بىلمەيمەن. سورىمىدىم.

ــ ياخشى.

ــ ھە راست، قايتا يوھاننىڭ يېنىغا كەتمەكچى بولسا قانداق قىلىمىز؟

ــ قويىۋېتىڭ، كېتىۋەرسۇن.

ــ ئۇنداقتا، ئۇ، ئۆي بىساتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن مېنىڭمۇ ئۆزى بىلەن بىللە بېرىشىمنى تەلەپ قىلسىچۇ؟

ــ ئۇ چاغدا بىللە بارسىڭىز بولىدۇ.

ــ لېكىن مەن...

ــ ئۇنداق بولغاندا يوھان بىلەن سۆزلىشىسىز. ئۇنىڭمۇ ياردەمگە ئېھتىياجى بار. ئۇنىڭغا ياردەمنى سىز بېرەلەيسىز. بۇ جەھەتتە ماڭا ئەپسىز. ئۇنىڭ كۆزىگە مەن بەك كۆرۈنۈپ قالدىم.

ــ لېكىن ۋالتېر، ھازىرغىچە بۇنداق ئىشنى قىلىپ باقمىغانىدىم. ھېچ تەجرىبەم يوق.

ــ ئاياللىق سەزگۈگىزنى ئىشلەتسىڭىز كۇپايە قىلىدۇ. بۇ ھەقتە كۆپ تەجرىبىڭىز بولغان تەقدىردىمۇ، بۇنداق سەزگۈ بولماي بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. مەسلىھەتچىلىك بىر بىلىم ئەمەس، بەلكى بىر سەنئەت.

ــ لېكىن مەن بۇ مەسىلىدە نۆلگە تەڭ.

ــ مەنمۇ شۇنداق. ھەر ئىككىلىمىز نۆلگە تەڭ ئىكەنمىز، ئەستەر. تۈنۈگۈن كېچىدىن كېيىن ھېچكىم بۇنى مەندىن ياخشى بىلمەيدۇ. ئۇنداق چاغلاردا خۇدا بىز ئارقىلىق ئىش قىلىدۇ. نۆلنىڭ ئالدىدىكى سان ئۇ. مۇھىمى ئۇ.

— رەھمەت سىزگە، «نۆل» ئاكا.

— مەن سىزگە رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك، «نۆل» سىڭلىم. يوھانلارنىڭكىگە بارسىڭىز خۇداغا ئامانەت.

ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا تۇرۇپكىنى قويۇۋەتتىم.

چۈشلۈك تاماقنى ھاپىلا-شاپىلا يەپ بولۇشۇمغا مەريەم بىلەن تىموتىي ياتىقىمغا كىرىپ كەلدى. بۇلارنىڭ تۇرقىغا قارىغاندا بىر ئۆزگىرىش بار ئىدى. ئۆزلىرىدىن خېلى خاتىرجەمدەك كۆرۈنەتتى. كىرىسلوغا ئولتۇرغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن تىموتىي سۆز ئاچتى. مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى چۈشىنىشلىك ئىدى.

— سۆزلەشتۇق، — دېدى تىموتىي.

— قەيەردە؟

— ئاكاملارنىڭ ئۆيىدە.

— دېمەك، قانداق بولمىسۇن ھەم سۆزلىشىدىغان يېرىڭلار بار ئىكەن.

— شۇنداق، بار، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىز سۆزلەشتۇق ۋە خۇلاسىغا كەلدۇق. تۈنۈگۈن مەريەم مۇناسىۋىتىمىزگە جىنسىيەت ئىشىكىدىن كىردۇق دېگىنىدە، پۈتۈنلەي راست گەپ قىلمىدى، دېگەن. ئەمەلىيەت شۇكى، بىز مۇناسىۋىتىمىزگە مۇھەببەت دەرۋازىسىدىنمۇ كىردۇق. يەنى مۇھەببەت بىلەن جىنسىيەت ئىشىكلىرى ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈردۇق. مېنىڭچە مۇناسىۋىتىمىزنىڭ بېشىدا ھەقىقىي مۇھەببەت بار ئىدى. شۇ سەۋەبتىن مۇھەببەت دەرۋازىسىدىن كىردۇق دەيمەن. لېكىن كىرگەندىن كېيىن جىنسىيەت دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭدۇق، مۇھەببىتىمىزنى ئۇنتۇدۇق. بىر تەن بولدۇق، لېكىن دېگەندەك ئەمەس. تەنلىرىمىزدە ئورتاقلاشتۇق، لېكىن ئوي-پىكىرلىرىمىزدە ئورتاقلىق بولمىدى. بۇنى چۈشىنە-چۈشەنمەي يېڭىدىن مۇھەببەتكە قايتماقچى بولدۇق، لېكىن بۇ قېتىم دەرۋازىنى تاپالمىدۇق.

— ئاخىرىدا «ياق» دەپ رەت قىلىشتىن قورقۇپ كەتتىم، — دېدى

مەريەم، ــ مۇھەببەتتە «ياق» دېگەن ئىبارە يوق، دەپ ئويلايتتىم ۋە قىزىرىشتىن نومۇس قىلاتتىم.
ــ قىزىرالايسىز، ــ دەپ سۆزىنى بۆلدۇم ئۇنىڭ، ــ تۇنۇگۈن بىز بۇ ئەھۋال ھەققىدە سۆزلەشكىنىمىزدە قىزىرىپ كېتىپسىزغۇ.
تىموتىي ئاۋازىدا يېڭى بىر ئىشەنچ بەرگۈچى تەلەپپۇز بىلەن:
ــ ئەمدى «ياق» لىرىغا ۋە قىزىرىشلىرىغا ھۆرمەت كۆرسىتىمەن، ــ دېدى.
ــ ناھايىتى ياخشى، ــ دېدىم، ــ بۇ بولسا دېئاگنوز، ئەمدى قانداق داۋالاش كېرەك؟
ــ ئىككى سوئالىمىز بار، ــ دەپ جاۋاب بەردى تىموتىي. ئۇنىڭ قىلىدىغان سۆزىنى تەپسىلىي تەييارلىغانلىقى يەنە بىر قېتىم مەلۇم بولدى. ــ بىرىنچى سوئال: ياش پەرقىمىز، بىلىم سەۋىيىمىز ۋە مىجەز-خاراكتېر جەھەتتىكى پەرقلىرىمىزنىڭ ئەر-خوتۇنچىلىقىمىزنى قانداقلا بولمىسۇن مۇۋەپپەقىيەتسىز قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەمسىز؟
ــ بۇ ھەقتە بىر نېمە دېيەلمەيمەن. ھەر ھالدا مۇۋەپپەقىيەتسىز بولىدۇ، دېگەن بىر گەپ يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەر-خوتۇنچىلىقىڭلار مۇۋەپپەقىيەتلىك داۋاملاشسا، بۇ خۇدانىڭ كۈچىگە ھەققىي بىر شاھىتلىق بولىدۇ.
ــ قانداق دەيسىز؟ ــ دەپ سورىدى تىموتىي.
ــ ھەممە كىشى سىلەرنىڭ ئەر-خوتۇنچىلىقىڭلارنىڭ ئايالىنى زوراۋانلىق بىلەن باشقۇرىدىغان ۋە ئۇنى پەقەت بالا تۇغۇپ بېرىدىغان بىر قورال دەپ قارايدىغان «ئېتىز تەسەۋۋۇرى» دىكى ئەر-خوتۇنچىلىق ئەمەسلىكىنى كۆرىدۇ. مەريەم ھېچقاچان ئېتىزنىڭ رولىنى ئوينىمايدۇ. ئۇ يا بىر ھەمراھ سۈپىتىدە نىكاھلىنىدۇ، ياكى زادى نىكاھلانمايدۇ. ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەر بۇنى ھېس قىلالايدۇ. «گۇۋاھلىق» ئىبارىسى بىلەن چۈشەندۈرمەكچى بولغىنىم مانا شۇ.
ــ لېكىن، ... ــ دېدى تىموتىي.
ــ لېكىن نېمە بولدى؟

ــ ھەر ھالدا ئەر-خوتۇنچىلىقىمىزنىڭ بۇزۇلىدىغانلىقىنى ئويلىمايدىغانلىقىڭىزنى، ھەممە ئەگەر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشسە بۇنىڭ ھەقىقىي بىر «گۇۋاھلىق» بولىدىغانلىقىنى ئېيتتىڭىز. دېمەك، بىر «لېكىن» بولۇشى كېرەك.

ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتىم.

ــ توغرا، ئەگەر مەريەم ئۆزىنى سىزدىن چوڭ تۇتسا ۋە ئەگەر سىز مەريەمنىڭ بەزى جەھەتلەردە ئالدىڭىزدا تۇرىدىغانلىقىنى كەمتەرلىك بىلەن ئېتىراپ قىلمىسىڭىز، ئەر-خوتۇنچىلىقىڭلار خەتەرلىك ئەھۋالدا قالىدۇ. مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھېچ بولمىغاندا ئالاھىدە بىر تىرىشچانلىق بولۇشى كېرەك.

مەريەم تىموتىينىڭ قولىنى تۇتقاندا تىموتىي قايغۇ بىلەن سورىدى:

ــ سىزچە ئۈمىد بارمۇ يوق؟

ــ خەتەرنى بىلىش ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىش بىلەن ھازىردىن باشلاپ يېرىم ئۇستۈنلۈككە ئىگە بولغان ھېسابلىنىسىز. لېكىن ئالاھىدە بىر ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ئالاھىدە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

ــ لېكىن بىز ئاددىي كىشىلەرمىز. ئالاھىدە دېگەندەك تەرىپىمىز يوق.

ــ سىز ئالاھىدە بولمىسىڭىزمۇ، بەلكىم خۇدا سىزدە ئالاھىدە بىر ئىش قىلىشنى خالايدىغاندۇ.

ــ خۇداغا ئېتىقادى بولغان كىشىلەر سۈپىتىدە بۇنىڭغا جۈرئەت قىلالايدىغانلىقىمىزنى ئېيتماقچىمۇسىز؟ ــ دەپ سۆز قىستۇردى مەريەم.

ــ خۇدا بىلەن بىللە ئۆتكۈزىدىغان ھاياتنىڭ خۇسۇسىيىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش-بولماسلىقىڭلارنى بەلگىلەيدۇ.

ئۇلار گەپ-سۆز قىلمىدى.

ــ ئەمدى ئىككىنچى سوئالىمىزغا كېلەيلى، ــ سۆھبەتنى

باشقۇرغان يەنە تىموتىي ئىدى، ـــ ھەممىنى يېڭىباشتىن باشلىشىمىز مۇمكىنمۇ؟
ـــ بۇنىڭ بىلەن نېمە دېمەكچى سىز؟
ـــ خۇددى ئۈچ بۇلۇڭغا زادى كىرمىگەندەك باشتىن باشلاش، ئاستا-ئاستا مۇھەببەت دەرۋازىسىغا يېقىنلىشىش ۋە كېيىن ھېچبىر قەدەم تاشلىماي ھەر ئىككى تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەش.
مەريەم ئۆزىگە خاس ئوچۇق ۋە ئۇدۇل سۆزلەش خاراكتېرى بىلەن قوشۇمچە قىلدى:
ـــ دېمەكچىمىزكى، ناھايىتى چوڭقۇرلاپ كەتكەن بولساقمۇ، ھازىردىن باشلاپ ئىكاھلىق بولغىچە ئۆزىمىزنى جىنسىيەتتىن تۇتۇۋالالامدۇق؟
ـــ بۇ ئىشنى باشلاپ بولغان ئىكەنسىلەر، ھېسسىيات قوزغايدىغان تەسىرلەر تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. بۇ سىلەر ئۈچۈن ئاسانغا چۈشمەيدۇ، لېكىن مۇمكىن بولمايدۇ، دېيمۇ قارىمايمەن. بۇنى ئادەم كۈچى بىلەن پەقەت قىلغىلى بولمايدۇ، بۇنىڭغا خۇدادىن كەلگەن ئۆزىگە خاس پەزىلەت، يەنى پەۋقۇلئاددە كۈچ كېرەك. بىراق مەن باشقىلارنىڭ بۇنى قىلغانلىقىنى كۆردۈم.
ـــ خوپ، نەتىجىسى قانداق؟
ـــ ئومۇمەن بۇ ئەھۋال ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى چوڭقۇرلاش-تۇردى. جىنسىيەتنى تاشلىغىنىدا بىر-بىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇيدىغان بولدى ۋە بىر-بىرىگە ياردەم بېرىشتى.
ـــ بىز بىر-بىرىمىزگە قانداق ياردەم بېرىشىمىز كېرەك؟ ـــ دەپ سورىدى مەريەم ئۇنى بىلىۋالماقچى بولۇپ.
ـــ خەتەرلىك ئەھۋاللاردىن ئۆزلىگىلارنى تارتىڭلار. مەسىلەن، كېچىدە ماشىنا بىلەن سەيلىگە چىقىشنى توختىتىڭلار. بىر-بىرىڭلار بىلەن ئوچۇق-ئاشكارا سۆزلىشىڭلار. ئەگەر بىر ئىش يامان بولسا، ئۇنى ياخشى دەپ كۆرسەتمەڭلار.
ـــ بۇ ئەھۋال بىزنى يىرىكلىككە ئېلىپ بارماسمۇ؟

— ئەلۋەتتە ئېلىپ باردۇ. ئۇنداق بولسا مەيلى. ھازىر نۇرغۇن مەسىلىلەر كىشىلەرنىڭ قىيىنچىلىقتىن، يىرىكلىشىشتىن ۋە مۇشكۇللۇكلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشىدىن ئوتتۇرىغا چىقماقتا. لېكىن مەن قارشىلىق كۆچىنىڭ ئىجابىي ئىش ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. ئۇ تەرەققىي قىلىش ۋە يېتىلىش جەريانىغا باغلىق. كۆنلەرنىڭ بىرىدە قارشىلىق كۆچىگە بەرداشلىق بېرىشنى ئۆگىنىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ ۋە بۇنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتىمۇ ئائىلىلىك بولۇشنىڭ ئالدىدىدۇر.

— بۇ قارشىلىق كۆچى ئەر-خوتۇنچىلىق مۇناسىۋەتتى جەريانىدىمۇ داۋاملىشامدۇ؟

— شۇنداق، ئائىلىلىك بولۇشتىن ئىلگىرى بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىشنى ئۆگەنمىگەنلەر ئەر-خوتۇنچىلىق جەريانىدا زور قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايدۇ. قارشىلىق كۆچى ئۈچ بۇلۇڭنىڭ ئۈچىلا بۇلۇڭىدا، يەنى جىنسىيەت بىلەن مۇھەببەت، مۇھەببەت بىلەن نىكاھ ۋە نىكاھ بىلەن جىنسىيەت ئارىسىدا مەۋجۇتتۇر. خۇددى بىر چېدىردا بولغىنىدەك، تۆۋرۈكلەر ئارىسىدىكى تانىلار چىڭ تارتىلغان ۋاقىتتا ئۇ سۇ ئۆتكۈزمەسلىك خۇسۇسىيىتىنى ساقلايدۇ. قارشىلىق كۆچى يوقالغاندا چېدىر پەسكە ساڭگىلاپ قالىدۇ.

تىموتىي بىلەن مەريەم باشقا بىر نەرسە دېمىدى، ئۇلار «خوش ئەمىسە» دەپ قول تۇتۇشۇپ چىقىپ كېتىشتى.

دانىيەل مېنى ئايرودرومغا ئېلىپ بارغىلى كەلگەنىدى. بىز مېھمانخانىدىن چىقىپ كېتىۋاتقىنىمىزدا باش ئاپپارات خادىمى بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا كۆزلىرى بىلەن سالام بەردى. مەنمۇ بېشىمنى ئېگىپ سالام قايتۇردۇم. بىردىنلا ئىنگىرىد ئۈچۈن ياتاق تىزىملاتمىغانلىقىمنى ئەسلىدىم. مۇلازىمەت خادىمىغا ئىككى كارۋاتلىق بىر ياتاققا كۆچۈشۈم كېرەكلىكىنى ئېيتتىم. لېكىن ئۇ شەنبە كۈنى بولغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈن ياتاقلارنىڭ بوش ئەمەسلىكىنى ئېيتتى.

— تۆنۈگۈن ياكى بۈگۈن ئەتىگەن ئېيتىپ قويغان بولسىڭىز بىر گەپ بولاتتى، — دېدى مۇلازىمەتچى خادىم.

— راستىنى ئېيتسام ناھايىتى خىجالەتمەن، دانىيەل، پۈتۈن بىر ھەپتە ئەر-خوتۇنچىلىق ۋە ئەر-خوتۇنلار ئۆزئارا ئورتاقلىشىش ھەققىدە سۆزلەپ شۇنچىلىك ئالدىراش بولدۇمكى، ئايالىم بىلەن بىللە بولىدىغان بىر ياتاق تىزىملىتىپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇپتىمەن.

مۇلازىمەت خادىمى ياتىقىمنىڭ ئۇدۇلىدىن بىر كارۋاتلىق بىر ياتاق بېرىشنى ۋەدە قىلدى. شۇنداق قىلىشقا كېلىشىپ قويدۇق.

— كىشىلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئايالىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى ياخشى بولمىسا كېرەك، دەپ قېلىشى مۇمكىن، — دېدىم.

دانىيەل كۆڭلۈمنى خاتىرجەم قىلىپ قويدى.

— قانداقلا بولمىسۇن، ئەمدى تەلىم ئېلىشقا كەلگەنلەر بىلەن ئايرىم سۆزلىشەلەيدىغان بوپسىز. بۈگۈن ئەستەر پاتىمە بىلەن سۆزلەشكىنىدە، ئايرىم سارىيىمىزنىڭ بولغىنى ياخشى بولدى، — دېدى ئۇ.

ئەستەر بىزنى ماشىنىدا كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭدىن پاتىمە بىلەن سۆزلەشكەندە ۋە چۈشتىكى تېلېفوندا ئۇزۇن سۆزلەشكىنىمىزدە باللارغا كىم قاراپ تۇرغانلىقىنى سورىدىم.

— ئېرىم، — دېدى ئۇ ماختىنىپ.

دانىيەل قاتتىق بىر ئوھ تارتىپ قويدى.

— نېمە بولدىڭىز دانىيەل؟ — دەپ سورىدىم.

— قانداق بولغىنى. ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋەرسە خەقلەر ئالدىدا قانداق باش كۆتۈرۈپ يۈرەرمەن؟ — دەپ چاقچاق قىلدى ئۇ. ئاندىن ئاۋازىنى ئۆزگەرتىپ، — چاقچاق ئەمەس، ئەستەر خىزمىتىمگە ياردەم قىلغىلى باشلىغاندىن بۇيان باشقىچىلا بىر ئادەم بولۇپ قالدى. يېڭى بىر ئايالىم بار دېسەممۇ بولىدۇ، — دېدى.

— ھازىر باللارغا كىم قاراپ قالدى؟ — دەپ سورىدىم.

ـــ پاتىمە. سىلەر بىلەن بىللە ئايرودرومغا چىقىشىم ئۈچۈن بالىلارغا ئۆزىنىڭ قاراپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئايرودرومغا كېتىۋاتقىنىمىزدا، دانىيەل مېھمانخانىدىكى باش ئاپپارات خادىمىغا مەسلىھەتچىگە ئائىت تەلىم بەرگەن ـ بەرمىگەنلىكىمنى سوراپ:

ـــ سىزگە ئەتىگەن سائەت توققۇزدىن سەل ئۆتكەندە تېلېفون قىلسام، باش ئاپپارات خادىمى سىلىق ئاۋاز بىلەن: «يۈكىڭىزنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، لېكىن ئۈمىدىڭىزنى ئۈزمەڭ، دوكتۇر ھازىر ئۇخلاۋاتىدۇ، ئۇنى چۈشتىن ئاۋۋال ئويغاتماسلىقىم كېرەك. چۈشتىن كېيىن تېلېفون قىلسىڭىز سىزگە ياردەمدە بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن» ـــ دېدى، دېدى.

بۇ سۆزلەرگە ئۈچىلىمىز تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتۇق.


ـــ ئۇنىڭغا پەقەت سىلىق بولۇشنىلا ئېيتقانىدىم، ـــ دېدىم، ـــ لېكىن بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ سۆزلىشىدىغانلىقىڭىز كىمنىڭ ئەقلىگە كەلسۇن؟ بۈگۈن مېنى ئىزدىگەنلەر ناھايىتى كۆپ، بۇ شەھەردە تېلېفون ئارقىلىق مەسلىھەت بېرىش ئورنى قۇرۇشنى نېمىشقا ھېچكىم ئويلىمىغانلىقىنى چۈشەنمەيمەن.

شۇ ئارىدا ئايرودرومغا يېتىپ كەلدۇق ۋە ئىنگرىد كېلىدىغان ئايروپىلاننىڭ يېرىم سائەت كېچىكىپ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. كۈتۈپ تۇرغىنىمىزدا دانىيەل بىلەن ئەستەر ئالدىنقى لېكسىيەمگە مۇناسىۋەتلىك بىر تەنقىد بەردى.

ـــ تۈنۈگۈن ئاخشام ئەگرى سىزىقلىق ئۈچ بۇلۇڭ ۋە ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان «مۇناسىۋەتتىكى بوشلۇق» ھەققىدە مۇنازىرىلەشتۇق، ـــ دېدى دانىيەل، ـــ لېكىن بۇ چۈشەنچىگە ماس كەلمەيدىغان نۇرغۇن جورىلارنى بىلىمىز. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى باشقىچىرەك. ئۇلار تونۇشقىلى ئۇزۇن بولغان. مۇھەببىتىدىن خاتىرجەم، نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقان، مۇھەببەتلىرىنى ئىزھار قىلغان ۋە ئۆزئارا جاۋابكارلىق تۇيغۇسىنى قەدەممۇـقەدەم يېتىلدۈرگەن. بىراق بەزى سىرتقى شەرت ـ شارائىتلار سەۋەبىدىن تېخى ئائىلە

قۇرالمىغان. بەلكىم ئولتۇرىدىغان ئۆيى يوقتۇ، ياكى ھەر ئىككىلىسى تېخى ئوقۇۋاتقاندۇ. بۇ ئەھۋالدا بىر بوشلۇق بارلىققا كەلگەن دېيىشكىمىز مۇمكىن، لېكىن مېنىڭچە ئۇلارنى نىكاھتىن ۋە جىسمانىي بىرلىشىشتىن توسۇپ تۇرىدىغان ناھايىتى كىچىك بىر يېتەرسىزلىك بار. ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرى مانا بۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

دانىيەل كاستۇمىنىڭ يانچۇقىدىن بىر پارچە قەغەز ئالدى ۋە ئۇنىڭغا پەقەت ئاخىرقى سىزىقى بىرئاز ئەگرى بولغان پاراللېل سىزىقلار بىلەن تولغان بىر ئۈچ بۇلۇڭ سىزدى:




ئاندىن دانىيەل بۇنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— بۇ جورىلار: «ئەر-خوتۇنچىلىقنى نىكاھتىن بۇرۇن باشلىغىنىمىز بىزنىڭ ئەيىبىمىز ئەمەس، سىرتقى ئامىللار بىزنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇنىڭ ئەڭ ياخشى ھەل قىلىش چارىسى يوقتەك كۆرۈندى. بىز بۇنى تەبىئىي ئارزۇلىرىمىزنى قاندۇرۇش، يىرىكلىك ھەم خاپىلىق پەيدا قىلىش ۋە بۇنىڭ بىلەن بىر-بىرىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ياخشى بىر چارە، دەپ ھېسابلىدۇق» دەيدۇ. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا ۋالتېر، ئەھۋال راست شۇنداق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

— بۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى قىيىن ۋە مۇنازىرە تەلەپ قىلىدىغان بىر ئەھۋال، — دېدىم جاۋابەن، — باشقىلارنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلەيدىغان ھەققى يوق.

— بەزى كىشىلەر ئائىلىلىك بولۇشتىن ئىلگىرى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ئەر-خوتۇنچىلىقنى تېخىمۇ بەختلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىمىغانمۇ؟ — دەپ سورىدى ئەستەر.

ــ مەن ھازىرغىچە «جىنسىيەتنى نىكاھتىن ئىلگىرى سىناپ كۆرمىگەن بولساق، تۇرمۇشىمىز بۇزۇلغان بولاتتى» دېگەن ھېچبىر جورنى ئۇچراتمىدىم. ئائىلىلىك بولۇشتىن ئىلگىرىكى جىنسىيەت مۇناسىۋىتى ئەر-خوتۇنچىلىقلىرىغا ھېچبىر زىيان يەتكۈزمىگەن-لىكىنى ئېيتقان بەزى جورىلارنى بىلىمەن. لېكىن ئەڭ «ئۆلۈملۈك» سەۋەبلەر بىلەن ئەر-خوتۇنچىلىقلىرىنى نىكاھتىن ئىلگىرى باشلىغان نۇرغۇن جورىلارنىڭ ھازىر پۇشايمان قىلىۋاتقان-لىقىنىمۇ بىلىمەن.

ــ «بىر قىزنى سۆيدۈم» ناملىق كىتابىڭىزنى ئوقۇدۇق. ئۇنىڭدىكى فرانسىۋا بىلەن سىبىل بۇنىڭ ئىچىدىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى دانىيەل.

ــ مېنىڭچە شۇنداق. ھەر ئىككىلىسى فرانسىۋا تاپشۇرالمايدىغان زور مىقداردىكى سۈت ھەققىنىڭ نىكاھتىن ئىلگىرى بىر ئورۇندا يېتىشقا باھانە بولىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. بۈگۈنكى كۈندە بەلكىم توختاپ تۇرساق بوپتىكەن، دەپ ئويلاۋاتقاندۇ، دەپ قارايمەن.

ــ ئۇنداقتا بۇنداق جورىلارغا قانداق تەلىم بېرىسىز؟

ــ ئالدى بىلەن مەن ئۇلارنىڭ توي قىلالماسلىقىدىكى پۈتۈن سەۋەبلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرىمەن. بەزىدە ھەقىقىي سەۋەب قۇرۇق ئابرۇيغا بېرىلىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۇلار ئائىلە تۇرمۇشلىرىنى پەقەت بىر ئۆستەل ۋە بىر كارۋات بىلەن باشلىيالمايدىغان دەرىجىدە كىبىرلىك قىلىدۇ. ئائىلە تۇرمۇشىنى ئاددىلىقتىن باشلىغىلى نېمىشقا بولمىسۇن؟ بەلكىم مۇنداق ئەھۋال ئۇلارغا ياخشى بولۇشى مۇمكىن. دېمەك، ئۇلار ئىشنى كىچىكتىن باشلىسا چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرالايدۇ.

ــ يەنى ئۇلارنىڭ مەش ئورنىغا بىر كىچىك ئوچاق ئىشلىتىپ، كىچىك بىر ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئېلىش بىلەن ئىش باشلىشى ھەققىدە تەشۋىق قىلىدىكەنسىز-دە.

— ئۆي ـ ئۇچاقلىق بولۇشنى يېڭى ئۆي بىساتلىرى بولمىغانلىقى بىلەن كەينىگە سۈرۈشنى «تېتىقسىزلىق» دەپ قارايمەن.

— بۇ يەردىكى مەسىلە شۇنداق، — دېدى دانىيەل، — جامائىتىمىزنىڭ كۆپىنچىسى ياۋروپالىقلاردەك كۈيئوغۇل ئۈچۈن بىر يۈرۈش كىيىم ـ كېچەك، كېلىن ئۈچۈنمۇ ئېسىل توي كىيىمى ئالالايدىغان ئەھۋالدا بولمىغانلىقتىن توي قىلمايدۇ. بەزىلىرى بولسا، ناھايىتى قىممەت بولغان ئەنئەنىۋى توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشى كېرەكلىكىنى ئويلاپ توينى كېچىكتۈرىدۇ.

— بۇ ئەھۋال مېنى توي مۇراسىمىنى ئاددىي ئۆتكۈزۈشنى كۆپ تەشۋىق قىلىشىمىز كېرەكلىكىگە ئىلھاملاندۇرىدۇ، — دېدىم، — مۇھەببەت ۋە بىر ـ بىرىگە بولغان باغلىنىش جەھەتتە بىر مەزگىل سىناشقان جورىلار ئائىلىلىرى تەرىپىدىن مۇمكىنقەدەر تېز توي قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلۈشى كېرەك.

— بۇنىڭغا مۇمكىن بولمىسىچۇ؟ — دەپ تۇرۇۋالدى دانىيەل.

— ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ دىققىتىنى مۇنداق بىر ھەقىقەتكە جەلپ قىلىش كېرەك: بىر ئورۇندا يېتىش بىلەن بىر مەسىلىنى، يەنى جىنسىي يېرىكلىك مەسىلىسىنى «ھەل قىلغان» بولسىمۇ، لېكىن يەنە نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقىنى ئۇلارغا چۈشەندۈرۈش كېرەك.

— بۇنداق جورىلار دۇچ كېلىدىغان ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەر قايسىلار؟ — دەپ سورىدى ئەستەر.

— جىنسىي مۇناسىۋەت يېنىۋېلىشقا بولمايدىغان بىر ئىش. قايتىپ چىقىدىغان ئىشىك ئۇنىڭدىن كېيىن قايتا ئېچىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەگەر جورىلارنىڭ ئۆزلىرىگە تەۋە ئورۇنلىرى بولمىسا، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ماسلىشىشى تەس بولىدۇ. پاناھلىنالماسلىق قايغۇسىدىن بىئارام بولىدىغىنى ئەردىن بەكرەك قىزدۇر. بۇ ھېسسىيات ئۇنى تولۇق بىر جىسمانىي قانائەتلىنىشتىن توسۇپ قويىدۇ.

ــ ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش چارىلىرىنىڭ قانداق رولى بار؟ ــ دەپ سورىدى ئەستەر.
ــ ئومومەن ياشلار بۇنى ئويلىمايدۇ. ئاخىرىدا جورىلار بۇ مەسىلىگە كۆڭۈلدىكىدەك بىر ھەل قىلىش چارىسى تېپىلمايدىغانلىقىنى ۋە ھەربىر چارىنىڭ ئاز-تولا قولايسىزلىقىنى چۈشىنىدۇ. توي قىلماي تۇرۇپ بىر يەردە يېتىش ئانچە كۆڭۈللۈك ئەمەس!

ئىنگرىد چۈشكەن ئايروپىلان كەلدى. يولۇچىلار ئارىسىدا ئاياللىمنى كۆردۈم. ئۇ قەددى-قامىتىنى رۇسلاپ، بىر خانىش قىياپىتىدە شوتىدىن سالماق قەدەم تاشلاپ چۈشتى. ئۇ بويىنىغا يېشىل شارپا سالغان، ئۇچىسىغا سۇس خورمارەڭ كۆينەك كىيگەنىدى. دەرۋەقە ئۇ بۇ رەڭلەرنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. ئىنگرىدنىڭ ئايروپىلان بىلەن بىنا ئارىلىقىدىكى يولدا شۈتسىيە نەسلىدىن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان رىتىملىق قەدەملەر بىلەن مېڭىشىنى كۆزەتكىنىمدە، بۇنداق بىر ئايال بىلەن توي قىلغانلىقىمدىن يەخىرلەندىم.
دانىيەل گەپ-سۆز قىلماي تۇراتتى. بىزنى كۆرۈپ قول پۇلاڭلاتقان ئىنگرىدنىڭ چىرايى خۇشال كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ بىر نەچچە كۈنىنىڭ ئالدىدا رەنجىشلەر بىلەن تولغان بىر پارچە سالام خەت يازغانلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمەي قالدى.
ئۇنىڭ قول سومكىسىغا كۆز يۈگۈرتۈپ، بۇ ياقىقا كېلىشىمدە ئەستەر بىلەن دانىيەلگە ئېلىپ كېلىشنى ئۇنتۇپ قالغان سوۋغاتلارنى ئۇنىڭ ئالغاچ كېلىشىنى ئۈمىد قىلدىم.
ئاددىي تونۇشتۇرۇشلاردىن كېيىن ئايرودرومدىكى تاماقخانىغا باردۇق. تاماقلارنى بۇيرۇتۇپ قويۇپ كۈتۈپ ئولتۇرغىنىمىزدا ئىنگرىد ئەستەرگە بىر يوپكا، دانىيەلگە گالستۇك، ئۆيگە ئاتاپ ئاۋستىرىيە تاغ مەنزىرىسى رەسىملىرى بىلەن تولغان چوڭ بىر كالېندار ۋە بالىلىرى ئۈچۈن ئويۇنچۇقلارنى بەردى.

كۆتۈلمىگەن سوۋغاتلار بىردەمدىلا ئارىمىزدىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى. بىز بىر دەمدىلا قىرىق يىللىق دوستلاردەك قىزغىن كەيپىياتقا چۆمدۇق. ئىنگرىدنىڭ بۇ ئىشىدىن كۆپ مەمنۇن بولدۇم.

ئۇلار ئىنگرىدنىڭ ئامېرىكىدا تۇغۇلغانلىقىنى ئاڭلىغىنىدا شۇ يەردىكى كىشىلەردىمۇ شۇنداق ئائىلە مەسىلىلىرىنىڭ بار-يوقلۇقىنى، ئائىلە توغرىسىدىكى ئۆچ بۇلۇڭغا ئافرىقىلىقلاردەك ئېھتىياجلىرى بار-يوقلۇقىنى بىلمەكچى بولدى. دانىيەل ئامېرىكىدا جىنسىيەت ئەركىنـلىكى ھۆكۈم سۈرگەن ئويۇنخانىلار بارلىقىنى ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتتى:

— ئەر-خوتۇنلار ئۇنداق يەرلەرگە بىللە بېرىشىدىكەن. خالىغان بىرى بىلەن ھېسسىي بىر ئالاقە بولماي تۇرۇپلا بىرلىشىدىكەن ۋە يەنە ئەر-ئايال بىرلىكتە ئۆ يەردىن قايتىشىدىكەن. لېكىن بۇ ئويۇنخانىلارنىڭ ئىگىلىرى ئەر-خوتۇنلارنىڭ ئۇزۇن مەزگىل بۇنداق ئادەتنى قىلالمايدىغانلىقىنى بايقىغان. كىشىلەرنىڭ ئىچىدە بىرەر چاتاق چىقىدىغاندەك كۆرۈنىدىكەن.

— شۇنداق، — دېدى ئىنگرىد، — ئۇلار ئۇنى «زېرىكەرلىك بىر ئاياللىق» دېگەن ئەنئەنىۋى تۈزۈمدىن قۇتۇلۇش، دەپ چۈشىنىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئومۇمەن ناھايىتى چوڭ بىر يالغۇزلۇق ۋە مەنىسىزلىك بىلەن ئاياغلىشىدۇ. شۇڭا بىز ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ ئىچىگە جىنسىيەت ۋە مۇھەببەتنى قوشۇپ، بىر ئاياللىقنىڭ ھاياجانلىنارلىق بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا كۆرسىتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. زىنادىنمۇ زېرىكىشلىك، نىكاھتىن ئاجرىشىشتىنمۇ مەنىسىز ھېچ نەرسە يوق.

ئەستەر ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— تۆتىمىز ئافرىقىلىق ۋە ياۋروپا-ئامېرىكىلىقلار بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بۇ مەسىلىنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يېيىۋەتسەك قانداق ياخشى بولاتتى-ھە.

— شۇنداق، ئافرىقىلىقلار بۇنى بىر ئافرىقىلىقنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىسا، تېخىمۇ تەسىرلىك بولىدۇ، — دەپ تەستىقلىدىم.

ــ توغرا، بىراق ياۋروپالىقلار بىلەن ئامېرىكىلىقلار بۇنى بىر ئافرىقىلىقنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىسا تېخىمۇ دىققەتنى جەلپ قىلىدىغان ئىش بولىدۇ، ــ دەپ قوشۇمچە قىلدى ئىنگرىد.

ــ مېنىڭچىمۇ شۇنداق، ــ دېدىم، ــ بىراق بىز ھەقىقىي «نۆل» بولۇشىمىز كېرەك. يا نۆلدىن سەل چوڭراق بولماقچى بولغان، يا نۆلدىنمۇ كىچىك بولماقچى بولغان كىشىلەردىن بولمايلى. بەزىلەر باشقىلارنىڭ كۆزىگە كىچىك پېئىل كۆرۈنمەكچى بولىدۇ. لېكىن كەمتەرلىك كەيپىياتى كۆپ چاغلاردا يوشۇرۇن ھاكاۋۇرلۇقلارنى يېپىۋالىدۇ.

ــ ئايالىمغا يەنە مەسلىھەتچىلىك ساۋاقلىرىنى بېرىۋېتىپسىز، ــ دەپ نارازىلىق بىلدۈردى دانىيەل كۈلۈپ تۇرۇپ ۋە ئىنگرىدگە قاراپ، ــ ئېرىڭىز ئايالىمنى دىن مەسلىھەتچىسى، مېنى بولسا بالا باققۇچى قىلىپ قويدى. ئەئىلىمىزدە بىرلا دىنىي زات بولسا كۇپايە، ــ دېدى.

ــ دانىيەللەرنىڭ مەسلىسىمۇ بىزنىڭكىگە ئوخشاش، ــ دەپ ئىنگرىدگە چۈشەندۈردۈم، ــ ئۇلارنىڭ مۇڭدىششقا بىر مىنۇت ۋاقتى يوق ئىكەن. دانىيەلنىڭ خىزمىتى بىلەن ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئارىسىدا زىددىيەت بار ئىكەن. دانىيەلنىڭ كىشىلەرنىڭ دەۋالىرىنى ئاڭلاشقا ۋاقتى بار، لېكىن ئايالىنىڭكىگە يوق ئىكەن.

ئىنگرىد بىر ھازا ئويلىنىپ، ئاندىن:

ــ بۇنى ھەل قىلىشنىڭ بىرلا چارىسى بار، سىلەرگە مۆكۈۋالىدىغان بىر يەر، يەنى سىلەرنى ھېچكىم تاپالمايدىغان، ھەپتىدە بىر قېتىم پۈتۈن كۈن ياكى ھېچ بولمىغاندا يېرىم كۈن بولسىمۇ بىللە بولىدىغان شەھەر سىرتىدىكى بىر يەر بولۇشى كېرەك، ــ دېدى.

ئەستەرنىڭ چىرايى ئېچىلدى.

ــ نەگە كېتىدىغانلىقىمىزنى بىلىمەن، دېدى ئۇ.

ــ نەگە؟ ــ دېدى دانىيەل بىلگىسى كېلىپ.

— ئايرىم ئېيتىمەن، — دېدى ئەستەر كۈلۈپ، — ھېچكىم بىلمەسلىكى كېرەك.

— ۋالتېر ئارامخۇدا ئىشلىمەكچى بولغاندا، بەزىدە خىلۋەت جايدىكى كاتولىك ئىبادەتخانىسىغا بېرىۋالىدۇ، — دېدى ئىنگرىد.

— راست، شۇنداق قىلىمەن، — دېدىم، — ھەر قېتىم بارغىنىمدا، كاتولىك پوپلارنىڭ ئىكاھلانمىغانلىقىنى ياخشىكەن دەپ ئويلايمەن.

ئەستەر مېنىڭ راستىن دېگەن-دېمىگەنلىكىمنى بىلمەكچى بولغاندى، مېنىڭ ئورنۇمدا دانيەل:

— شۇنداق، راست، — دەپ جاۋاب بەردى، — ئىشىنىمەنكى، ھەممە ئىكاھلىق ئەرلەرنىڭ بويتاق بولغىسى كېلىدىغان ۋاقىتلارمۇ بولىدۇ.

دانيەل ئاشخانا خىزمەتچىسىگە ھېسابنى كەلتۈرۈشنى ئىشارەت قىلدى ۋە پۇلنى ئۆزى تۆلەشتە چىڭ تۇردى. دانيەلنىڭ ئافرىقىلىقلارغا خاس مېھماندوستلۇقىنى رەت قىلالمىسامۇ، لېكىن ئازغىنە كىرىمى بىلەن ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنىڭ پىداكارانە ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم.

ئايرودرومدىن مېھمانخانىغا قايتىشىمىزدا ئاياللار كەينىدە ئولتۇردى. ئەستەر ئىنگرىدگە يوشۇرۇنىدىغان جاي توغرىسىدىكى مەسلىھەتى ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتتى.

— ئاپتورى مەسلىھەتچىلەرگە تەلىم بەرمەسلىكنى تەشۋىق قىلغان بىر كىتاب ئوقۇغانىدىم، — دېدى دانيەل ماڭا.

— بۇمۇ بىر تەلىم ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق، لېكىن تەلىم بېرىشنىڭ كىشىلەرنى باشقۇرۇش مەنىسىنى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بىز بۇنداق قىلماسلىقىمىز كېرەك.

— باشقۇرماي قولغا كەلتۈرەلمەيسىز دانيەل. باشقۇرماسلىقمۇ باشقۇرۇشنىڭ بىر يولىدۇر، بەلكى ئەڭ ھىيلىگەر يولى. مەن پاۋىل

تورنىيېرنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن. «سىز ئۈچۈن بىر يەر» ناملىق كىتابىدا ئۇ مۇنداق يازغان: ھېچكىم ھەقىقىي بىتەرەپ بولۇپ تۇرالمايدۇ. ھېچنەرسىنى ئوچۇق دېمىسەكمۇ، يوشۇرۇن تەسىرلىرىمىز ۋە ھۆكۈملىرىمىز ئالدىمىزدىكى كىشىنىڭ نەزىرىدىن يىراق قاچالمايدۇ. ھېچنەرسە دېمىسىڭىز ئالدىڭىزدىكى كىشى سىزنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىڭىزنى چۈشىنىش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق سەرپ قىلىدۇ. بۇ يول پۈتۈنلەي خاتا يەكۈنگە ئېلىپ بارىدۇ. مېنىڭچە ئالدىڭىزدىكى كىشى بىلەن ئۆز پىكىرلىرىڭىزنى ئوچۇق-ئاشكارا ئورتاقلىشىش ۋە ئاخىرىدا ئۇلارنى قوبۇل قىلىش-قىلماسلىقتا ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىش تېخىمۇ دۇرۇس ۋە خەۋپى ئازراق بولىدۇ.

— بىراق ۋالتېر، ئاپتور تەلىم بەرگەن ۋاقتىڭىزدا دەريانىڭ بىخەتەر بىر يېرىدە ئولتۇرۇپ، سۇدىكى بىر كىشى بىلەن سۆزلىشىۋاتقان بىرىگە ئوخشاپ قالىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، سۇغا سەكرەپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۈزۈشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ.

— دەل ئەكسىچە، — دەپ جاۋاب بەردىم، — ھېچ تەلىم بەرمىسەڭ، سۇنىڭ سىرتىدا قالغان بولىسەن. لېكىن تەلىم بەرسەڭ، سۇغا سەكرىگەن بولىسەن. ئەگەر ھېلىقى كىشى تەلىملىرىڭگە قۇلاق سېلىپ، ئۇنى ئورۇندىسا، بىر-بىرىڭلارغا باغلانغان بولىسىلەر ۋە ئۇنىڭ يېنىدا ئۈزىسەن.

# 9

مېھمانخانىغا بارغاندا دانىيەل ۋە ئەستەر بىلەن خوشلاشتۇق. مەن دانىيەلگە:

— ئۆيگە بارغاندىن كېيىن ماڭا تېلېفون بېرىپ پاتمەنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى ئېيتتىم.

بۇ كېچە لېكسىيە ئوقۇلمايدىغانلىقىدىن خۇرسەن ئىدىم. تۈنۈگۈن كېچىدىكى ھاردۇقۇم تېخى چىقمىغانىدى.

ياتاقتا يالغۇز قالغاندا ئىنگرىدىنى قۇچاقلىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار ئەگىدى ۋە: «ئەمدى چىدىيالمايمەن» دېدى.

— بالىلار قانداق؟ — دەپ سورىدىم.

— ھەممىسى ياخشى. ئوغۇللىرىمىزنى پەيشەنبە كۈنى يەنە مەكتەپ ياتىقىغا ئاپىرىپ قويدۇم. سىزگە داۋۇدتىن سالام خەت ئالغاچ كەلدىم.

ئون ئىككى ياشلىق ئوغلۇمنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇر يازغان خېتىنى ئوقۇشقا باشلىدىم: «تۈنۈگۈن كېچە ئاجايىپ بىر چۈش كۆردۈم. سىز ۋە ئاپام بىلەن ئافرىقىغا بېرىپتىمەن. مەندىن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىدىڭىز. مەن بىر ھازا ئويلاندىم، ئاندىن «پۈتۈن يول بويىچە خۇدا بىلەن ماڭ» دېگەن مۇناجاتتىكى سۆزلەر ئەقلىمگە كەلدى.»

بالىلىرىمىزدىن ئايرىلىپ تۇرۇشىمىز ئۇلارنى يېڭىباشتىن تونۇشىمىزغا سەۋەب بولىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ روھىي

جەھەتتىن يېتىلىشىگە ياردىمى بولىدۇ، دەپ ئويلىدىم ۋە ئىنىگرىددىن:
— كىچىك رۇتىيدىن ئايرىلىشىڭىز تەسكە چۈشكەندۇ؟ ئۇ تېخى سەككىز ياش ئەمەسمۇ، — دەپ سورىدىم.
— مەن بۇ ياقىقا ماڭىدىغان چاغدا ئۇ قوشنىلار بىلەن قالىدىغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ سىزنى سېغىنماسلىق ئۈچۈن ئويۇنچۇق پىلىنىڭ بېشىغا چېكىسى يوق كونا شەپكىنى كېيگۈزدى. ئاخىرىدا ماڭا نېمە دېگەنلىكىنى بىلەمسىز؟ ئاپا، مەندىن ئەنسىرىمە، كۈنلەر تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ، — دېدى. ئۇلار بىزدىنمۇ غەيرەتلىك ئىكەن... ئەمدى ئېيتىڭە، لېكسىيەلىرىڭىز قانداق بولدى؟
— بۇنى مەندىن ئەمەس، لېكسىيەنى ئاڭلىغۇچىلاردىن سوراڭ.
— ئەستەر ماشىنىدا دەپ بەرگەن بولسىمۇ، ئانچە ھەيران بولمىدىم. مەن يولغا چىقىشىنىڭ ئالدىدىمۇ سىزنى بۇ يەرگە خۇدانىڭ ئەۋەتكەنلىكىنى بىلەتتىم.
— شىكايەتلەر بىلەن تولغان خەتلىرىڭىز بۇ ئىشنى ماڭا قىيىنغا چۈشەردى.
— شىكايەت دېسىڭىز بولمايدۇ، پەقەت ئەمەلىيەتنى كۆرۈپ باقسۇن دېگەنىدىم.
— ئۇنداقتا ئۆزۈمنى گۇناھكار دېسەم بولغىدەك. سىزنى يالغۇز تاشلاپ كېلىشىم گويا مېنىڭ گۇناھىم ۋە سىزنى دېگەندەك ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىم بولۇپ قاپتۇ ـ دە.
— دېمەكچى بولغىنىم بۇ ئەمەس...
— بۇ خىزمەتنى قىلىۋاتقىنىمىزدا، بۇنداق خەتلەرنى يېزىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى چۈشەنمەمسىز؟
— شۇنداق، بۇنى ناھايىتى ياخشى بىلىمەن. لېكىن ئالدى بىلەن ئۆزۈمنىڭ نېمىنى ھېس قىلىۋاتقانلىقىمنى سىز بىلەن ئورتاقلىشالىغان بولسام، ھەقىقەتەن بۇنداق خەت يازمىغان

بولاتتىم. بۇنداق ئامالسىزلىقتا قالغىنىمدا نېمە قىلىشىمنى بىلمەيتتىم. سىز بولسىڭىز يىراقتا، ئەڭ چوڭقۇر ھېسسىياتلىرىمنى دەپ بېرىدىغان ئادىمىم يوق. بۇلارنى سىزگە يازمىسام كىمگە يازاتتىم!

ئىنگرىد كۆز ياشلىرىنى توختىتىشقا تىرىشمىدى. بېشىنى قۇچىقىمغا قويۇپ ئىسەدەپ يىغلىغىلى تۇردى. بايا خانىش قىياپەتلىك ئايال ئەمدى ھېسسىياتچان بىر بالىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

تېلېفون جىرىڭلىدى. سول قولۇم بىلەن ئىنگرىدنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ تۇرۇپكىنى قۇلىقىمغا تۇتتۇم، دانىيەل ئىكەن.

— سىزنى ئايالىڭىز كەلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن تەبرىكلەيمەن، — دېدى ئۇ، — ئۇ ياق، مەندە بىر پەرىشتىدەك تەسىر قالدۇردى. ھازىرغىچە ھېچكىم مەندە بۇنداق تەسىر قالدۇرمىغانىدى.

— رەھمەت سىزگە، بەزىدە مەندەك كېلەڭسىز ۋە قوپال بىر ئادەمنىڭ قانداقچە بۇنداق بىر ھەمراھقا مۇيەسسەر بولۇپ قالغانلىقىمغا ھەيران بولىمەن.

ئىنگرىد بېشىنى كۆتۈردى. لېكىن ئۇنىڭغا ئامراقلىقىم كېلىپ، ئۇنى قايتا قۇچىقىمغا ياتقۇزدۇم.

— پاتىمە قانداق؟ — دەپ سورىدىم دانىيەلدىن.

— ياخشى. ئۆيگە كەلسەك باللار بىلەن ئويناۋېتىپتۇ. ئاندىن ئۇلار بىلەن بىللە تاماق يېدى. بىر قارارغا كەلگەن ئوخشايدۇ، شۇڭا تەربىيە بېرىشتىن ئۆزۈمنى تارتتىم.

— ئەنسىرىمەڭ، ھېچ نېمە دېمىسىڭىزمۇ ئۇنىڭدىن قانداق قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىڭىزنى بىلىدۇ.

— سىزگە بىر پارچە خەت يېزىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئەتە لېكسىيەڭىزدىن كېيىن ئۇ خەتنى بەرمەكچىكەن. ۋالتېر، سىزگە تېلېفون بېرىشىمدىكى سەۋەب، ئىبادەتخانا يېڭىباشتىن ئادەمگە تولۇشقا باشلىدى. كىشىلەر ئىبادەتخانىغا سالدەك ئاقماقتا. بۈگۈن ئاخشاملىققىمۇ كېلىپ لېكسىيە سۆزلەپ بەرسىڭىز.

— بۇگۈن ئاخشام لېكسىيە سۆزلەنمەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇرمىغانىمىدىڭىز؟

— ئۇقتۇرغانىدىم، لېكىن ئۇلارنىڭ يەنىلا كەلگىنىگە قارىغاندا ئۇلارغا ئېنىق دېمىگەن ئوخشايمەن. جامائەتكە يېڭىدىن قوشۇلغانلارمۇ كۆپ. ئۇلارنى قايتۇرۇۋېتەلمەيمەن. كەلسىڭىز ياخشى بولاتتى ۋالتېر.

— بارالمايمەن دانىيەل.

— ماڭا «ياق» دېيىشنى ئۆگىتىشكە تىرىشۋاتامسىز نېمە؟

— مېنىڭ ئورنۇمغا ئىنگرىد بارسا بولماسمۇ؟

ئىنگرىد دەرھال بېشىنى كۆتۈرۈپ تىك ئولتۇردى.

— ئۆزىدىن سوراپ باقاي، — دېدىم دانىيەلگە.

ئىنگرىد كەسكىن ھالدا بېشىنى ياق دېگەن مەنىدە چايقىدى.

— ئىنگرىد ماقۇل دېدى. ئون بەش مىنۇتتىن كېيىن ئالغىلى كېلىڭ، — دېدىم.

ئىنگرىد تۇرۇپكىنى قولۇمدىن تارتىۋالدى. لېكىن كۇنۇپكىسىنى بېسىۋەتتىم. شۇنىڭ بىلەن تېلېفون ئۈزۈلۈپ قالدى.

— ھېچقانداق تەييارلىقىم يوق، — دېدى ئىنگرىد. بىراق ئۇ بۇنىڭدىن ئانچە قورقۇپمۇ كەتمەيدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئاۋازىدىمۇ رەت قىلىش تەلەپپۇزى ئانچە ئېنىق ئەمەس ئىدى.

— مەيلى، سوئاللىرىنى سوراۋەرسۇن، — دېدىم، — ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ قالسىڭىز، سوئاللىرى تۈگۈمەيدۇ. بۇ سىز ئۈچۈن تەس ئىش ئەمەس. بىراق چاپسان بولۇڭ، كىيىمىڭىزنى ئالماشتۇرۇڭ. ئەپكەتكىلى ھېلىلا كېلىدۇ.

ئىنگرىد ياتاققا كۆز يۈگۈرتتى ۋە:

— بۇ ياتاق قوش كارۋاتلىق ئەمەس ئىكەنغۇ؟ — دېدى.

— كەچۈرۈڭ ئىنگرىد، بۈگۈن كېچە بوش ياتاق يوق ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە بىر كىشىلىك ھۇجرا ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئۇ ھۇجرا بۇ ياتاقنىڭ ئۇدۇلىدا.

ئۇ لام-جىم دېمىدى. لېكىن بۇ رېئاللىقنى تەستە قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدىم.
— بۇنىمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولدى دېيىشكە بولىدۇ، — دېدىم، — لېكىسىيەدىن كېيىن بەزىلەر سىز بىلەن ئايرىم سۆزلىشىشنى تەلەپ قىلىشى مۇمكىن.
— بوپتۇ، چوڭ مەسىلە يوق، — دېدى ئۇ، ئاندىن كېيىمنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ياتىقىغا چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنى ياخشى چۈشىنەتتىم. تەلەپپۇزى بۇ مەسىلىنى ئۆزى ئۈچۈن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك، دەپ قارايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى.
ئىنگرىد كەتكەندىن كېيىن ئەتە بېرىدىغان لېكسىيەم ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا كىرىشتىم. ئىنجىلنىڭ «ئەفەسلىكلەر» قىسمىنىڭ 5-باب 21 — 33- گىچە بولغان ئايەتلەرنى تەتقىق قىلىشقا باشلىدىم. ئاساسلىق ئايەت: «ئەرلەر، ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنى قانداق سۆيسە، سىلەرمۇ ئاياللىرىڭلارنى شۇنداق سۆيۈڭلار» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ھەزرىتى ئەيسا ئۆزلىرىگە ئىشەنگەنلەردىن تەشكىل تاپقان ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنى قانداق سۆيگەنىدى؟ ئۇنىڭغا خىزمەت قىلدى، ئۇ باشقىلارنىڭ خىزمىتىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزى خىزمەت قىلىش ئۈچۈن كەلدى. ئەيسا مەسىھ ئۆزىنى ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىگە ئاتىدى، دەپ ئويلىدىم.
بۇ چۈشەنچە، پۈتكۈل ئەرلەر خۇشاللىق بىلەن، پۈتكۈل ئاياللار بولسا تەستە قوبۇل قىلىدىغان يەنە بىر ئايەتنى، يەنى «ئاياللار، ئەرلىرىڭلارغا بويسۇنۇڭلار» دېگەن ئايەتنى يورىتىپ بەردى. ئايالنىڭ ئەرگە بويسۇنۇشىنىڭ پەقەتلا ئېرىنىڭ بويۇن ئېگىشىگە قارىتا قىلىنغان بىر جاۋاب ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.
شۇ بابتىكى يەنە بىر ئايەتتە: «بىر-بىرىڭلارغا بويسۇنۇڭلار» دەپ يېزىلغان. دۇرۇس، لېكىن بىر-بىرىمىزگە قانداق بويسۇنىمىز؟ بۇ باراۋەرلىككە ئېككىمىزدىن قايسىمىز مۇيەسسەر بولدۇق، بۇ ماڭا ھەر كۈنى تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان بىر ۋەزىپىدەك كۆرۈنەتتى.

تېلېفون يەنە جىرىڭلىدى. بۇ باش ئاپپاراتتا ئىشلەيدىغان قىز بولۇپ، ئۆزى بەرگەندى:
— مېنىڭ تېلېفون بېرىشىمگە قوشۇلغانىدىڭىز.
— شۇنداق، مەرھەمەت، قانداق ئىشىڭىز بار ئىدى؟ — دەپ سورىدىم.
— ئېرىم ھاراقكەش.
— نېمىشقا شۇنداق؟
— بىلمەيمەن.
— بىلىشىڭىز كېرەك ئىدى. تۇرمۇشۇڭلارنىڭ بىر يېرىدە بىر كاۋاك بولسا كېرەك.
— كاۋاك دېدىڭىزمۇ؟
— شۇنداق، بىر مەست ھەمىشە بىر كاۋاكنى تولدۇرۇشنىڭلا كويىدا بولىدۇ. بىر يەردە بىر كەمچىلىك ياكى تۇرمۇشىدا بىر كاۋاك بولسا كېرەك.
— ھېچ چۈشىنەلمىدىم.
— باللىرىڭلار بارمۇ؟
— بىر باللىمىز بار.
— قانچە ياش؟
— تۆتكە كىرىپ قالدى.
— ئېرىڭىز ئىككىنچى باللىنىڭ بولۇشىنى خالىمامدۇ؟
— خالايدۇ، بىراق ئۇ ئىچكەنسېرى، مېنىڭ ئىشلىشىمگە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككىنچى باللىنى باقالمايمەن.
— ئۇنىڭ بىلەن كېلىشسەڭلار بولمامدۇ؟
— كېلىشىش دەمسىز؟ نېمە ھەققىدە كېلىشىمىز؟
— ئۇ ئىچىشنى تاشلايدۇ، سىز ئىككىنچى باللىنى تۇغىسىز.
— رەھمەت سىزگە، دېگىنىڭىزنى قىلىپ باقاي.
— ئەمدى سىزگە باشقا بىر نومۇرنى ئېيتىپ بېرەي.
— خوپ، مەرھەمەت.
— 4، 13.

— بىر رەقەم كەم بولسا كېرەك. بۇ شەھەردىكى تېلېفون نومۇرلىرى تۆت خانىلىق.
— لېكىن بۇ نومۇرنىڭ سىزگە ياردىمى بولىدۇ.
— ياردىمى بولامدۇ؟
— كېرەك بولسا مۇشۇ نومۇرنى ئىزدىسىڭىز بولىدۇ. سىزدە ئىنجىل بارمۇ؟
— تېپىلىدۇ.
— ئۇنداقتا، زۆرۈر تېپىلغاندا، ئىنجىلنىڭ «فىلىپىلىكلەر» قىسمىنىڭ 4-باب 13-ئايىتىنى ئوقۇڭ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «ماڭا قۇدرەت بەرگۈچىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ھەرقانداق ئىشنى قىلالايمەن.»

بىر دەم جىمجىتلىقتىن كېيىن تۇرۇپكىنى قويۇۋەتتىم. يەنە تەلىم بەردىم، دەپ ئويلىدىم. مەن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان بىر مەسلىھەتچى، بىچارە بىر ئەر ۋە سۆز قابىلىيىتى يوق بىر دىن مەسلىھەتچىسى ئىدىم. ئاق قەغەزنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، لېكسىيەمدىن بىر قۇرمۇ يازالمىدىم.

ئىنگرىد ئىبادەتخانىدىن قايتىپ كەلگىچە بىر جۈملىمۇ يازالمىغانىدىم. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارغان بولسام ياخشى بولاتتىكەن.

ئىنگرىد قايتىپ كەلدى. مەن:
— قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدىم.
— دانىيەل مېنى سىزنىڭ ئايالىڭىز ۋە ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىزنىڭ ئانىسى، دەپ تونۇشتۇرغاندىن كېيىن جامائەتتىن ھەرقانداق مەسىلىلەر ھەققىدە سوئاللىرى بار بولسا سورىشىنى تەكلىپ قىلدى ۋە خىجالەت بولماسلىقلىرىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ئارىمىزدىكى مۇزلارنى ئېرىتتى. بۇنىڭ بىلەن سوئاللار مېنى سالدەك بېسىشقا باشلىدى. ھەممىسىگە جاۋاب بەرگەن بولسام قانچە سائەت ۋاقىت كېتەتتى.
— نېمىلەرنى سورىدى؟

— كۆپىنچىسى ئايالـلار فىزىئولوگىيەسى ھەققىدىكى سوئالـلار.
مەن ئۇرۇق ئاجرىتىپ چىقىرىش دەۋرى ۋە ئايالـلار ئورگانىزمىنىڭ سىرتقى ۋە ئىچكى ئۆزگىرىشلىرى ھەققىدە چۈشەنچە بەرگىنىمدە، بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ، «خوتۇنۇمنىڭ مىجەزىنىڭ ھەر كۈنى بىر ياڭزا بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇمۇ؟» دەپ سورىدى. يەنە بىرى ئايالى ھامىلىدار بولغاندا، بەزىدە ناھايىتى قىممەت باھالىق نەرسىلەرگە سىزىك بولسا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى، يەنى كۈلۈپ ئۆتكۈزىۋې- تىش كېرەكمۇ ياكى دېگىنىنى ئېلىپ بېرىش كېرەكمۇ، دەپ سورىدى.
— ئۇنىڭغا قانداق جاۋاب بەرگەنلىكىڭىزنى بىلىمەن. كامېرونىدىكى چېغىمىزدا كاتىيگە ھامىلىدار بولغان ۋاقتىڭىزدىكى ئالمىنىڭ ھېكايىسىنى، يەنى ئېرىڭىزنىڭ ئايرودرومغا بېرىپ ياۋروپادىن كەلگەن ئايروپىلاندىن چۈشكەنلەردىن بىر كىلو ئالما ئېلىپ كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەنسىز.
— ھەئە.
— ئۇ ئالمىلار ھەر قېتىم ئېسىڭىزگە كەلسە قەلبىڭىز سۆيۈنۈپ كېتەتتىغۇ... — مۇشۇنداق بىر ئېرىمنىڭ بولغىنى ئۈچۈن شۇنچىلىك رازىمەن!
— چاقچاق قىلمايلى. يەنە نېمىلەرنى سورىدى؟
— قوشكېزەك بالىنىڭ قانداق پەيدا بولىدىغانلىقى، بويىدىن ئاجراپ كېتىشنىڭ نېمىدىن بولىدىغانلىقى، ئايال ھامىلىدار بولغاندا ئەر بىلەن بىر ئورۇندا يېتىش-ياتماسلىق ۋە كۆپ ئايالـلارنىڭ تۇغۇتتا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى سورىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇھىم سوئالـلار.
— ئۇ يەرگە مېنىڭ بارغىنىمدىن سىزنىڭ بارغىنىڭىز تولىمۇ ياخشى بوپتۇ. ھەممىسىگە جاۋاب بېرەلىدىڭىزمۇ؟
— خۇداغا شۈكۈر، رەسىملەرنىمۇ ئالغاچ بېرىپتىكەنمەن. ھامىلە- نىڭ قانداق پەيدا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئايالـلارنىڭ كۆپىيىش ئەزالىرىنى كۆرسىتىدىغان رەسىملەردىن پايدىلاندىم.

— ئۇنى ئىبادەتخانا ئىچىگە ئېسىپ قويدىڭىزمۇ؟
— ئەلۋەتتە. دانىيەل رەسىملەرنى ھەممەيلەن كۆرەلەيدىغان جايغا ئاستى.
— بىلەمسىز ئىنگرىد، دەسلەپكى لېكسىيەمنى سۆزلەشتىن ئاۋۋال دانىيەل ماڭا «جىنسىيەت» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشتىن دىققەت قىلىشىمنى ئەسكەرتكەنىدى. ئەمدى سىز بالىياتقۇنىڭ رەسىمىنى ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىغا ئېسىپسىز. دېمەك، خېلىلا ئىلگىرىلەش بوپتۇ.
— ئۇلار ھېچ نومۇس قىلمىغاندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن دانىيەل ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزالىرىنى تەرجىمە قىلىشقا توغرا كەلگەندە ئەستەرنى ياردەمگە چاقىرىشقا مەجبۇر بولدى. لېكسىيە ئاياغلاش-قاندىن كېيىن ئەستەر ماڭا بۇ ئاتالغۇلارنى قانداق تەرجىمە قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بالىياتقۇ، تۇخۇمدان، تۇغۇت يولى قاتارلىق ئاتالغۇلارنى لايىقىدا ئاممىباپ سۆزلەر بىلەن ئۇقتۇرۇپتۇ. مەن بوۋاقنىڭ ئانىنىڭ بالىياتقۇسىدا پەيدا بولۇپ، يېتىلىشىنى چۈشەندۈرىۋاتقىنىمدا، ياشانغان كىشىلەردىن بىرى ئورنىدىن تۇردى. ئۇ كىشىنىڭ قولىدا ئاغزى چاپلانغان بىر كونۋېرت بار ئىدى. ئۇ ئىچىنى تىت-تىت قىلغان بىر سوئالى بارلىقىنى ئېيتىپ: «سىزگە بۇ چاپلاغلىق كونۋېرتنى بەرسەم، بۇ كونۋېرتنىڭ ئىچىدە بىر پارچە خەت بار، كونۋېرتنى ئاچماي تۇرۇپ ماڭا ئۇنىڭ ئىچىدە نېمە يېزىلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟» دېدى. ئېيتىپ بېرەلمەيدىغانلىقىمنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. «خوپ، ئۇ چاغدا، بىر ئايالنىڭ تېنى ئىچىدىكى نەرسىنىڭ نېمىگە ئوخشايدىغانلىقىنى قانداق بىلىسىز؟» — دېدى ئۇ.
— ئۇلار سىزگە ئىشەندىمۇ، يەنى ئېيتقانلىرىڭىزنى كۆپچىلىكى قوبۇل قىلدىمۇ؟
— كۆپچىلىكى قوبۇل قىلغان ئوخشايدۇ. لېكىن بالا ئېمىتىش توغرىسىدا ئېيتقانلىرىمغا ئىشەنمىگەنلەر خېلى چىقتى. ئۇلارنىڭ

قارىشىچە ئەگەر بالا ئىمتىنئاتتىن ئايال ئىرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولسا سۈت بۇزۇلىدىكەن ۋە بالا كېسەل بولىدىكەن، ھەتتا ئۆلۈپ كېتىدىكەن. شۇڭا ئۇلاردا بوۋاق بالىلارنى ئېمىتىشكە باشلىغاندىن كېيىن ئازدېگەندە بالا ماڭغىچە بىر يىل، بەزىدە ئىككى يىل جىنسىي مۇناسىۋەت مەنئى قىلىنىدىكەن.

— بىلىمەن، ئافرىقىنىڭ قەيرىگىلا بارسام بۇ خاتا چۈشەنچىنى ئۇچرىتىمەن.

— بۇ خاتا بىئولگىيە چۈشەنچىسىدىن نۇرغۇن گۇناھ مەيدانغا كېلىدۇ. دېمەك، ئىككى يىلغىچە ئايالى بىلەن ياتالمىسا، نۇرغۇن ئەرلەر يەنە بىر ئايال ئېلىشى مۇمكىن ياكى پاھىشە ئايال بىلەن يېتىپ جىنسىي كېسەلگە گىرىپتار بولۇشى ۋە بۇ كېسەلنى ئايالىغا يۇقتۇرۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ بىلەن ئايالى ئاغرىپ قالسا، ئىرى ئۇنى ئۆيدىن ھەيدىۋېتىشى مۇمكىن. بۇ ئاياللار نېمىدېگەن بىچارە-ھە!

— مېنىڭ ئورنۇمدا لېكسىيە بەرگىنىڭىزگە ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم ئىنگرىد، مەن بۇنداق قىلالمايتتىم. ئەمدى سىز ماڭا خىزمەتداش بولىسىڭىز بولىدىغەدەك. ئەتە سۆزلىگىنىمدە ماڭا ياردەم بېرەمسىز؟

— مۇنبەرگە چىقىپ سۆزلەمدىم؟ ھەرگىز...

— خالىسىڭىز تۆۋەندە تۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ. لېكىن لېكسىيەمنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە گەردا ئانا ھەققىدە سۆزلىسىڭىز ناھايىتى ياخشى بولاتتى.

— قېنى، ئەھۋالغا قارايلى. ھە راست، ئايروپىلاندا كېلىۋېتىپ ناھايىتى ياخشى بىر ماقالىنى ئوقۇدۇم. ئۇنى سىز بىلەن ئورتاقلاشماقچى ئىدىم.

— ياق ئىنگرىد، ھازىر ئەمەس. لېكسىيەم توغرىسىدا تېخىچە بىر نەرسە يازمىدىم.

ئىنگرىد تۇرۇپلا قالدى، ئاندىن:

— خوپ، ۋاقتىڭىز بولمىسا مەيلى. دەرۋەقە مەنمۇ چىقىشىم كېرەك. بىر قىز مېنى سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ

ئىسمى مەريەم. ئۇ بىرى بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ قويغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئاياللارنىڭ تۇخۇم ئاجرىتىپ چىقىرىش ۋاقتىدىكى بەلگىلىرىنى چۈشەندۈرگىنىمدە ئۇ ناھايىتى قىزىقىپ ئاڭلىدى. مەندىن بۇ ھەقتە بىر قانچە سوئاللارنى سورىماقچىكەن، — دېدى.

— بۇنىڭغا ناھايىتى خۇشال بولدۇم ئىنگرىد. مەن بۇنى بېجىرەلـ ـمەيتتىم. سىزگە مۇشۇ ۋەجىدىن خىزمەتداش سۈپىتىدە ئېھتىياجىم بار.

— ئەتە ئورنىمىزدىن سائەت نەچچىدە تۇرىمىز؟

— ئەڭ كېچىككەندە سائەت 7 دە، لېكسىيە سائەت 9 دا باشلىنىدۇ. ئىبادەتخانىغا بېرىشتىن بۇرۇن لېكسىيەمنى ئالدى بىلەن سىزگە ئوقۇپ بەرمەكچىمەن. يەنە يۈك-تاقلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇشىمىز كېرەك. ئايروپىلان نەق چۈشتە ئۇچىدۇ. لېكسىيەدىن كېيىن مېھمانخانىغا كېلىشكە ۋاقتىمىز يەتمەيدۇ. ئىبادەتخانىدىن ئۇدۇل ئايرودرومغا بېرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئۇنىڭغا خەيرلىك كېچە تىلەپ سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن، ئۇ ياتىقىغا چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەن سائەت 6 دە ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئىككى سومكىنى جايلاشتۇرۇپ، ئاندىن ئىنگرىدنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ ياتىقىغا كىرىپ كارۋىتىنىڭ لېۋىدە ئولتۇردۇم. ئۇ كۆزلىرىنى ئاچماي ياتقانىدى، لېكىن مەڭزىلىرى كۆز ياشلىرى بىلەن نەمدەلگەنىدى.

— ياخشى ئۇخلىيالمىدىڭىزمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدىم.

ئىنگرىد بېشى بىلەن ياق دېگەن ئىشارەتنى قىلدى، لېكىن بىر نەرسە دېمىدى.

— سىزنى خاپا قىلىپ قويدۇممۇ نېمە ئىنگرىد؟ ئاخشام ناھايىتى خۇشال ئىدۇق. كېيىن سىزگە خەيرلىك كېچە تىلەپ سۆيۈپ قويغانىدىم...

— ياق، سۆيمىدىڭىز. مەن ئۇنى سۆيۈش دېمەيمەن. سىزنىڭ ياتىقىمغا كىرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلغانىدىم.

ــ مەريەم بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلەتتىم. ئاۋارە قىلىشنى خالىمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، لېكسىيەم ئۈستىدە ئىشلىشىم كېرەك ئىدى.

ــ راست ئېيتىسىز. لېكسىيەڭىز ھەممىدىن مۇھىم.

ــ بىراق بۈگۈن ئەر-خوتۇنچىلىق ھەققىدە سۆزلىشىم كېرەك.

ــ نېمىنى سۆزلەيدىغىنىڭىزدىن ئەنسىرەيمەن. چۈنكى سىز ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىز. ئاياللارنى زادى چۈشەنمەيسىز. سىز بىلەن ئۆي-ئوچاقلىق بولۇشنىڭ قانچىلىك قىيىنلىقىنى بىلسىڭىزچۇ كاشكى، بەزىدە بۇ ئون سەككىز يىل ئىچىدە ئارىمىزدا ھېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمىغانلىقىنى ئويلايمەن.

ئۇن-تىن چىقارمىدىم. ئىنگرىد سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ سىزگە ئوقۇپ بەرمەكچى بولغان نەرسىنى ئاڭلاشقا ۋاقتىڭىز يوقلىقىنى ئېيتقىنىڭىزدا، گويا كاچىتىمغا بىر تەستەك ئۇرۇلغاندەك بولدى.

يەنە جىم تۇردۇم. مەندىن زۇۋان چىقمىغاچقا ئۇ يەنە داۋاملاشتۇردى:

ــ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىڭىزنى چۈشەندىم، «مېنى ئاۋارە قىلماڭ» دېمەكچىغۇسىز. كېچىچە، ھاياتىڭىزدا ھەممە نەرسىنىڭ ۋە ھەممە كىشىنىڭ دېگىدەك مەندىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ئۇخلىيالمىدىم. شۇنداقتىمۇ سىز بىلەن تەنھا بىللە بولۇش ئارزۇيۇمدىن يانالمىدىم.

ــ بىراق، ئىنگرىد، قۇلاق سېلىڭ. خۇدادىن قانچىلىك مىننەتدار بولۇشىمىز كېرەكلىكىنى ئۇنتۇپ قاپسىز. بۈگۈنگىچە خۇدا بىزگە ناھايىتى ياخشى يول كۆرسەتتى. ھازىر ئىبادەتخانىدا سىز بىلەن مەندىن ئائىلە تۇرمۇش مەسىلىسى ھەققىدىكى لېكسىيەنى ئاڭلاشنى كۈتۈۋاتقان بىر توپ كىشىلەر بار. بىز بىللە سەپەر قىلىپ، بىللە ئىشلەيمىز. ئائىلە تۇرمۇشىمىزنى قانداق باشلىغانلىقىمىزنى ئەسلەپ كۆرۈڭە.

— ئىككىمىز پۈتمىز ئاران سىغقىدەك، تاملىرى قىيسىيىپ قالغان، ئالقانچىلىك بىر ئۆيدە ياشىغان. قازان-قومۇچىمىزنىڭمۇ تايىنى يوق ئىدى. بۈگۈن كېچە بۇ ھەشەمەتلىك ئىككى ياتاقتا ئايرىلىپ ياتقىنىمىزدىن، شۇ ئۆيىمىزگە قايتىپ كەتكۈم كەلدى.

— ياخشىلىقنى بىلمەيدىكەنسىز.

— ياق. مەن بىر ئايالمەن. سىزنىڭ چۈشەنمەيدىغىنىڭىز مانا شۇ. ئەر-خوتۇنچىلىق ھەققىدە خالىغانچە يېزىپ سۆزلەۋېرىسىز، لېكىن بەزىدە ئاساسىي پرىنسىپىنىمۇ چۈشەنمەيدىغانلىقىڭىزنى ئويلايمەن. مەن سىز ئۆچۈن ئايالىڭىز ئەمەس، بىر خىزمەتداش ۋە زىنىنەت بۇيۇمىڭىز خالاس.

ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم ۋە دېرىزىنىڭ ئالدىغا بېرىپ تاشقىرىغا قارىدىم. ئۇنىڭغا كەينىمنى قىلىپ تۇراتتىم. چىرايىغا قارىماستىن:

— بىراق ئىنگرىد، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قويۇپ تۇرايلى، بىز يەنىلا ئەر-خوتۇنمىز. بىللە ياشاۋاتىمىز، — دېدىم.

— شۇنداق، — دەپ سۆزۈمنى بۆلدى ئۇ، — بىللە ياشاۋاتىمىز، لېكىن ھېچقاچان ھۇزۇرلۇق بىر كەيپىيات ئىچىدە ئەمەسمىز. ھەمىشە دېگىدەك ئۆز ئۆيىمىزنىڭ تۆت تېمى ئىچىدە ئەمەسمىز.

— ھەممە ئىشقا پىداكارلىق كېرەك، — دېدىم.

— مېنىڭ بىلىدىغىنىم مانا شۇ. ئەگەر خىزمىتىڭىزدىن بىر ھوسۇل ئالغىلى بولسا، بۇنى كۆز ياشلىرىم ۋە زېرىكىشلىرىمنىڭ بەدىلىگە كەلدى، دېيىشكە بولىدۇ.

— بۇ گەپلەرنى ئاچچىقىڭىزدا ئېيتىۋاتىسىزغۇ دەيمەن.

— ئەيىبكە بۇيرۇماڭ، ھېسسىياتلىرىم پالەچ بولۇپ، خۇشال بولغىدەك ھالىم قالمىدى.

مەن يەنىلا دېرىزە ئالدىدا تۇراتتىم. دېرىزىدىن ئىبادەتخانىنىڭ مۇنارى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قوڭغۇراق چېلىنىۋاتاتتى. بىرئازدىن كېيىن موررىبىس بىزنى ئالغىلى كېلەتتى.

شۇ تاپتا لېكسىيە سۆزلىگىدەك كەيپىممۇ قالمىغانىدى.

سۆزلەيدىغان سۆزۈمنىمۇ تاپالمايتتىم. ئىنگرىد ھەمىشە خۇشال ۋاقتىمدا مانا شۇنداق قىلىپ، ھەممىنى بەربات قىلاتتى.
— بەزىدە بىر كاتولىك پوپى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىڭىز، — دېدى ئۇ. ئۇنىڭغا ئۆرۈلدۈم. تەلەپپۇزۇمدىكى مەنستىمەسلىكنى يوشۇرمايلا:
— شۇنداق، ئارزو قىلاتتىم، — دېدىم.
ئىنگرىد كايىش بىلەن جاۋاب قايتۇردى:
— بىر ئاياللىق بولۇش ھاياجانلىنارلىق بىر ئىش، دېگەنىدۇقۇ! ئۇ بۇ سۆزنىڭ مېنى تېرىكتۈرىدىغانلىقىنى بىلەتتى.
— ئەگەر ئەستەر بولغان بولسىڭىز سىزگە نېمە دەيدىغانلىقىمنى ياخشى بىلەتتىم. بىراق ئايالىم بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئامالسىزمەن.
— سىزمۇ دانىيەل بولغان بولسىڭىز نېمە دەيدىغانلىقىمنى مەنمۇ ناھايىتى ياخشى بىلەتتىم، لېكىن ئېرىم بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن، ... — ئۇ سۆزنى توختاتتى، ئۇنىڭ چىرايىدىن بىلىنەر-بىلىنمەس بىر كۈلۈمسىرەش غىل-پال كۆرۈنۈپ ئۆتۈپ كەتتى.
قايتا كارۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇردۇم. بىر نەچچە مىنۇت ئۆتتى. چېدىرىمنى تىكىدىغان ھېچكىمىم يوق، دەپ ئويلىدىم. بۇ ھەپتە غەلىبىلىك بىر ھەپتە بولغانىدى. موررىس، مەريەم، دانىيەل، پاتىمە، مانا ئەمدى مەن بۇ يەردە يېڭىلگەن ھالدا ئولتۇراتتىم. ئۆز چېدىرىمنى تىكىش ئۈچۈن ماڭا كىم ياردەم بېرىدۇ؟ ئاخىرى جىمجىتلىقنى تېلېفون ئاۋازى بۇزۇۋەتتى:
— ھەمىشە سىزنى ئېلىپ كەتكىلى كېلىدىغان يىگىت كەلدى. — تېلېفون بەرگەن موررىس ئىدى.
— يۇقىرىغا چىقىپ يۈك-تاقلىرىڭىزنى كۆتۈرۈشۈپ بېرەيمۇ؟
— توختاپ تۇر، تەييارلىقىمىز تېخى پۈتمىدى. ئىنگرىد تېخى ياتىدۇ.
— ئاغرىپ قالمىغاندۇ؟
— ياق، بىراق شۇنداق دېسىمۇ بولىدۇ.
— نېمە بولدى؟

— چېدىرىمىز ئۆرۈلۈپ چۈشتى.
— دېمەك،...؟
— شۇنداق، ئائىلە ماجىراسى.
— چاقچاق قىلىۋاتىسىزغۇ دەيمەن. ئائىلە ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى ئائىلە ماجىراسى تۇغدۇرۇشى مۇمكىنمۇ؟
— دوختۇرنىڭ كېسەل بولۇپ قېلىشى مۇمكىنغۇ؟ — دەپ جاۋاب بەردىم.
— ئۇنداقتا قانداق قىلىمەن.
— كۈتۈپ تۇر. ناشتىلىق ۋە نان بۇيرۇپ، ئايالىمنىڭ ياتىقىغا كەلتۈرۈپ بېرەلەمسەن؟ بىردەم تۇرۇپ تېلېفون قىلىمەن.
تۇرۇپكىنى قويىۋەتتىم. موررېسنىڭ دۇئا قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇنىڭ ماڭا قىلغان دۇئالىرى خۇداغا يەتكەندى.
ئىنگرىد بېسىلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ يېنىغا كەلدىم ۋە ئۇنى قۇچاقلىدىم.
— ئىشىمنى ئىككىمىز بىللە قىلايلى دېگەنىدىم، بىراق بۇنداق قىلساق، ئىشلار ئاسانلىششىنىڭ ئورنىغا قىيىنلىشىپ كېتىدىكەن. «ئەرلەر، ئاياللىرىڭلارنى ئەيسا ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنى سۆيگەندەك سۆيۈڭلار» دېگەن ئايەت ئۈستىدە قانداق لېكسىيە سۆزلىيەلەيمەن؟
ئىنگرىد كۈلۈمسىرەشكە باشلىدى:
— چېدىرىمىز ئۆرۈلدى دېگىنىڭىز نېمىسى؟
— لېكسىيەمنى ئاڭلىغان قىزلاردىن پاتىمە ئىسىملىك بىرى ئۈچ بۇلۇڭلۇق مىسالنى كۆرۈپ، بۇنىڭ ئۆزىگە بىر چېدىرنى ئەسلەتكەنلىكىنى ئېيتقانىدى.
— چېدىر دېدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئىنگرىد ئويلانغان ھالدا، — نېمىدېگەن ياخشى چۈشەنچە. بۇ ھەممە ئاياللار چۈشىنەلەيدىغان بىر كۆرۈنۈش.
— بۇنىڭغا خوش بولىدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم.

— بىر قېتىم ئىككىمىز يالغۇز سەيلىگە چىققانلىقىمىزنى ئەسلەپ كۆرۈڭ. بىر كېچىسى بوران چىقىپ چېدىرىمىز ئۆرۈلۈپ كەتكەنىدى.
— ئېسىمدە بار، چېدىرنىڭ تىرەكلىرى سۇنۇپ كەتكەنىدى. بىز بولساق كېچىچە بوراندا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن چېدىر ئاستىدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولغانىدۇق.
— راست شۇنداق بولغانىدى. چېدىر ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بولسىمۇ، بىز ئۇنىڭ ئاستىدا تۈگۈلۈۋالدۇق.
— خوپ، ئەمدىچۇ؟ ھازىرمۇ بىز بىر چېدىردا ئەمەسمۇ؟ يەنى بىز ئائىلىلىك ئەمەسمۇ؟
ئىنگرىد جاۋابەن شۇنداق دېدى:
— ۋالتېر، سىزگە تۈنۈگۈن ئاخشام دېمەكچى بولغىنىم شۇ ئىدى. ياتىقىمغا كېلىپ مېنى ئەدىيال بىلەن يۆگىشىڭىزنى كۈتكەنىدىم. راھەتلىنىپ قالغاندەك بولدۇم، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر يۈك ئاستىدا قالغانىدىم.
— ئىنگرىد جېنىم، بۇنى خۇشاللىق بىلەن قىلاتتىم، لېكىن مېنى قورقۇتقان نەرسە شۇ ئىدىكى: سىز ھەممىنى، يەنى ئەر-خوتۇنچىلىقىمىزنى، قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزنى، دەۋاتقانلىرىمىزنى كىچىك ئىشلار بىلەن بىر ئورۇنغا قويىسىز.
— بۇ مەن ئۈچۈن كىچىك ئىش ئەمەس، بەلكى مەنىلىك بىر ئىش. ئۇ ئىش مېنى مۇھەببىتىڭىزگە ئىشەندۈرىدۇ.
خىزمەتچى ئىنگرىدگە ناشتىلىق يېمەكلىكلەر پەتنۇسىنى ئېلىپ كىردى. قەھۋەلەرنى ئىچىۋاتقىنىمىزدا ئىنگرىد:
— سىز سۆزلەشكەن موررېس كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.
— ئۇ بىر قۇرۇلۇش شىركىتىدە ئىشلەيدۇ. پىسخولوگ ئەمەس، دىن ئوقۇمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بويتاق. لېكىن ناھايىتى ئەقىللىق. بىزنىڭ دەۋايىمىزنى سوراپ قويۇشى ئۈچۈن ئۇنى چاقىرايمۇ؟
— چاقىرىڭ، — دېدى ئىنگرىد مېنى ئەمتىرىتىپ.

ئافرىقىلىقلارغا نىكاھ مەسىلىسىدە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ياۋروپادىن شۇنچە يولنى بېسىپ كېلىپ، ئاخىرىدا بىر ئافرىقىلىقتىن ياردەم سوراش ئىككىلىمىز ئۈچۈن چوڭ بىر ئىلگىرىلەش ئىدى. بۇ بىز ئۈچۈن ياخشى ئىش ئىدى. باشقىلارغا قانداق ياردەم بېرىشنى ئۆگىنىشىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى يولى، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ ياردىمىنى ئېلىشنىڭ بىردىنبىر يولى ئىدى.

موررىس ياتاقتا كىرىپ ھەر ئىككىمىزگە ھەيران بولغان ھالدا قارىدى. جىددىي بىر ۋەقە بولغاندەك كۆرۈنمەيتتى. مەن ئىنگرىد بىلەن بىللە كارۋاتتا ئولتۇراتتىم ۋە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالغاندىم.

موررىس بىر ئورۇندۇقتا زوۋۇان سۇرمەي ئولتۇردى. دەرۋەقە ئۇ نېمە دېيىشنىمۇ بىلمەيتتى.

— تۇنۇگۈن ئاخشام، — دەپ سۆز باشلىدىم، — باشقا ئەرلەرنىڭ سادىر قىلماسلىقى ھەققىدە ئۆزۈم تەلىم بەرگەن خاتالىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم سادىر قىلدىم. ئايالىمغا ئىبادەتخانىدا بىر لېكسىيە سۆزلەپ بېرىشنى ۋە بۇگۈنكى سۆھبەت ئۈچۈنمۇ باشقا بىر لېكسىيە تەييارلىشنى ئېيتىپ، خەيرلىك كېچە تىلىگىنىمدە ئۇنى سۆيۈپ قويۇشنى ئۇنتۇپتىمەن.

— ئۇنى ئاز دەپ، مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتىپ قويمىدى. — دېدى ئىنگرىد.

— توغرا، ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنىمۇ دېمەپتىمەن ۋە ئۇنى ئەدىيالغىمۇ ئورىماپتىمەن.

— تۇنۇگۈن ئاخشام ماڭا ئېيتقان ئەڭ ئاخىرقى سۆزى، سائەت 7 دە ئورنۇمدىن تۇرۇشۇم ۋە ئىبادەتخانىغا بېرىشتىن ئىلگىرى يۈك-تاقامنى يىغىشتۇرۇشۇم كېرەكلىكىدىن باشقا سۆز بولمىدى، دەپ قوشۇمچە قىلدى ئىنگرىد. ئۇ ئاخىرى كۈلۈپ كېتىپ، — يەنە بىر ئىش، ئۇنىڭغا بىر نەرسە ئوقۇپ بەرسەم، ئاڭلاشقىمۇ چولىسى تەگمىدى، — دېدى.

— راست، ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىشنىڭ ئورنىغا ئەرلەرنىڭ

ئايالىرىنى قانداق سۆيۈشى كېرەكلىكى ھەققىدە بىر لېكسىيە تەييارلىدىم.

— كۆرۈپ تۇرۇپسىز، — دەپ ئىزاھلىدى ئىنگرىد، — ھەممە كىشى ئۆچۈن ۋاقىت ئاجرىتالايدۇ، لېكىن مەن ئۆچۈن ۋاقتى چىقمايدۇ! مەندىن باشقا ھەممە كىشىنىڭ، ھەتتا باش ئاپپاراتتىكى قىزنىڭمۇ ئۇنىڭغا يېقىنلىششى مېنىڭ ئاچچىقىمنى كەلتۈردى.

موررىس ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالغاندى. كېيىن ئىنگرىدگە مۇمكىنقەدەر سىلىقلىق بىلەن:

— تۆۋەندە كۆتۈپ تۇرغىنىمدا باش ئاپپاراتتا ئىشلەيدىغان قىز بىلەن سۆزلىشىپ قالدىم. ئېرىڭىز ئۇنىڭغا، بەزىدە ئائىلە تۇرمۇشىدا ھەقىقىي ۋە مەجبۇرىي بىر كېلىشىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپتۇ. سىزمۇ ۋالتېر بىلەن كېلىشىم تۈزسىڭىز بولىدىغاندەك. قېنى، تونۇگۈن ئاخشام ئوقۇپ بەرمەكچى بولغان نەرسىنى ئوقۇڭ. ئۇ سىزگە قۇلاق سالسۇن. ئاندىن نېمە تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتسۇن.

ئىنگرىد باشقا گەپ-سۆز قىلماي تومپۇچكىنىڭ ئۈستىدىن بىر كىتابچىنى قولىغا ئالدى. ئۇ شىۋېتسارىيەدىكى كاتولىكلار تەرىپىدىن باستۇرۇلغان، نېمىس يازغۇچىسى كارىل كرولوۋ تەرىپىدىن مۇھەببەت ھەققىدە يېزىلغان بىر كىتابچە ئىدى. ئىنگرىد ئۆزى تېگىگە سىزىپ قويغان بىر ئابزاسنى ئوقۇدى:

«مۇھەببەت يۈرەكنىڭ ناھايىتى يېنىك سوقۇشىدۇر. ئۇ ئۇخلاۋاتقان چاغدىكى نەپەستىنىمۇ يۇمشاقتۇر. چۈنكى مۇھەببەت ئەسلا ئۇخلىمايدۇ. ئۇ كۈن نۇرىدەك چەكسىز ئويغاق يورۇق بولۇپ، تۈن يېرىمىنىڭ قارا سۇلىرىغا چۆكىدۇ. بىر ئورۇندا تۇرمايدۇ. ئۇ گۈزەل بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەڭ چوڭقۇر ھېسسىياتلىرىمىزنى قىزغىنلىق بىلەن بېغىشلايمىز...»

ئايالىمغا قارىدىم ۋە ئۇنىڭغا ئامراقلىقىم كەلدى. ئۇنىڭ مەن بىلەن ئورتاقلاشماقچى بولغىنى مانا شۇ ئىدى. ئەمدى ئۇنى چۈشەنگەنىدىم.

— ئەمدى گەپ قىلىش نۆۋىتى ۋالتېرغا كەلدى، — دېدى موررېس. ئۇ بىر سوراقچى سۈپىتىدە ۋەزىپىسىنى ياخشى ئۆتەۋاتاتتى.

— بۈگۈن چۈشتىن ئاۋۋال ئۇنى ئىبادەتخانىدا دوستى گەردا ئانا ھەققىدە سۆزلەپ بەرسە دېگەنىدىم، — دېدىم.

ئىنگرىد قوشۇلدى ۋە:

— چېدىرىمىزنى يېڭىباشتىن تىككىدەك ھالىم قالمىدى، — دېدى ئۇ، — لېكىن خۇدانىڭ چېدىرىغا سېغىنىمەن، ئۇ ماڭا كېرەكلىك بولغان پاناھلىقنى بېرىدۇ.

— سائەت 9 بولدى، — دېدى موررېس، — يىغىن ئېچىش ۋاقتى بولۇپ قالدى، ئىنگرىدنى كۈتسەك كېچىكىپ قالىمىز. لېكسىيە ۋاقتىغا ئارانلا ئۈلگۈرۈپ بارالايمىز.

— ئاۋۋال مېنى ئىبادەتخانىغا ئاپىرىپ قوي موررېس، ئاندىن كېلىپ ئىنگرىد بىلەن يۈك-تاقىلىرىمىزنى ئېلىپ بارارسەن. ئۇ كەلگىچە مەن سۆزلەپ تۇراي، ئاندىن ئۇ سۆزلەيدۇ.

ماشىنىدا كېتىۋېتىپ، موررېس يەنە بىر سوئالنى بارلىقىنى، لېكىن لېكسىيەدىن كېيىن، ئايرودرومغا بارغاچ سورايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئىبادەتخانىغا كىرگىنىمىزدە جامائەت لېكسىيە ئالدىدا ئېيتىدىغان مۇناجاتنى باشلاپ بولغانىدى. ئورۇنلار يەنە لىق تولغانىدى، لېكىن بۈگۈن ئەتىگەنكى كەيپىيات ئالدىنقى ئاخشاملاردىن پەرقلىق ئىدى. كەلگەن كىشىلەر ئورۇنلىرىدا ئۆرە تۇرۇشاتتى. چىرايلىرىمۇ جىددىي ئىدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئىبادەت ئۇسۇلى ئىدى. ئۇلار خۇدانىڭ ھوزۇرىغا كىرىشكە، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئالاھىدە ئاڭلاشقا ھازىر بولۇپ تۇرۇشاتتى. بىزنىڭ دەرھال مۇنبەرگە چىقىشىمىزغا توغرا كەلگەنىدى. لېكسىيە ئاڭلىغۇچىلارنىڭ بۈدۈر قارا چاچلىرىنى كۆزۈمدىن كۆچۈرگىنىمدە دەسلەپكى ئاخشامقىدىن خېلىلا پەرقلىق ئىكەنلىكىنى ئويلىدىم. جامائەت بىلەن ئارىمىزدا گويا بىر چوڭ ئائىلە كىشىلىرىدەك رىشتىنى ھېس قىلدىم. نەچچە يۈزلىگەن ئالقانلار جۈپلىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنىدى.

ئۆزۈمنى ھەر ۋاقىتتىكىدىن ئاجىز ھېس قىلاتتىم. لېكىن بىر نەرسىنى ياخشى بىلەتتىمكى، مەن خۇدانىڭ تەلىمىنى يەتكۈزگۈچى ئىدىم.

ئىنجىلنىڭ «ئەفەسلىكلەر» قىسمىنىڭ 5-باب 25 — 32- گىچە بولغان ئايەتلەرنى ئوقۇش قارارىغا كەلدىم: «ئەي ئەرلەر، ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنى قانداق سۆيگەن بولسا، سىلەرمۇ ئاياللىرىڭلارنى شۇنداق سۆيۈڭلار. ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنى سۇ ۋە خۇدانىڭ سۆزى بىلەن پاكىزلاپ، ئۇنى پاك قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلدى. بۇنىڭدىن مەقسەت، ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنى بىرەر داغ، يامان ئىللەتلەردىن خالى، كۆركەم، مۇقەددەس ۋە قۇسۇرسىز ھالدا ئۆزىگە قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت.

خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، ئەرلەر ئاياللىرىنى ئۆز تېنىنى سۆيگەندەك سۆيۈشى لازىم. ئايالىنى سۆيگەن ئۆزىنى سۆيىدۇ. ھېچكىم ھېچقاچان ئۆز تېنىدىن نەپرەتلەنگەن ئەمەس، ئەكسىچە، خۇددى ئەيسا مەسىھ ئۆز تېنى، يەنى ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنى ئاسراپ ئۇنىڭغا كۆيۈنگىنىدەك، ئۇلارمۇ ئۆز تېنىنى ئاسرايدۇ ۋە ئۇنىڭغا كۆيۈنىدۇ. چۈنكى بىز ئەيسا مەسىھنىڭ تېنىنىڭ ئەزالىرىمىز. شۇ ۋەجىدىن ئادەم ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ ئايالىغا باغلىنىدۇ ۋە ئىككىسى بىر تەن بولىدۇ. بۇ ئايەت چوڭ بىر سىرنى كۆرسىتىدۇ. مەن بۇنى ئەيسا مەسىھ ۋە ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكى ھەققىدە ئېيتىۋاتىمەن. لېكىن بۇنى ئۆزۈڭلارغىمۇ تەدبىقلاپ، ھەممىڭلار ئاياللىرىڭلارنى ئۆزۈڭلارنى سۆيگەندەك سۆيۈڭلار. ئاياللارمۇ ئېرىنى ھۆرمەتلىسۇن.»

دانىيەلمۇ بۇ ئايەتنى ئۆزلىرىنىڭ تىلى بىلەن ئوقۇغاندىن كېيىن، لېكسىيەمنى جۈملىمۇ-جۈملە ئالدىرىماي ئەركىن تەرجىمە قىلىپ بەردى.

- تۆت كۈندىن بېرى ئەر-خوتۇنچىلىق ئۈچ بۇلۇڭى، يەنى

ئايرىلىش، باغلىنىش، بىر تەن بولۇش ھەققىدە توختىلىپ كەلدۇق. بايا ئوقۇغان تېكستتە پاۋلۇس بۇ ئۈچ بۇلۇڭغا يېڭى بىر تەرەپنى قوشتى. ئۇ: «بۇ چوڭ بىر سىردۇر» دەيدۇ. بۇ سۆز تېكستتە ئايرىم ئىككى مەسىلىنىڭ ئارىسىدىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئۇ ئالدىنقى بىر ئايەتنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇنىڭدەك، كېيىنكى ئايەتنىمۇ يورۇتۇپ بېرىدۇ. پاۋلۇس: «بىر ئەرنىڭ ئاتا-ئانىسىنى تاشلىۋېتىشى چوڭ بىر سىردۇر. بىر ئەرنىڭ ئايالىغا باغلىنىشى چوڭ بىر سىردۇر. ئىككىسىنىڭ بىر تەن بولۇشى چوڭ بىر سىردۇر» دېمەكچى بولىدۇ. ھەقىقەتەن شۇنداق. بۇ ھەپتە ھەممىمىز خۇدانىڭ سۆزىنىڭ كۈچى بىلەن تەسىرلەندۇق. بىز مۇقەددەس كىتابتىن كۆرگەن ئايەت بىزنى يېڭى ئۈمىدلەرگە ئىگە قىلدى...

پاتىمە، مەريەم ۋە ئەستەرلەر ئىبادەتخانىنىڭ ئاياللار ئولتۇرغان تەرىپىدە ئولتۇراتتى. ئۇلارغا بىر ھازا قاراپ تۇردۇم. ئۈچىلىسىنىڭ چىرايىدا خۇشاللىق ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەستەرنىڭ چىرايىدا سالماقلىق، مەريەمنىڭكىدە ئىشەنچ ۋە مۇقىملىق، پاتىمەنىڭكىدە بولسا ياخشىلىنىش بەلگىلىرى پەيدا بولغانىدى.

لېكسىيەمنى داۋاملاشتۇردۇم:

— ھەقىقەتەن بۇ چوڭ بىر سىردۇر. كەيىندىن پاۋلۇس يەنە شۇنداق دەيدۇ: «مەن بۇنى ئەيسا مەسىھ ۋە ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكى ھەققىدە ئېيتىۋاتىمەن.» يەنى پاۋلۇس «ئەر ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىدۇ، دېگەندە ئەيسا مەسىھنى دېمەكچى بولىمەن. ئەر-خوتۇنىغا باغلىنىدۇ، دېگەندە ئەيسا مەسىھنى دېمەكچى بولىمەن. ئىككىسى بىر تەن بولىدۇ، دېگەندە ئەيسا مەسىھنى دېيمەكچى بولىمەن» دەپ يازغان.

ياغاچ ئۈچ بۇلۇڭنى يەنە قولۇمغا ئالدىم.

— ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، — دېدىم، — ئۈچ بۇلۇڭىمىزدىكى چوڭقۇر سىر ئەيسا مەسىھنىڭ شەخسەن ئۆزىدۇر. سىلەرگە ئايرىلىش، باغلىنىش ۋە بىر تەن بولۇش جەھەتلىرىدىن

بارلىققا كەلگەن بۇ ئۈچ بۇلۇڭنى يېتەكچى سۈپىتىدە تەقدىم قىلغىنىمدا ئەيسا مەسىھنىڭ شەخسەن ئۆزىنى تەقدىم قىلدىم خالاس.

«ئەر ئاتىسىدىن ئايرىلىدۇ، دېگەندە ئەيسا مەسىھنى دېمەكچى بولىمەن.»

ئۇ بىزنى سۆيگەنلىكى ئۈچۈن ئاتىسىدىن ئايرىلىپ، ئىنسان تېنىدا ئېغىلدا تۇغۇلدى. بوۋاق بولدى، ئەرشتىكى ئۇلۇغلۇقنى تاشلاپ، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇپ ئۆلۈمگە، بولۇپمۇ كرېستتىكى ئۆلۈمگە رازى بولدى.

«ئەر ئانىسىدىن ئايرىلىدۇ، دېگەندە ئەيسا مەسىھنى دېمەكچى بولىمەن.»

ئۇ بىزنى سۆيگەنلىكى ئۈچۈن ئانىسىدىن ئايرىلدى. ئەيسا كرېستتە ئېسىغلىق تۇرۇپ، ئانىسىنى بىر ئوغۇلغا تاپشۇردى. يەنى ئانىسىغا يۇھاننانى كۆرسىتىپ، «مانا ئوغلۇڭ» دېدى ۋە ئانىسىنى يۇھاننىغا كۆرسىتىپ، «مانا ئاناڭ» دېدى.

«ئەر ئايالىغا باغلىنىدۇ، دېگەندە ئەيسا مەسىھنى دېمەكچى بولىمەن.»

ئۇ بىزنى سۆيگەنلىكى ئۈچۈن بىزگە، ئېتىقادچىلار جامائەتـچىلىكىگە، يەنى كېلىنىگە باغلاندى. بىزگە باغلىنىش ھېسسىياتى بىلەن ئايرىلماس بولۇپ باغلاندى. ئىنجىل ئەيسا مەسىھ بىلەن ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئەر-خوتۇنچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئوخشىتىدۇ. «قوزىنىڭ توي كۈنى يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كېلىنىمۇ ھازىرلاندى»، «يىگتى ئۈچۈن پەردازلىنىپ ھازىرلانغان بىر كېلىندەك،... مۇقەددەس شەھەرنى كۆردۈم» (ئىنجىل، «ۋەھىيلەر» 21-باب 2-ئايەت ؛ 19-باب 7-ئايەت). بۇ ھېچقاچان مەسىلە چىقمايدىغان بىر ئەر-خوتۇنچىلىق ئەمەس. ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكى بەزىدە دەھشەتلىك بىر ئايال بولۇشى مۇمكىن. يەنى ئەيسا مەسىھ ئالدىدا نانكور، ئىسيانكار ۋە ساداقەتسىزلىك قىلىشىمىز، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنى رەت قىلغانلىق بولۇشى مۇمكىن.

ئەيسا مەسىھ لائودىكىيادىكى ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىگە بىر

قېتىم شۇنداق دېيىشكە مەجبۇر بولغانىدى: «يا ئىسسىق ئەمەس، يا سوغۇق ئەمەس، ئىلىمانسەن. شۇڭا سېنى ئاغزىمدىن تۈكۈرۈپ چىقىرىۋېتىمەن.» (ئىنجىل، «ۋەھىيلەر» 3ـ باب 16ـ ئايەت)

شۇنداق، مۇھەببەت ئاچچىق سۆزلەردىن نومۇس قىلمايدۇ. لېكىن ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكى قايتا ـ قايتا ساداقەتسىزلىك قىلسىمۇ، ئەيسا مەسىھ ھېچقاچان ئۇنى تاشلاپ كەتمەيدۇ. «ئاڭلا، مەن ھازىر ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ ئىشىكنى قېقىۋاتىمەن. ئەگەر بىرى ئاۋازىمنى ئاڭلاپ ئىشىكنى ئاچسا، ئۇنىڭ يېنىغا كىرىمەن.» (ئىنجىل، «ۋەھىيلەر» 3ـ باب 20ـ ئايەت)

«ئەي ئەرلەر، ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنى قانداق سۆيگەن بولسا، سىلەرمۇ ئاياللىرىڭلارنى شۇنداق سۆيۈڭلار.» ئۇ ھەمىشە ئەپۇ قىلىشقا ھازىردۇر. ئۇ ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنى خۇددى بىر قۇل خوجايىنىنىڭ ئاياغلىرىنى يۇيغىنىدەك يۇيۇپ، تازىلاپ مۇقەددەس قىلدى. ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنىڭ قۇسۇرسىز، داغسىز يالتىراپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ئەيسا مەسىھ بىلەن ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكى ئوتتۇرىسىدا ئەسلا نىكاھتىن ئاجرىشىش بولمايدۇ. ئۇ ئۆزىنى ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىگە ئاتىدى. ئۇ، بۇ گەپ ئاڭلىمايدىغان ئايال ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىدى.

«ئەي ئەرلەر، ئاياللىرىڭلارنى ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنى سۆيگەندەك سۆيۈڭلار.»

«ئىككىسى بىر تەن بولۇپ، بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىدۇ» — دېيىلگىنىگە قارىغاندا، بۇ جۈملىنى شۇنداق تەرجىمە قىلىشقىمۇ بولىدۇ: «ئەي ئاياللار، ئەرلىرىڭلارنى ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنى سۆيگەندەك سۆيۈڭلار.» خۇدانىڭ نەزىرىدە ئىككىسى بىر بولغىنىغا قارىغاندا، بىرى ئۈچۈن توغرا بولغان يەنە بىرى ئۈچۈنمۇ توغرىدۇر.

«ئىككىسى بىر تەن بولىدۇ، دېگەندە ئەيسا مەسىھنى دېمەكچى بولىمەن.»

چۈنكى ئۇ بىزنى سۆيىدۇ. باش بىلەن گەۋدە بىر پۈتۈن بولغىنىدەك، ئۇ بىز بىلەن ھەممىدە ئورتاقتۇر. بىزنىڭ ھەممە نەرسىمىز ئۇنىڭدۇر. كەمبەغەللىكىمىز ئۇنىڭ كەمبەغەللىكىدۇر، قورقۇنچلىرىمىز ئۇنىڭ قورقۇنچلىرىدۇر، ھەسرەتلىرىمىز ئۇنىڭ ھەسرەتلىرىدۇر، گۇناھلىرىمىز ئۇنىڭ گۇناھلىرىدۇر، جازالىرىمىز ئۇنىڭ جازالىرىدۇر، ئۆلۈمىمىز ئۇنىڭ ئۆلۈمىدۇر.

خۇددى شۇنىڭدەك، ئۇنىڭ ھەممە نەرسىسى بىزنىڭدۇر. ئۇنىڭ بايلىقى بىزنىڭ بايلىقىمىز، خۇشاللىقى خۇشاللىقىمىز، ھوزۇر-ھالاۋىتى ھوزۇر-ھالاۋىتىمىز، ئۇنىڭ ئەپۇ قىلغىنى بىزنىڭ ئەپۇ قىلىنغىنىمىز، گۇناھسىزلىقى گۇناھسىزلىقىمىز، ئۇنىڭ ھاياتى بىزنىڭ ھاياتىمىزدۇر.

ئەر-خوتۇنچىلىق ئۈچ بۇلۇڭى ئەيسا مەسىھنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ بىز ئۈچۈن نىمىلەرنى قىلىپ بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. سىلەر بىلەن بىر ھەپتىدىن بىرى ئەر-خوتۇنچىلىق ئۈچ بۇلۇڭى ھەققىدە سۆھبەتلەشتۇق. تېخىمۇ چوڭقۇر مەنىدىن ئېيتقاندا سىلەر بىلەن بىر ھەپتىدىن بىرى ئەيسا مەسىھ ھەققىدە سۆھبەتلىشىۋاتىمىز. ئىنجىلدىكى «كورىنتىيلىكلەرگە يېزىلغان بىرىنچى سالام خەت» نىڭ 2-باب 2-ئايىتىدە دېگىنىدەك، مەنمۇ سىلەرگە، «ئاراڭلاردا كرېستقا مىخلانغان ئەيسا مەسىھتىن باشقا ھېچنەرسىنى بىلمەسلىك قارارىغا كەلدىم» — دەيمەن.

دانىيەلنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى جاراڭلىق چىقاتتى. ئۇنىڭ تەرجىمە قىلىۋاتقان ھەربىر سۆزگە قانچىلىك كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى ھېس قىلاتتىم. گويا مەن دېمەكچى بولغان ھەربىر ئىشنى ئۇ بۇرۇن بىلىدىغاندەك، مېنىڭ ئاغزىمدىن چىقار-چىقماي ئېيتىپ بولاتتى. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاڭلاۋاتقانلارنىڭ بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

— مەن ۋە ئايالىم سۆزلىگەن نەرسىلەرنىڭ كۆپىنى ئۇنتۇپ كېتىشىڭلار مۇمكىن، — دەپ سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم، — لېكىن

شۇنى ئۇنتۇماڭلاركى، ئەيسا مەسىھ سىلەرنى سۆيگەنلىكى، ئىنسانلارچە دوست تۇتقانلىقى ئۈچۈن، ئاتىسىدىن سىلەرنى دەپ ئايرىلدى.

ئەيسا مەسىھ سىلەرنى سۆيگەنلىكى، ھەر بىرڭلارنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا دوست تۇتقانلىقى ئۈچۈن ئانىسىدىن سىلەرنى دەپ ئايرىلدى.

ئەيسا مەسىھ سىلەرنى سۆيگەنلىكى، ئۇنىڭغا باغلانمىساڭلارمۇ سىلەرنى دوست تۇتقانلىقى ئۈچۈن سىلەرگە باغلىنىشنى خالىدى.

ئەيسا مەسىھ سىلەرنى سۆيگەنلىكى، ئەبەدىلئەبەد سىلەرنى دوست تۇتقانلىقى ئۈچۈن سىلەر بىلەن ناھايىتى يېقىن ۋە ئالاھىدە شەكىلدە بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇشنى خالىدى...

ئىبادەتخانا جىمجىتلىقا چۆمگەنىدى. توساتتىن كۆتۈلمىگەن بىر ئىش بولدى. ئالدىنقى رەتتىن بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ، جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن مۇناجات ئوقۇشقا باشلىدى. پۈتۈن جامائەتمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ، چىن قەلبى بىلەن مۇناجات ئوقۇشقا باشلىدى.

دانىيەلگە قارىدىم ۋە:

— قايتىشىمنى تەلەپ قىلىۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ياق، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ، — لېكسىيەلىرىڭىزدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈرۈۋاتىدۇ. خۇشاللىقلىرىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. شۇنىڭدەك، لېكسىيەڭىزنى يېڭى كۈچ بىلەن داۋاملاشتۇرۇشىڭىز ئۈچۈن سىزنى بىرئاز دەم ئالدۇرماقچى بولۇشتى.

ھەقىقەتەن بۇنداق ئاڭلىق ئىبادەتخانا جامائەتچىلىكىنى ئۇچراتمىغانىدىم.

— نېمە دېيىشىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدىم دانىيەلدىن.

— خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتىنى كۈيلەۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

مۇناجات تاماملانغاندا پاتىمەنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغىدەك مەخسۇس بىر سۆز تېپىش ئۈچۈن ئىچىمدە دۇئا قىلىپ، لېكسىيەمنى داۋاملاشتۇردۇم:

— ئىچىڭلاردىن بىرى ئەر-خوتۇنچىلىق ئۈچ بۇلۇڭىدىن بىر

چېدىرنىڭ شەكلىنى كۆردى. بۇ مېنى ئەر-خوتۇنچىلىق سىرىدا يېڭى بىر چۈشەنچىگە ئىگە قىلدى.
ئىنجىل بۇ دۇنيا ئاخىرلاشقان ۋە كۆزىمىزدىن ئاققان ھەر تامچە ياش ئېتىلغاندىن كېيىن، يېڭى يارىتىلىشنى تونۇشتۇرىدۇ. ئاندىن خۇدا ۋە ئۇنىڭ بەندىلىرى ئائىلىلىك جورىلاردەك بىرلىكتە بىر چېدىرنىڭ دالدىسىدا ياشايدۇ. «مانا خۇدانىڭ ماكانى ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىدۇر. خۇدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشايدۇ.» (ئىنجىل، «ۋەھىيلەر» 21-باب 3-ئايەت.) لېكىن بۇ ۋاقىت يېتىپ كەلگىچە خۇدانىڭ ئارىمىزدىكى چېدىرى ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزىدۇر. ئۇ ئايرىلىش، باغلىنىش، بىر تەن بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈۋرۈكلۈك بىر چېدىر بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن چېدىرىمىزنىڭ مەنىسى يالغۇز ئائىلىلىكلەرگىلا قارىتىلغان ئەمەستۇر. ئەيسا مەسىھ بىلەن بولغان بىرلىك ئىچىدە ئائىلىلىك بولمىغانلارمۇ خۇدانىڭ چېدىرى ئىچىدە پاناھلىنىدۇ. ئەيسا مەسىھ ئاتا ۋە ئانىسىنى ئۇلار ئۈچۈن تاشلىۋەتتى، ئۇلار بىلەن باغلاندى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە بولدى. ئۇلار ئەيسا مەسىھ بىلەن بولغان بىرلىك ئىچىدە ھاياتى ئۈچۈن ئۈمىد، قانائەت، ئەركىنلىك ۋە خۇشاللىقققا ئىگە بولىدۇ. ماكانىنى، چېدىرلىرىنى ئەيسا مەسىھ بىلەن بولغان بىرلىك ئىچىدە تاپىدۇ. ئەيسا مەسىھ بۇ دۇنياغا كەلگەندىن بېرى ئۇنىڭدا بولغانلارنىڭ بىرسىمۇ چېدىرسىز قالغىنى يوق...
سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئىبادەتخانىنىڭ چوڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، موررىس بىلەن ئىنگرىد كىردى. لېكسىيە ئاڭلىغۇچىلار باشلىرىنى بۇراپ ئۇلارغا قاراشتى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ:
— ئايالىمنى بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلسام قانداق دەيسىلەر؟ — دېدىم.
ئۇلار بۇ تەلەپنى دەرھال قوبۇل قىلىشتى.
— ئىنگرىد بىزگە خۇدانىڭ چېدىرى ئىچىدىكى ئەر-خوتۇنچىلىققا مىسال سۆيپىتىدە گەردا ئانا ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق؟

دانيەل ئەستەرگە ئىنگرىدنىڭ سۆزلىرىنى تەرجىمە قىلىپ بېرىشنى ئىشارەت قىلدى. بىز دانيەل بىلەن مۇنبەردە تۇرغىنىمىزدا بۇ ئىككى ئايال مۇنبەرنىڭ ئالدىدىكى كەڭ جايدا ئۆرە تۇراتتى.

ئىنگرىدنىڭ بۇرۇنقى ھالىغا كەلگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ چىرايىدا ئۇيقۇسىزلىق ۋە كۆز ياشلىرىنىڭ بەلگىسى يوق ئىدى.

— ئېرىم بىلەن ئىككىمىزنى نىكاھ قىلغان دىنىي خادىمنىڭ يەتتە پەرزەنتى بار ئىدى، — دەپ سۆز باشلىدى ئۇ، — ئوتتۇز يىللىق ئائىلە تۇرمۇشىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئايالى قاتتىق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپتۇ. مېڭىسىدە ئۆسمە پەيدا بولۇپ، ئارىلاپ-ئارىلاپ ئەقلىدىن ئازىدىغان بولۇپ قاپتۇ. غەلىتە بىر ئىستەك بىردىنلا ئۇنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇپتۇ. شۇڭا ئېرى ئايالىنى كېچە-كۈندۈز كۆزىتىشكە توغرا كەپتۇ.

كېسىلى ئېغىرلاشقانچە گەپ-سۆزلىرىمۇ نورمالسىزلىنىپتۇ. ئېرى ئايالىنىڭ ھەممە ئىشىغا ياردەم بېرىشكە توغرا كەپتۇ. تاماق يېگۈزۈشى، باش-كۆزىنى يۇيۇشى، كىيىندۈرۈشى كېرەك بولۇپتۇ. بۇ ئەھۋال ئون بەش يىل داۋاملىشىپتۇ...

ئىبادەتخانىدىن ھەيرانلىق ۋە ئالقىش ساداسى كۆتۈرۈلدى. ئىنگرىد سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— دوستلىرى ئۇنىڭغا، ئايالىنى ساقايماس كېسەللەر ئورنىغا ياكى كېسەلخانىغا ئاپىرىپ قويۇشى توغرىلىق مەسلىھەت بەرسىمۇ، ئۇ ھەممىسىنى رەت قىلىپ، «ئۇ مېنىڭ ئايالىم ۋە يەتتە بالامنىڭ ئانىسى، ئۇنى كېسەلخانىغا بەرمەيمەن» دەپتۇ. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن بىرئاز بۇرۇن ئۇنى يوقلاپ بارغانىدىم. ئۇ شۇ كۈنى ئازراق گەپ قىلالايدىكەن. ئۇ ماڭا: «ئىنگرىد، ۋالتېر بىلەن ئىككىڭلار ھەر قانداق چاغدا ئەر-خوتۇنچىلىق ھەققىدە گەپ قىلساڭلار، ئېرىمنىڭ مېنى توي كۈنى سۆيگەندەك سۆيۋاتقانلىقىنى ئېيتىڭلار» دېدى...

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغۇچىلار چوڭقۇر بىر جىمجىتلىققا چۆكۈشتى.

ئىنگرىد بىلەن ئەستەر ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرۇشتى. مەن بىرئازدىن كېيىن مۇنبەرگە چىقىپ سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم:

— بۇ مۇھەببەت ئەيسا مەسىھنىڭ ئىپتىقادچىلار جامائەتـ-ـچىلىكىگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ ئىنكاسىدۇر. ئەيسانىڭ مېھىر-مۇھەببىتىدىن خۇدانىڭ ئەر-خوتۇنلاردىن قانداق بىللە ياشىشىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. ئەر-خوتۇن خۇدانىڭ تەلىپى بويىچە بىرلىكتە ياشىسا، ئەر-خوتۇنچىلىقى بىر ئەينەكتەك ئەيسا مەسىھنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

مارتىن لۇتېر: «ئەر-خوتۇنچىلىق بىزنى خۇداغا ئىشىنىشكە مەجبۇرلايدۇ» دېگەنىدى. ئامىن!

مۇنبەردىن چۈشۈپ ئايالىمنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم. دانىيەل لېكسىيەنى پەرۋەردىگارغا دۇئا ۋە بىر مەدھىيە مۇناجاتى بىلەن ئاياغلاشتۇردى.

# 10

ئىبادەتخانىدىن چىقىپ ئاران بىر نەچچە كىشى بىلەنلا قولللىرىمىزنى سىقىشىپ خوشلىشىشقا ۋاقتىمىز يەتتى. ئاندىن ئايرودرومغا قاراپ ئالدىراپ يولغا چىقتۇق.

مورربىس بىزنى ئۆز ماشىنىسى بىلەن ئاپىرىپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن دانىيەل بىلەن ئەستەر ئۆزلىرىنىڭ ماشىنىسىدا ئىلىپ ماڭماقچى بولۇشتى. بۇ بىزنىڭ ئۇلار بىلەن يېرىم سائەت بىللە بولۇشىمىزغا ئىمكانىيەت بېرەتتى. تىموتىي، مەريەم ۋە پاتىمەلەر مورربىسنىڭ ماشىنىسىغا چۈشمەكچى بولدى. دانىيەلنىڭ ئۈچ ياشلىق ئوغلى پاتىمەگە ئەگىشىۋالدى. ئۇلار بىر-بىرىدىن ئايرىلماس قېرىنداشلاردىن بولۇپ قالغاندى.

ماشىنىغا چۈشۈپ تۇرۇشۇمغا پاتىمە ماڭا قېلىن بىر كونۋېرتنى ئۇزاتتى. مەن ماشىنىنىڭ ئەينىكىنى چۈشۈرۈپ كونۋېرتنى قولۇمغا ئالدىم. ئۇ:

— خوشلىشىشتىن ئاۋۋال ئوقۇپ باقارسىز، — دەپ قويۇپ مورربىسنىڭ ماشىنىسىغا چۈشتى.

خەت ئىنگرىد بىلەن ئىككىمىزگە يېزىلغانىدى. شۇڭا ئالدى بىلەن ئىنگرىدگە بەردىم. ئىنگرىد كونۋېرتنى ئېچىۋېتىپ دانىيەلدىن:

— ۋالتېرنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرى قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى. ئۇنىڭ قولىدىكى خەتنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنىدا ئەمەسلىكىنى پەرەز قىلغانلىقى ئېنىق ئىدى.

— مېنىڭچە، بۇ لېكسىيە روھىي جەھەتكە سەل قارىغان نىكاھ ئىشلىرى مەسىلىھەتچىسىنىڭ بۇ خىزمەتكە لايىق ئەمەسلىكىنى كۆرسەتتى، — دەپ جاۋاب قايتۇردى دانىيەل ماشىنىنى ئوت ئالدۇرغاچ، ئاندىن، — سىلەر ئارقىلىق خۇدا بىزگە ئىلھام بەردى، يەنە بىر نەچچە كۈن تۇرغان بولساڭلار ياخشى بولاتتى، — دەپ قوشۇپ قويدى.

— مېنىڭمۇ كۆڭلۈم يېرىم، — دېدىم، — ئۇزۇنراق تۇرساق بولاتتى. لېكىن بۇ قېتىم بارىدىغان يەردە ئون كۈن لېكسىيە سۆزلەيمىز. بىرىنچى لېكسىيە بۈگۈن ئاخشام ئوقۇلىدۇ. لېكسىيەگە ئەللىك جۈپ جورا قاتنىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتىگەن ۋە چۈشتىن كېيىن دەرس بېرىمىز، بۇ يەردىكى تۆت كۈننى بىزنى تەكلىپ قىلغان خېتىڭلارنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئارىغا قىستۇردۇق، ئۆيدە كىچىك باللار بولغانلىقتىن بۇ يەرگە بالدۇرراق كېلەلمىدۇق. ئائىلە ھاياتى ھەققىدىكى خىزمەتلىرىمىز سەۋەبىدىن ئۆز باللىرىمىزغا بېپەرۋالىق قىلساق، ھەقىقەتەن بىر زىددىيەت بولىدۇ.

— چۈشىنىشلىك، — دېدى ئەستەر، — بۇ يەرگە كېلىشىڭلارغا رۇخسەت قىلغانلىقى ئۈچۈن باللىرىڭلارغا رەھمەتلىرىمىزنى يەتكۈزۈپ قويۇڭلار.

— بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردىم.

كەينىدىن ئىنگرىدنىڭ سۆزىمىزگە ئارىلاشمىغانلىقىنى سەزدىم. ئۇنىڭ چىرايىدىن بايىقى خەتتىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ گەپ-سۆز قىلماي، بىرىنچى ۋاراقنى ماڭا ئۇزاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئايرودرومغا كەلگىچە گەپلەشمىدۇق. پاتىمە خېتىدە پۈتۈن ئۆتكەن ھاياتىنى بىزگە ۋە خۇداغا ئوچۇق-ئاشكارا كۆرسەتكەنىدى.

خەت شۇنداق باشلانغانىدى: «ئۆتكەن بىر نەچچە كۈن داۋامىدا ھاياتىمنى خۇدانىڭ نەزىرى بىلەن بىرىنچى قېتىم كۆرتىپ چىقتىم.

ئەمدى بىلدىمكى، قىلغان ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي خاتا ئىكەن. خۇدانى ئۇنتۇپ، ئۆزۈم بىلگەن يولدا مېڭىپتىمەن. ھاياتىمدىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە خۇدا ئەمەس، ئۆزۈم بوپتۇ. ھازىر ھاياتىمنىڭ چىگىش بولۇشىنىڭ سەۋەبى مانا شۇ...»

خەتتە يېزىلىشىچە، مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك، ئۇ ھەمىشە بىر ماكان ئىزدىسىمۇ، زادى تاپالماپتۇ. دادىسى ئۇنىڭ دەسلەپ تەلەپ قويغان يىگىتى بىلەن توي قىلىشىغا قوشۇلمىغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن ئۆز يېزىسىدىن يىراق بىر يەرگە قاچقانىكەن. كېيىن دادىسى ئۇنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن كۆپ ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇ جاھىللىق بىلەن رەت قىلىپتۇ. ئۇنىڭ، يىگىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قانۇنلۇق بولغان-بولمىغانلىقى ئانچە ئېنىق ئەمەس ئىكەن. شۇڭا ئۇ:«بۇ كىشى بىلەن خۇدانى نەزەردە تۇتماي ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ نىكاھلاندىم» ــ دەپ ئىزاھلاپتۇ. پاتىمە ئۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە ئاي بىللە بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ باشقا بىر ئايالدىن بالىسى بارلىقىنى بايقاپتۇ. بۇ ئارىدا ئۆزىمۇ ھامىلدار بولۇپ قالغانلىقتىن ئۇنىڭدىن ئايرىلالماپتۇ.

خەتنىڭ ئاخىرقى قىسمى، ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ نەقەدەر قورقۇنچلۇق بولىدىغانلىقىنىڭ بىر مىسالى ئىدى: ئۇ يىگىت ھەممە يامانلىقلاردا بار ئىكەن. ئۇنىڭدا ھاراق ئىچىش، ئىشەنچسىزلىك، تالاش-تارتىش، جېدەل-ماجىرا قىلىش، ساداقەتسىزلىك قاتارلىقلارنىڭ ھېچبىرى كەم ئەمەس ئىكەن. خەتتە يەنە، «زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشكە باشلىدىم، پالچى، رەمچىلەرگە باردىم» دەپ يېزىلىپتۇ. بۇ شەھەرگە كەلگىچە بىر ماكان ئىزدەپ شەھەرمۇ-شەھەر، يېزىمۇ-يېزا كېزىپتۇ. ئاخىرى ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپتۇ. لېكىن ئوغلىنى دادىسىغا بېرىۋېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ. يوھان ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىشتىن ئىلگىرى قانچىسى بىلەن بىللە بولغانلىقىنىمۇ ئەسلىيەلمەيدىكەن.

خەت مۇنداق ئاياغلاشقانىدى: «بۇ كىشىلەرنى ئەيىبكە

بۇيرۇمايمەن. ھەممە گۇناھ ئۆزۈمدە. بىلىپ تۇرۇپ خۇدانىڭ پۈتۈن ئەمرلىرىگە خىلاپلىق قىلدىم. ئاتا-ئانامنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدىم، ئۇلارغا يالغان ئېيتتىم. مەن ئېرىنى ئالدىغان بىر ئايال ھەمدە قاتىلمەن. بالامنى ئۆلتۈردۈم. جىنىمدىن كەچمەكچى بولدۇم. خۇدانىڭ ماڭا بەرگەن جازاسى ھەقلىق ئىدى.

لېكىن خۇدادىن مېنى كەچۈرۈشنى تىلەيمەن. ئۆزۈمنى ئۆز كۈچۈم بىلەن ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرەلمەيمەن. ئەيسا مەسىھنىڭ مەن ئۈچۈن ئۆلگەنلىكىگە، شۇ سەۋەبتىن مېنىڭمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن. ھاياتىمنى يېڭىباشتىن باشلاشنى خالايمەن. چېدىرىمنى تىكىشىمگە ياردەم قىلغايسىلەر.»

ئايرودرومغا يېتىپ كەلگىنىمىزدە، پاتىمەنىڭ خېتىنى ئوقۇپ بولغاندۇق. موررېس بىزدىن بۇرۇن بارغانىدى. مەريەم بۇ يەرنىڭ خىزمەتچىسى بولغاچقا ئىش ئورنىغا كەتتى. پاتىمە موررېس بىلەن تىموتىينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى. بىزنى كۆرگىنىدە ئىزا تارتىپ كەينىگە قارىۋالدى.

دانىيەل ماشىنىسىنى موررېسنىڭ ماشىنىسىنىڭ يېنىغا توختاتتى. ئىنگرىد ماشىنىدىن چۈشۈپ پاتىمەنى قىرىنداشلارچە يېقىملىق بىلەن قۇچاقلىدى. پاتىمەنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، بېشىنى ئىنگرىدنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ يىغلىۋەتتى.

ــ يەنە قانچىلىك ۋاقىت قالدى؟ ــ دەپ سورىدىم دانىيەلدىن.

ــ ھازىر سائەت دەل11 بولدى. ئۇچۇش ۋاقتىنى ئېلان قىلىشقا يېرىم سائەت قالدى.

ــ ناھايىتى ياخشى. ئۇنداقتا، بۇ يەردىكى خىزمىتىمىزنى ئاخىرقى مىنۇتقىچە داۋاملاشتۇرايلى. بىلەتلىرىمىز مانا. موررېس بىلەن تىموتىي چامادانلىرىمىزنى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈپ تۇرسا قانداق؟ ئەستەر ئىككىڭلار قول سومكىلىرىمىزنى ئىشىك ئالدىغىچە ئاپىرىشىپ بېرەلەمسىلەر؟

ئۇلارنى ئىشقا بۇيرۇۋېتىپ، ئىنگرىد بىلەن ئىككىمىز پاتىمەنى

ئارىمىزغا ئېلىپ، كۈتۈش زالىغا كىردۇق. بۇ يەر ئادەمگە لىق تولغان بولۇپ، ناھايىتى ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئىدى. ئۈچ ئورۇندۇق تېپىپ ئولتۇردۇق.

— بەك ھەيران بولدىڭىزغۇ دەيمەن؟ — دەپ سورىدى پاتىمە.

— ياق، بەك خۇش بولدۇم.

— خۇش بولدىڭىزمۇ؟

— خۇش بولدۇم، چۈنكى بىر گۇناھكار تۇۋا قىلغىنىدا جەننەتتە زور خۇشاللىق سادالىرى ياڭرايدۇ...

پاتىمە ئەيىبلىمىگەنلىكىمىزدىن خاتىرجەم كۆرۈنەتتى.

— كەچۈرۈم قىلىنارمەنمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— كەچۈرۈم قىلىنىسىز، — دەپ جاۋاب قايتۇردۇم، — بىراق ئالدى بىلەن خەتنى بىزگە ئەمەس خۇداغا يازغانلىقىڭىزنى بىلىشىڭىز كېرەك. بىز بولساق پەقەت سىزنىڭ گۇۋاھچىلىرىڭىز، خالاس.

— شۇنداق، بۇنى بىلىمەن.

— بىزنىڭ كەچۈرۈشىمىزنى خۇدانىڭ كەچۈرۈشى، دەپ تونۇشنى خالامسىز؟

— شۇنداق، خالايمەن.

— ئۇنداقتا خېتىڭىزنىڭ ئاخىرقى ئابزاسىنى ئوقۇڭ.

كونۋېرتنى پاتىمەگە ئۇزاتتىم.

— ئاخىرقى ئابزاستىن سەل بۇرۇنراق باشلاپ ئوقۇي، — دېدى ئۇ. ئاندىن ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپ، ھەربىر سۆزىنى ئوچۇق تەكىتلەپ ئوقۇدى: «خۇدانىڭ پۈتۈن ئەمرلىرىگە خىلاپلىق قىلدىم، ئاتا-ئانامنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدىم. ئۇلارغا يالغان ئېيتتىم. مەن ئېرىنى ئالدىغان بىر ئايال ھەمدە قاتىلمەن، بالامنى ئۆلتۈردۈم.»

پاتىمانىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ، ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى. پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەيتتى.

— بىر جانغا زامىن بولغانلىقىمنى بىلەمسىلەر؟ — دەپ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ يىغلىغىنىچە، — بالىنى چۈشۈرۈۋېتىش، كىم نېمە دېسە

دېسۇن، جىنايەتتۇر. بۇنى قانداق ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمەن؟ — دېدى.

ئىنگرىد سول قولى بىلەن پاتىمەگە ئېسىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— پاتىمە، بەزى ئىشلار باركى، ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. ئۇلارنى كۆرمەسكە سالماقتىن باشقا چارە يوق.

شۇنداق قىلىپ پاتىمە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى: «مەن جېنىمدىن كەچمەكچى بولدۇم، خۇدانىڭ ماڭا بەرگەن جازاسى ھەق. لېكىن خۇدادىن مېنى كەچۈرۈشنى تىلەيمەن. ئۆزۈمنى ئۆز كۈچۈم بىلەن ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرەلمەيمەن، لېكىن ئەيسا مەسىھنىڭ مەن ئۈچۈن ئۆلگەنلىكىگە، شۇ سەۋەبتىن مېنىڭمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن. ھاياتىمنى يېڭىباشتىن باشلاشنى خالايمەن. چېدىرىمنى تىكىشىمگە ياردەم قىلغايسىلەر.» پاتىمە خەتنى كونۋېرتكە سېلىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئۇنىڭ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم.

زالدا ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىشىپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى بىزنى چۈشىنەلمەي قارىشىپ قوياتتى. رادىئو خەۋەر بېرىشكە باشلىدى.

بىز ئەتراپىمىزدىكى ھەممىنى ئۇنتۇپ، خۇدانىڭ ھوزۇرىغا سېغىنغانىدۇق. ئۇ يالغۇز ئىبادەتخانىدىلا ئەمەس، ئايرودرومدىمۇ بىز بىلەن بىللە ئىدى.

سول قولۇمنى پاتىمەنىڭ دۇئا قىلىۋاتقان قوللىرىنىڭ ئۈستىگە قويدۇم. ئىنگرىدمۇ سول بىلىكىنى پاتىمەنىڭ بويىنىغا، ئوڭ قولىنى ئىككىمىزنىڭ قولىمىزنىڭ ئۈستىگە قويدى.

خۇداغا شۇنداق مۇراجىئەت قىلدىم:

— ئى خۇدا، گۇناھلىرىمنى كەچۈرگەنلىكىڭ ئۈچۈن ۋە ھازىر سەندىن ئالغىنىمنى باشقىلارغا يەتكۈزەلىگەنلىكىم ئۈچۈن ساڭا شۈكۈر قىلىمەن.

ئاندىن ئوڭ قولۇمنى پاتىمەنىڭ بېشىغا قويۇپ شۇنداق دېدىم:

ــ قارا، خۇدا نېمە دەيدۇ: «پاتىمە، قورقما، قورقما، سېنى گۇناھلىرىڭدىن قۇتقۇزدۇم. سېنى ئىسمىڭ بىلەن چاقىردىم. سەن ماڭا مەنسۇپ، گۇناھلىرىڭ قاندەك قارا بولسىمۇ، قاردەك ئاپئاق بولىدۇ. توق قارا بولسىمۇ، قوي يۇڭىدەك ئاپئاق بولىدۇ. غەيرەت قىل پاتىمە. گۇناھلىرىڭ كەچۈرۈلۈم قىلىندى. ئەمدى قايتا گۇناھ سادىر قىلما. گۇناھ سادىر قىلغانلىقى كىشى گۇناھنىڭ قۇلىدۇر. ئەگەر ئەيسا مەسىھ سېنى ھۆر قىلسا، ھەقىقەتەن ھۆر بولىسەن.» (تەۋرات، «يەشايا» 1ـباب 18ـئايەت، 43ـباب 1ـئايەت ۋە ئىنجىل، «ماتتا» 9ـباب 2ـئايەت، «يوھاننا» 8ـباب 11ـ، 34ـ، 36ـ، ئايەت)

ئىنگرىد يەنە شۇنى قوشۇپ قويدى:

ــ سىزگە تەۋراتتىكى «يەرەميا» قىسمىنىڭ 3ـباب 14ـئايىتىنى ئالاھىدە تەقدىم قىلىمەن: «قايتىپ كېلىڭلار، ئەي ساداقەتسىز پەرزەنتلەر، مەن سىلەرنىڭ ئىگەڭلار، ــ دەيدۇ خۇدا.»

پاتىمە كۆزلىرىنى يۇمغان پېتى مىدىرلىماي ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ تەنلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەيتتى. كەينىدىن شۇنداق دېدى:

ــ مەن ھازىر خۇدانىڭ چېدىرى ئىچىدە، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ــ شۇنداق، خۇدانىڭ چېدىرى ئىچىدىسىز، ئىنگرىدنىڭ دېگىنىدەك، خۇدا سىزنى ئۆز ئەمرىگە ئالدى.

ــ بۈگۈن ئاخشاملىقىقا نەرسە-كېرەكلىرىمنى يوھاننىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ كېتىمەن، ــ دېدى ئۇ.

ــ ئەستەر بىلەن بىللە بېرىڭ.

ــ ماقۇل، ئالدىمىزدىكى بىر نەچچە ھەپتە ئۈلارنىڭكىدە تۇرىمەن. ئەستەر ماڭا ماكان ھەققىدە نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكىڭلارنى ئېيتتى. دانىيەل ماڭا بىر ماكان تېپىشقا ياردەملەشمەكچى بولدى...

رادىئودىن بىز چۈشىدىغان ئايروپىلاننىڭ نۆۋىتى كەلگەنلىكى ئۇقتۇرۇلدى.

ــ يەنە ئىككى ئىش بار پاتىمە، ــ دېدىم، ــ بىرىنچىسى، سىز ھۆر، پۈتۈنلەي ھۆر. ئۆتمۈش خۇدانىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلدى. ئەگەر

كەچۈرۈم قىلىنغان گۇناھلىرىڭىز بىلەن ئۆزىڭىزنى بىئارام قىلىسىڭىز، يېڭى بىر گۇناھ سادىر قىلغان بولىسىز.
— چۈشەندىم.
— ئىككىنچىسى، خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى خۇددى قاراڭغۇ ئۆيگە چۈشكەن ۋە بارغانسېرى چوڭىيىۋاتقان يورۇقلۇققا ئوخشايدۇ، لېكىن بۇ ئۇزۇن مەزگىل داۋام قىلىدىغان بىر ئىشتۇر. بۇندىن كېيىنكى كۈنلىرىڭىزدە تېخى كۆرۈپ باقمىغان تېخىمۇ قاراڭغۇلۇقلارنى كۆرىسىز. ئەگەر ئۇنداق كۈنلەرگە ئۇچرىسىڭىز نائۈمىد بولماڭ، بۇ، ھاياتىڭىز خۇدانىڭ نۇرى ئاستىدا دېگەنلىك بولىدۇ.
— رەھمەت سىزگە.
دانىيەل ئالدىمىزغا يۈگۈرۈپ كەلدى.
— چاپسان بولۇڭلار، يولۇچىلار ئايروپىلانغا چىقىشقا باشلىدى. سىلەر تېخى پاسپورتۇڭلارنىمۇ تەكشۈرتمىدىڭلار.
— لېكىن ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش ۋاقتىنى تېخى ھازىر ئۇقتۇردى.
— ئۇ ئىككىنچى قېتىم ئۇقتۇرۇشى، بىرىنچىسىنى ئاڭلىماي قاپسىلەر.
بىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، تېز قەدەم بىلەن دانىيەلنىڭ كەينىدىن ماڭدۇق. مەن خىزمەتچىگە پاسپورتىمىزنى بەرگىنىمدە پاتىمە ئىنگرىدنىڭ يېنىدا تۇراتتى.
— ئۆزىڭىزنى قانداق ھېس قىلىۋاتىسىز پاتىمە؟ — دەپ سورىدى ئىنگرىد.
ئۇ بىر دەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:
— بىر قىسما ھېس قىلىۋاتىمەن، يالغۇزمەن، شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى يالغۇز، دەپ ھېس قىلمايمەن، — دېدى.
— شۇنداق، مۇھىمى شۇ. مېنىڭچە يالغۇز قالمايمەن دېگەن كىشى نىكاھلىق بولۇشى كېرەك. خۇدا ئۆزىڭىزنى ئىسپاتلىشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ.
ئىنگرىدگە پاسپورتنى بەردىم. ئاندىن مەريەم بىلەن كىرىش ئىشىكىگە قاراپ يۈگۈردۇق.

ئەستەر بىلەن دانىيەل قول سومكىلىرىمىزنى قولىمىزغا بەردى. قوللىرىمىز بىكار بولمىغاچقا دوستلىرىمىز بىزنى سەمىمىي قۇچاقلاپ خوشلاشتى.

خوشلىشىش ئۈچۈن موررىبىسقا قارىغىنىمدا، ئۇنىڭ مەندىن سورايدىغان سوئاللىرى بارلىقىنى ئېسىمگە ئالدىم.

— سوئاللىرىڭىزنى خەت ئارقىلىق سورارسەن، — دېدىم.

ئۇ كاستۇمىنىڭ يانچۇقىغا كونۋېرتنى سالغاچ:

— خەتنىمۇ يېزىپ قويدۇم، — دېدى.

بىزنى ئايروپىلانغىچە ئۇزىتىپ بېرىشقا رۇخسەت ئالغان يالغۇز مەريەم ئىدى. ئۇ ھەر ۋاقىتتىكى ئوچۇقلۇقى بىلەن سورىدى:

— تىموتىيغا بولغان ھېسسىياتلىرىمنىڭ ئەر-خوتۇنچىلىق ئۈچۈن يېتەرلىك بولمىغانلىقىدىن قورققان دەسلەپكى خېتىم ئېسىڭىزدىمۇ؟ — دەپ سورىدى، — سىز ماڭا ھېسسىياتلىرىمغا قۇلاق سېلىشىمنى، قىزلارنىڭ مۇھەببەتتىن مەھرۇملۇقىنى ئەرلەردىنمۇ بالدۇر ھېس قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدىڭىز. ھازىر ئەنسىرەيدىغىنىم، ئىشلار ئۆز يولىدا داۋاملىشىشقا باشلىغان چاغدىمۇ بالدۇر ھېس قىلالامدۇ؟

— سىز نېمىنى ئويلاۋاتىسىز مەريەم؟

ئۇ دەرھال جاۋاب قايتۇرمىدى. ئايروپىلانغا چىقىش شوتىسىنىڭ پەلەمپەيلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەنىدۇق.

— مېنىڭچە شۇنداق، — دېدى.

تەستىقلەش ئۈچۈن پەقەت قول پۇلاڭلىتىشقىلا ئۈلگۈردۈم. ئايروپىلانغا ھەممىدىن كېيىن چىققان بىز ئىدۇق. ئورۇنلىرىمىزدا ئولتۇرۇپ بىخەتەرلىك كەمەرلىرىنى باغلاۋاتقىنىمىزدا، كۈتكۈچى ئىشىكنى تاقىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئايروپىلان قوزغالدى.

ئايروپىلانىنىڭ ئۇچۇش يولى كۆزدىن غايىب بولدى. يەر يۈزى يىراقلاشتى. ئايروپىلان ئاسمان قەھرىگە چىقتى.

— موررىبىسنىڭ خېتىنى ئېچىڭە دېدى ئىنگرىد.

ـــ پاتمەنىڭكىدەك بىر تۇۋا قىلىش خېتىمىكىن؟
ـــ باشقا بىر نەرسە ئىككەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتىمەن.
ـــ سىزنى بۇنداق ئويلاندۇرغان نەرسە نېمە؟ ئايالىلىق سەزگۈمۇ؟
ـــ شۇنداق.
ـــ خەتنى ئېچىشتىن ئاۋۋال ئېيتىڭ.
ـــ موررېسنىڭ پاتىمەنى ئايرودورومغا ئېلىپ چىقىشى ئورۇنلاشتۇرۇلغاندا ئۇنىڭ قانچىلىك خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىنى سەزمىدىڭىزمۇ؟
ـــ نېمە دېمەكچى بولىسىز؟
ـــ خەتنى ئوقۇپ كۆرۈڭ.

بۇنداق ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم. كونۋېرتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدىم: «خۇدا شۇنداقلا بىر كېلىشتۈرگۈچىمۇ؟ سىز پاتىمە بىلەن كۆۋرۈكتە سۆزلىشىۋاتقاندا مەن دۇئا قىلغانىدىم، مانا شۇ چاغدا جاراڭلىق بىر ئاۋاز ماڭا: «ۋالتېر سۆزلىشىۋاتقان قىز ئايالىڭ بولغۇسى» دېدى. بۇ غەلىتە بىر ئىش ئىدى. ئۇنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدىم. كىم ئىكەنلىكىنىمۇ ئويلاپ باقمىغانىدىم. قانداق بىرى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتىم. پەقەت قاراڭغۇدا قارىسىنىلا كۆرگەنىدىم. بۇ خۇدانىڭ ئاۋازىمىدۇ؟ ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا ماڭا «ھەئە» ياكى «ياق» دەپ تېلېگراممىا بەرگەيسىز.»

ـــ بىچارە موررېس، ـــ دېدىم ئۆز-ئۆزۈمگە، ـــ پاك بىر قىز بىلەن نىكاھلىنىشنى ئىنتايىن ئارزۇ قىلاتتى. ئاخىرىدا پاتىمە بىلەن نىكاھلىنىدىكەندە.

ئىنگرىد ماڭا قارىشى چىقتى:

ـــ بىراق ئەيسا مەسىھنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى بىلەن ئۇ پاك قىز بولۇپ پاكلاندى.

ئىنگرىد توغرا ئېيتاتتى.

كۆتكۈچىنى چاقىرىپ، ئايروپىلاننىڭ ئايرودورۇم بىلەن سىمسىز ئالاقىسى بار-يوقلۇقىنى سورىدىم.

— بار، لېكىن شەخسىي سۆزلىشىشكە بولمايدۇ.

— ئايرودورومدا ئىشلەيدىغان بىر خىزمەتچىڭلارغا ئېيتىدىغان ناھايىتى مۇھىم بىر سۆزۈم بار ئىدى.

كۈتكۈچى سۆزۈمنى يەتكۈزۈشكە ئۇرۇنۇپ كۆرۈشكە ۋەدە بەردى. مەريەمنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ شۇنداق دېدىم: دەيدىغىنىم ئۈچ سۆز: موررېسقا «ھەئە» دەڭ.

بىردەم جىمجىتلىقتىن كېيىن ئىنگرىد بېشىنى بۇراپ ماڭا قارىدى.

— نېمىنى ئويلاۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدىم.

— سىز بىلەن باغلانغانلىقىمغا خۇرسەنمەن، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مەنمۇ شۇنداق.